# NEW JADE LITERATURE



# يېڭى قاشتېشى

ISSN 1002-9206

1999·2



قسمەت

يېڭى قاشتېشى 1999 - يىل 2 - سان

قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال ئومۇمىي 106 - سان

# بۇ ساندا

## ھېكايىلار

ئەركىنلىككە تەشنا ئايال ...... ئابلىكىم ئابلىمىت 1
ئىقاپلانغان سۆيگۈ ...... ئا. ناسىر يۇنۇس (باۋايى) 8
ئاخىرقى پەللە ...... ماخمۇت سىدىق 15
ئۆزگىرىش ...... نۇرمۇھەممەت ئىمىن 19
يۇلغۇن چېچىكى ...... تۇرسۇنئابدۇللا بەگيار 36
ئاق كېپىنەك ...... مۇھەممەت چاۋار 49
تۇنجۇققان سەھرا ...... تۇرسۇن خوجىئابدۇللا 79

## شېئىرلار

شېئىرلار ...... ئەنۋەر ھىدايەت 27
سۆيگۈ سامىلى ...... مەتتۇرسۇن ھەسەن 28
ئۆلۈپ كەتكەن بىر قىزغا ...... مۇتەللىپ ماگسۇر 29
شېئىرلار ...... مەمتىمىن قۇربان 30
شېئىرلار ...... ئەخمەتجان تۇرۇپ 31
شېئىرلار ...... ئابدۇقادىر مەتسىدىق 32
ھەسەتخور ...... ئەركىن داۋۇت 34
تۇماق قىزىم ...... ئىپتىخار 34
قايسى يىگىت ئۇ سەن ئىزدىگەن ...... مۇھەممەتئابدۇللا ئېزىز 35
سەھرا ...... ھۈسەيىن ئەسئەت 35
ئەجەب تۇيغۇلار ...... ئابدۇلئەھەد قادىرى 56
سالام موما ...... (لىرىك داستان) ...... مۇھەممەتروزى ئابدۇقادىر 58
دېھقان ئەجرىدىن كۆكلىگەن زېمىن ...... ئازادجان روزى 60
ئىككى شېئىر ...... ئابدۇلئەھەد ھەسەن بارچۇقى 61
ئىككى شېئىر ...... ئۆمەرجان ئىسمايىل 63
ئەخمەقنىڭ پەريادى ...... ئابدۇغېنى سېيىت 65
ئىككى شېئىر ...... جاسارەت جاپپار 66
ئىككى شېئىر ...... مۇتەللىپ ناسىر 67
ئىككى شېئىر ...... تۇرسۇنگۈل نىياز 78
سەھرا كۈيى ...... ئايگۈل ئانايەت 78
ئىككى شېئىر ...... ئابدۇغېلىل ئابدۇخېۋىر 88
ئىككى شېئىر ...... ئابدۇراخمان ساۋۇت 89

## مەرسىيەلەر

مەرھۇم جاپپار ئەمەتكە تەزىيە بىلدۈرىمىز ...... 68
ئەلۋىدا، جاپپار ئەمەت ئاكا ...... نۇرمۇھەممەت توختى 71
مەرھۇم شائىرغا ...... ئىمىن تۇرسۇن 76
شائىرغا مەرسىيە ...... ماخمۇد زەيدى 76
جاپپار ئەمەتكە مەرسىيە ...... تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن 76
ياشايدۇ ئەل بىلەن شائىر ئەبەدىي ...... مەمتىمىن بارى 77
شائىر يېشى دۇردانە ...... ئابدۇقادىر جالالىدىن 77

## نەسىرلەر

گويمىنىش ........ ئامىنە ئابدۇغېنى 24
سېنتەبىر خاتىرىسى ........ ئايگۈل روزى 25

## چەتئەل ئەدەبىياتىدىن

ياز ماۋسۇمىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر تال ئەتىرگۈل ........ شىن خۇلاڭ 85
تەرجىمە قىلغۇچى: ئەسقەرجان ئەزىزى

## كىلاسسىك ئەدەبىياتتىن

ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر ........ 90
ھېكىم لوقماننىڭ پەرزەنتلىرىگە قىلغان نەسىھەتلىرى ........ 92
توپلىغۇچى: نىزامىدىن توختى

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

خەلق قوشاقلىرى ........ توپلىغۇچى: چىنارخان 94

**مۇقاۋا 1 - بەتتە: ئۈستەڭ بويىدا، 4 - بەتتە: جىلغا — يۇسۇپجان سىزغان.**

## تەھرىر ھەيئەتلەر

**ئابدۇۋاقى توختى، ئابدۇكېرىم تۇرسۇنتوختى، ئابدۇللا مەمتىمىن، ئابدۇللا سۇلايمان، مۇھەممەت چاۋار، مەتقاسىم ئابدۇراخمان، روزى سايىت**

باش مۇھەررىر: مۇھەممەت چاۋار
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: مەتقاسىم ئابدۇراخمان
مەسئۇل كوررېكتور: دىلنۇر ئابلىز
قىستۇرما سۈرەتلەرنى ئەنۋەر جۇمە سىزغان

# 新玉文艺 يېڭى قاشتېشى
# NEW JADE LITERATURE

一九九九年(双月刊)
编辑:《新玉文艺》编辑部
出版:和田行署文化处
和田报社印刷厂印
发行:和田地区邮电局
订阅:全国各地邮电局
印张:787×1092.1/16,6.125 张
国内外統一刊号:
ISSN1002—929XCN65—1088/1
代号:58—26

1999 - يىل (قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال)
تۈزگۈچى: «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
نەشر قىلغۇچى: خوتەن مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسى
«خوتەن گېزىتى» مەتبەئەسىدە بېسىلدى
خوتەن ۋىلايەتلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى تارقىتىدۇ
مەملىكەت بويىچە ھەر قايسى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
فورماتى: 1092×787مم، 1/16، 6.125 تاۋاق
مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى:
ISSN 1002 — 929 XCN65 — 1088/1
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 26 — 58

定价:2.00 元,电话: 2023792 باھاسى: 2.00 يۈەن، تېلېفون نومۇرى:

ئابلىكىم ئابلىمىت

# ئەركىنلىككە تەشنا ئايال

(ھېكايە)



1

بولاتنىڭ ئۆرۈمچىگە كېتىشى مەريەمنى سارائىدەك ئوڭ - سولنى بىلەلمەيدىغان قىلىپ قويدى. بۇ ئۆيدە ئەزەلدىن كۆلكە بولمىغاندەك تەكرار زېرىكىش، مەنىسىزلىك تەنلەرنى قۇرتتەك ئاستا - ئاستا قىرقىماقتا ئىدى. ماشىنا ھادىسىسىدە ئۆلۈپ كەتكەن ئوقۇغۇچىسىنىڭ سەبىي چىرايى ئېسىگە كەلسىلا، مەريەم تېخىمۇ روھسىزلىناتتى. «يا تۇغۇلمىسا، تۇغۇلغانىكەن ئۆلمىسە ...» دەپ ئويلايتتى ئۇ. ئۇنىڭغا كۈنلەرنىڭ بۇنداق تەكرار - تەكرار زېرىكىشلىكى ئۆلۈمنى گۈزەلدەك كۆرسىتەتتى. بىراق، قارائىغۇ گۆر، ئۈستىگە تاشلىنىدىغان توپىلارنى ئويلىسىلا تېنى شۈركىنىپ، پۇت - قولىدا جان قالمايتتى. ئۇ مۇدھىش، قورقۇنچلۇق گۆرنى كۆرمەي ئۇدۇللا جەننەتكە كېتىشنى خىيال قىلاتتى. «بۇ دۇنيامۇ، ئۇ دۇنيامۇ، دوزاخمۇ، جەننەتمۇ بەربىر، — دەپ ئويلايتتى. يەنە، — ئىنسان ھامان كۆنۈپ قالىدۇ، مەنىسىزلىك كۆڭگەندىن كېيىن باشلىنىدۇ» ھەر بىر كۈن يېڭىچە ئاتالغىنى بىلەن شەكىل ئۆزگىرىشى يوق، كۈن شەرقتىن چىقىپ، غەربكە پاتىدۇ. بەزىدە ئۇ قەدىمىي جەڭ ئاتلىرىنىڭ كىشنىشىنى ئاڭلىغاندەك بولۇپ، ۋۇجۇدى لەرزىگە كېلىپ، شېرىن سېزىمدىن بىھۇشلانسا، بەزىدە كەلگۈسى ئاي شارىدىكى تۇرمۇشنى خىيال قىلىپ، گۈزەل چۈشلەرنى كۆرەتتى. بىر كۈنى ئۇ «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» دىن ئاي شارىدىكى يەرلەرنى بىر ئىستراتېگىيىلىك سودىگەرنىڭ سېتىش ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋالغانلىق خەۋىرىنى كۆرۈپ ئۈمىدسىزلەندى: «بىز ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيمۇ بىزنىڭ ئەمەس، ئاي

شارىدىمۇ بىزگە جاي بولمىسا، بىچارە بالام پولات نەدە ياشايدۇ ...» مەريەم ئۆزىنىڭ بۇ خىياللىرىدىن ھېچ نېرى بولالمىدى.

جەڭ ئاتلىرى ئۆلدى، ئاي شارىنىڭ يەر شارىدىن پەرقى قالماپتۇ. مەنىسىزلىك بۇ ئۆينىلا ئەمەس، پۈتكۈل كائىناتنى ئىسكەنجىگە ئالغان. زېرىكىشلىك بۈگۈن، زېرىكىشلىك ئەتە ... تۇرمۇشقا قانداقتۇر بىر سېھرى گۈزەللىكنىڭ خىرە سايىسى چۈشىدۇ، ئۇيقۇ سىرتىدا جىلۋە قىلىدۇ، ئۇ گويا ئالتۇندەك. ئۇخلاش، تاماق يېيىش، بور تۇزانلىرى، بىنا، تاكسى، ماگىزىن ... «يولنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتسىڭىز جەرىمانە تۆلەيسىز» ... ئەر، يوتقان، بالا ... بۇ بىر تالاي نەرسىلەر يىراقتا پەرىشتىدەك جەزبىدار، سىز ئېرىشكەن كۈنى زەھەردەك ئاچچىق، مومىدەك تۇزسىز.

سىرتتا سوغۇق ھەددىدىن ئاشتى، ئۆيدىكى ئىسسىقتا جان سىقىلىدۇ.

— بۇنىڭدىن كېيىن دېرىزىنى ئاچمايلى، ئاۋۇ تۇرخۇندىن چىققان ئىس ئۆينى بۇلغايدۇ، سالامەتلىككە زىيانلىق.

قايسى بىر كۈنى ئېرى شۇنداق دېگەندەك قىلدى. مەريەم ئۈستەل چىرىغى يېنىدا دۈم يېتىپ كىتاب كۆرۈۋاتقان ئېرى توغرىلىق ئويلاندى. ئېرى سەل مۈكچەيگەندەك ئىدى. تونجى ئۇچراشقان چاغدىكىدىن كۆپ ئۆزگىرىپتۇ؛ يۇمران بۇرۇت ۋە قوندۇزدەك چاچ بوزىرىپ، سىلىق تېرە قورۇقلارغا ئورۇن بېرىپتۇ. پولاتنىڭ چوڭچوڭ ئادەم بولۇپ قالغىنىنى كۆرمىگەندە، ھاياتنىڭ ئاخىرقى مەنزىلگە يېقىنلاشقىنىنى سېزەلمەيدىكەن. خىزمەت ھەر ئىككىسىنى ئەزدى. ئۆزى بولسا ۋايىغا يەتكەن قىزدەك قېلىۋەردى. قورساق دەردى بىر ئۆمۈر ئېشەكتەك سوكۇلداتتى ...

توي خېلى ھەشەمەتلىك، كۆڭۈللۈك بولغان. كۆزلەردىن چاچرىغان ئۇچقۇن بەدەننى كۆل قىلاتتى. ئاي ئۆتتى، يىل ئۆتتى، تۇرمۇش بىر خىل قېلىپقا چۈشۈۋالدى. ياشلىق ئەتىنى قوغلاش بىلەن ئىس - تۈتەكتەك غايىپ بولدى. ئۇچقۇن ئۆچۈپ، تەنلەر سوۋۇدى.

— مەريەم، ... ھوي مەريەم!

خىيال يىپى ئۈزۈلدى. مەريەم ئېغىرلاشقان گەۋدىسىنى كۆتۈرمەيلا: —«ھە!» — دېدى خۇشياقمىغان ھالدا. ئېرى خۇشالدەك كۆرۈنەتتى.

— دەرس تەييارلىقىڭنى يېزىپ بولغانمىدىڭ؟

— «دەرس!»، — مەريەمنىڭ بېشىدىن تۈتۈن چىقتى. — «يەنە شۇ دەرس، خىزمەتنىڭ گېپى»، — دەپ غودۇڭشىدى ئۇ.

— مەن يېزىۋېتەيمۇ؟

— ئەتە مەكتەپكە بېرىپ يازىمەن.

— مەن يېزىۋېتەي.

— ئەجەب كۆيۈمچان بولۇپ قاپسىزغۇ بۈگۈن، — مەريەم ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرىدى، — مەن بىلەن نېمە كارىڭىز؟ خىزمەتتىن زېرىكىپ ئۆلەي دېدىم، نېمە ئۈچۈن خىزمەت دەپلا كۈنىمىز ئۆتىدۇ بىزنىڭ.

ئېرى قوزۇقتەك قېتىپ قالدى. كۆزلىرىدىن ھەيرانلىق، تېڭىرقاش چىقىپ تۇراتتى.

— نېمە بولدۇڭ؟

— ...

— نېمە بولدۇڭ دەيمەن؟

— ...

مەريەم نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمىدى. ۋارقىراشنىڭ تىلغا ئالغۇدەك سەۋەبى يوق ئىدى.

— مەكتەپكە بار دېسەم ئۆزۈڭ خالىمىدىڭ، — دېدى ئېرى، — كۆڭلۈڭ ئېچىلىپ قالاتتى.

— مەن ئاشۇ يوغان قورساقلارنىڭ ئويۇنچۇقى

بولامدىم، باھالاشتىن ئۆتمىسە نېمە كارىم، مەندىن ئالسا پۇل ئالىدۇ شۇ ... كۆڭلۈمنىڭ ئېچىلىپ قالاتتى دەيسىز؟ ئۆزىڭىزگە ئوبدان بولسا بۇنىڭدىن كېيىن باراي، ئاشۇ جۇيجاڭلار بىلەن تانسا ئويناي، خىزمەت دېگەن مۇشۇنداق بولىدۇ، شۇنداقمۇ؟ ...

ئېرى نېمە دېيىشنى بىلەلمەي، ئاستا كىتابقا مۈكچەيدى. سائەت بىر خىل رېتىمدا چىكىلداپ، ھاياتنىڭ خوراۋاتقانلىقىدىن بىشارەت بېرەتتى. بىر خىل تىت - تىتلىق مەريەمنى زادىلا ئارام تاپقۇزمىدى. تويىدىن ئىلگىرىكى تۇرمۇشنى ئويلاپ، ئۇھ تارتتى. ئۇ چاغلار نېمە دېگەن ئەركىن - ھە، بىر خىل ئىنتىلىش، ئۈمىد، ئۇلۇغۋار پىلان بولغانىكەن، دۇنيا، ھايات باشقىچە گۈزەل ئىدى. مەسئۇلىيەت، بېسىم، قائىدە - تۈزۈم دېگەنلەر كۆچىنى كۆرسىتەلمەيتتى. باشقۇرىدىغانلار يوق ... بىراق ھازىرمۇ شۇنداق، سالىھ كۆڭلىنى زادىلا رەنجىتمەيدۇ، ھېچ نەرسىدىن قىسمايدۇ، ئۆيىنىڭ ئىچىرچىلىقىنى ئۆزى كۆتۈرىدۇ ... پولات! پولات قاچان كېلەر، ئوقۇشقا بارماي يېنىمدا تۇرغان بولسا، كۆڭلۈم شادلىقتا ئۆتەتتىمىكىن ... نېمە دېگەن زېرىكىشلىك كۈنلەر بۇ.

— پولات ئەتىلىككە قاچان كېلىدۇ؟ — دەپ سورىدى مەريەم سالىھتىن.

— سەن تېلېفوندا كۆرۈشۈپتىكەنسەنغۇ، بىر ئايدىن كېيىن بارىمەن دەپتىكەن.

— شۇنداقمۇ، ئۇنى بەكلا كۆرگۈم كەلدى.

— مېنىڭمۇ شۇ، — دېدى سالىھ خورسىنىپ، — چاي ئىچەمسەن؟

— ياق.

مەريەم چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ سىرتقا ماڭدى.

— نەگە بارىسەن، — دېدى سالىھ.

— ئىچىم سىقىلىپ كەتتى.

— سىرتقا چىقىما، بەك سوغۇق، زۇكام بولۇپ قالىسەن.

مەريەمنىڭ قاپىقى تۈرۈلدى.

— مەنمۇ ئۆز ئىختىيارىمچە ھەرىكەت قىلاي، ئارتۇقچە كۆڭۈل بۆلمەڭ، خۇيمۇ زېرىكتىم سىزنىڭ كۆيۈنۈش تۈسى ئالغان سوراقلىرىڭىزدىن ... ئەركىنلىك نېمە دېگەن ياخشى، باشقا ئاياللار ھەر كۈنى كەچ كەلسىمۇ ئېرى ھېچنېمە دېمەيدىكەن. ماڭا ئۇنداق شارائىت نەدە! سىرتقا چىقساممۇ ئارىلىشىۋالسىز، ئائىلىنىڭ بۇنداق ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسام ...

ئۇ ئىشىكنى «جاققىدە» يېپىپ - دە، چىقىپ كەتتى.

2

مەريەم ئۆزىنى خېلىلا يېنىكلەپ قالغاندەك سېزىۋاتاتتى. شۇ كۈندىن بىرى ئېرى زادىلا ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشمىدى. قاچان كەتتى، قاچان كەلدى، نېمە ئىش قىلدى، نەگە باردى سوراپمۇ قويمىدى. ھەتتا بىر ئېغىز گەپلىشىپ باقمىدى.

ئېرى بەكلا جىمغۇرلىشىپ كەتتى، چىرايىدىن ئاچچىق ئازاب چىقىپ تۇراتتى. مەريەمنىڭ بۇنىڭغا ئىچى ئېچىشقاندەك بولسىمۇ، بىراق ئۆزىنىڭ ئەركىنلىككە ئېرىشكىنىدىن قەۋەتلا خوشال ئىدى.

دۇنيا كېڭىيىپ، كوچىلار ئازادىلىشىپ قالغاندەك ئىدى. يەتتە كۈن بىكار ئۆتمىدى؛ قىلىشنى ئويلىغان ئەمما، خىزمەت، ئۆي خاپىلىقىدا ۋاقىت چىقىرالمىغان ئىشلىرىنى بىر قۇر قىلىۋالدى. كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن بولغان ساۋاقداشلىرىنى يوقلاپ باردى، شەھەرنىڭ قايناق بازارلىرىنى ئارىلىدى، خىزمەتداشلىرى بىلەن رېستوراندا تاماق يېدى، چېچىنى ياسىتىۋالدى. چۈنكى بۇ كۈنلەردە مەكتەپتىن تارقاشقىلا، ئۇنى ساقلاپ تۇرىدىغان سالىھنىڭ قارىسى كۆرۈنمىدى،

مەريەمنۇ ئۆيگە كېتىشكە ئالدىرىمىدى.

— سالىھ سېنى ئالغىلى كەلمەيدىغان بولۇپ قالدىغۇ، — دېدى بىر ئىشخانىدا خىزمەت قىلىدىغان ساۋاقدىشى ھۆرىيەت.



— كاماندىروپكىغا كەتكەن، — دېدى مەريەم يالغان سۆزلىگىنىدىن ۋىللىدە قىزىرىپ.

— پولاتمۇ يوق يالغۇزكەنسەن، بىزنىڭ ئۆيدە تاماق ئەتمەيلىمۇ؟

— شۇنداق قىلايلى.

ئۇ ياش قىزلاردەك ئەركىن ـ ئازادە، غەمسىز يۈرۈشنى ئارزۇ قىلىشۋاتقىلى قاي زامان، تويدىن بېرى ھازىرقىدەك ئۆزىگە ئۆزى خوجايىن بولۇپ، ماڭغۇسى كەلسە مېڭىپ، توختىغۇسى كەلسە توختاپ، خالىسا خىيال سۈرۈپ، خالىسا ئۆزى ياقتۇرغان ئاھاڭغا غىڭشىپ يۈرگەن كۈنلىرى بولمىغانىدى. مەكتەپتىن ئۆيگە، ئۆيدىن مەكتەپكە قاتراش، قازان ـ قومۇچ، تېلېۋىزور، يوتقان ... كۈنلەر شۇنداق قايتىلىنىپ ئۆتۈۋەردى ... پولاتنى دېمىسە ياشاشنىڭ ھېچبىر ئەھمىيىتى يوق، پولاتتىن كېلىدىغان خەت بىلەن تېلېفونلار تۇرمۇشنى روھلاندۇرىدۇ. بارلىق ئۈمىد، ئارزۇ — ئەتىل. ئەتىل كەلسىلا ئۇ بۇ دۇنيانىڭ جەننىتىنى كۆرەلەيدىغاندەك ھېس قىلاتتى.

ئاشۇ كۈنى ئېرىگە بېكارغىلا ۋارقىراپ، سىرتقا چىقىپ كوچا چىرىغىنىڭ ئاستىدا قار كېچىپ ئويناۋاتقان باللارغا بىر ھازا قاراپ تۇردى ـ دە، توڭلاپ كېتىپ ئۆيگە يېنىپ كىردى. ئېرى دېرىزىدىن يۇلتۇز كۆچۈپ چۈشكەندەك كۆرۈنىدىغان شەھەرگە قاراپ تۇراتتى. مەريەم بۇ تۆتىنچى قەۋەتتىن قارىسا شەھەرنىڭ ئاجايىپ گۈزەل كۆرۈنىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئېرى ئۈندىمىدى، بۇ ئۇنىڭ ئەقلىنى تاپقانلىقى ئىدى. ئەگەر بىر ئېغىز گەپ قىلسا مەريەم چېچىلىشقا تەييار تۇراتتى.

ئەتىگەندە ئېرى گەپ قىلغان بولسا مەيلىدى، ئەمما تىلى تۇتۇلۇپ قالغاندەك زۇۋان سۈرمىدى. مەريەم بىر خىل شادلىقتا تاماق پىشۇردى. ھەممە نەرسىنى ئۆز قولى بىلەن قىلدى. ئېرى كۈندىكىدەك «سەينى مەن توغراي، سەن تەبارلىقىڭنى قىل» دەپ قازان بېشىنى ئىگىلىۋالمىدى. «ئەركىنلىك شۇنداق بولىدۇ، — دەپ ئويلىدى مەريەم، — قازان ماڭلا قاراشلىق، نېمە قىلغۇم كەلسە شۇنى قىلىمەن».

مەريەم ئىككى تەخسە قورۇمنا بىلەن ھور قاتلىمىسىنى كۆتۈرۈپ چىققاندا ئېرى كۆرۈنمەيتتى. «بەزىدە شۇنداق بولغانمۇ ياخشى،

زورلايدىغان ئادەم يوق، قانچىلىق يېگۈم كەلسە شۇنچىلىك يەيمەن»، ئەمما گېلىدىن زادىلا تاماق ئۆتمىدى.

سالىھ جىمغۇرلىشىپ كەتتى. ساقاللىرى ئۆسۈپ خېلىلا قېرىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى.

مەريەم بۈگۈن خېلى يېقىندىن ئۆتىدىغان يۇرتلۇقىنى يوقلاشقا كېتىۋاتاتتى. ئىزدىگىنىنى كوچىدىلا ئۇچراپ قالدى. ئۇنىڭ هالى پەرىشان، كۆزىدىن مىسكىنلىك چىقىپ تۇراتتى. مەريەم پەرىزاتتەك ياسىنىپ يۈرىدىغان يۇرتلۇقىنىڭ بىسەرەمجان تۇرقىدىن ھەيران قالدى.

— بىرەر ئىش بولدىما، پەرىدە؟ — دېدى مەريەم. پەرىدە يىغلىۋېتىدىغاندەك بۇرۇن تۆشۈكى كېڭىيىپ، چېھرى ئازابلىق تۈس ئالدى:

— سەن ئاڭلىمىدىڭما، — دېدى پەرىدە قىزارغان كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ، — كۆرگۈلۈكىمىز ئالدىمىزدا ئوخشايدۇ، ئىلىيارمۇ، مەنمۇ ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلدۇق، زاۋۇت ئازغىنە پۇل تۇتقۇزۇپلا يولغا سالدى.

مەريەمنىڭ يۈرىكى تىترەپ، ئىچى ئېچىشتى. ئىسلاھاتنىڭ، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇش تەدبىرىنىڭ پەرىدەگە كېلىشىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى.

— كەچۈرگىن، خىزمەت، ئۆي ھەلەكچىلىكىدە يۈرۈپ ئاڭلىماي قاپتىمەن، — دېدى مەريەم كۆيۈنۈپ، — سەن ئۆزەڭنى تاشلىۋەتمە، جاھان تېخى ئۇزۇن، ياخشى كۈنلەر كېلىدۇ... راستىنلا چاتاق بوپتۇ.

— بۇ ئىش تۇيۇقسىز بولغاچ، تۇماندا قالغاندەك تەمتىرەپ قالدۇق... مەنغۇ بىر ئامال قىلىپ چىدىدىم. بىراق، ئىلىيار دەردىنى هاراقتىن ئېلىۋاتىدۇ، ئەتىگەندە چىقىپ كەتسە، يېرىم كېچىدە كېلىدۇ. كېچىدە قالسا توڭلاپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەپ ئىزدەپ چىقىشىم .. ئۆيىمىزنىڭمۇ ئىسسىقى قالمىدى، باللىرىنىڭمۇ هالى خاراب...

— سەن بەل قويۇۋەتمە، ئىشلار ئوڭشىلىپ قالار.

— ساڭا مەسلىكىم كېلىدۇ، — دېدى پەرىدە كۆز يېشى قىلىپ، — مائارىپ ساھەسىدە ئىش ئورنىدىن قالدۇرمايدىكەن، سالىھ تەرجىمان بولغاندىكىن بىز كۆرگەن كۈنلەرنى كۆرمەسسىلە. ئارزۇ - ئارمان، شېرىن چۈش يوقالدى...

— كۆڭلۈڭنى بۇزما، يۈر، ئىلىيارنى بىرلىكتە ئىزدەيلى!

— ياق - ياق، كەچ بوپ كەتتى، سالىھ سەندىن ئەنسىرەپ قالىدۇ. ئۆزۈم ئىزدەي، ماقۇل دېگىن، ئۆزەم ئىزدەي...

مەريەم پەرىدەنىڭ ئۇنىمايدىغانلىقىنى جەزىملەشتۈردى - دە، ئارتۇقچە گەپ قىلمىدى.

— دەم ئېلىش كۈنى بىزنىڭكىگە بار، پاراڭلىشىمىز، — دېدى مەريەم.

— ماقۇل، چوقۇم بارىمەن، خوش ئەمىسە!

— خوش!...

پەرىدە قار ئۇچقۇنلىرى ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى، ئۇنىڭ مېڭىشلىرىمۇ قولاشمايتتى. مەريەم ئېغىر خۇرسىندى. ئۇچقۇنداۋاتقان قار كوچا چىرىغى، ماشىنا چىرىغىنىڭ كۈچلۈك نۇرىدا گويا ئۇچۇۋاتقان كېپىنەكتەك كۆرۈنەتتى. سائەت سەككىزدىن ئاشقان، مەريەم بەئەينى قار ئادەمگە ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ ئۆزىنى قارلىق كېچىدە ئايلىنىپ يۈرگۈسى باردەك ھېس قىلاتتى. ئۆيگە قايتىشنى ئويلىسىلا تېنى قورۇلاتتى.

كوچىدا ئادەملەر شالاڭلاشقا باشلىغاندا، مەريەم ئۆيگە قايتىشقا مەجبۇر بولدى. يول بويى پەرىدەنى، پەرىدەنىڭ مىسكىن هالىنى ئويلاپ يۈرىكى ۋەھىمىلىك تىپىرلىدى. «ئەجەبا،

خىزمەت شۇنچە مۇھىم نەرسىمىدۇ؟! مەن خىزمەتتىن زېرىكسەم، پەردە خىزمەتتىن ئايرىلغانغا ھەسرەت چەكسە، ھەممە كويغا سالغىنى پۇل، پۇلى جىق كىشىلەر چوقۇم ھاياتنىڭ مەنىسىنى تاپالايدۇ. ئەمما، بىز ھەممىمىز قۇرۇق قول». قارىغا ئەگىشىپ شىۋىرغاننىڭ بىشارىتى كەلدى. مەريەم قەدىمىنى تېزلەتتى.

ئۆيدىكى ئىسسىقلىقتىن، مەريەمنىڭ پۇت - قوللىرى يايراپ كەتتى. سالىھ كۈندىكىدەك دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ ئۈن - تىنسىز تۇراتتى. ئىشىكتىن مەريەم كىردىمۇ ياكى باشقا بىرسى كىردىمۇ پەرۋايى پەلەك، كېينىگە ئۆرۈلۈپ قاراپمۇ قويمىدى.

سائەتنىڭ چىكىلدىشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۆيدە گۆرىستان جىمجىتلىقى ھۆكۈم سۈرەتتى. مەريەم نېمىشقىدۇر ئۈنلۈكرەك تىنىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ھۆرلۈك ئاتا قىلغان شادلىقتىن ئەسەر يوق. بەدىنى بوشىشىپ، ئۆزىنى شىۋىرغاندا قالغان ياپراقتەك بىچارە، كۈزدە تۆكۈلگەن غازاڭدەك قەدىرسىز ھېس قىلدى.

ئۇنىڭ ئېرى بىلەن گەپلەشمىگىنىگە توپتوغرا يەتتە كۈن بولغانىدى. «شۇنچە كەچ كەلسىمۇ، نېمە ئىش قىلدىڭ دېگىلى ئادەم بولمىسا، تىرىكلىكنىڭ قانداقمۇ نىشانىسى بولسۇن!» ئۇنى چۈشىنىكسىز ۋەھىمە چىرمىۋالدى.

3

مەريەم ئۆزى ئارزۇ قىلغان ئەركىنلىكنىڭ ئازابلىق ئەمەلىيىتىگە بەرداشلىق بېرەلمىدى. ھەممە ئىش بىر - بىرلەپ ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنلۈك خىزمەت جەريانىدىكى ئانچە - مۇنچە كۈلكە، كوللېكتىپ چۈشلۈك تاماق، تونۇش - بىلىشلارنىڭ ئۆيى، ماگىزىن ئارىلاش، خىيال، تەسەۋۋۇر ... ھەممىسى سېھرى كۈچىنى يوقاتتى. مەريەمگە قالغىنى يىگانىلىق، غېرىب - مىسكىنلىك. ئادەملەر شۇنچە خۇشال، نېمە ئۈچۈن؟! ئەجەبا ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى گۈزەل، رومانتىك، باي مەنىلەر بىلەن بېزەلگەنمىدۇ ياكى مېنىڭ بىلەن ئوخشاشمۇ؟ خىزمەتداشلار كېتىدۇ، دوستلار كېتىدۇ، باللار كېتىدۇ، ئۆيىگە كېتىدۇ، مەريەم قالىدۇ. كوچا چىرىغى بىپەرۋا، يۇلتۇزلار بىپەرۋا، پۈتۈن شەھەر بىپەرۋا، بىر پۇقرانىڭ تەنھالىقى ئۇلار ئۈچۈن ھېچنېمە، خالاس. بىر ئادەم ئالەمنىڭ مەركىزى ئەمەس، ئۇ ئۆزىگىلا تەئەللۇق. ئۆزىدىن باشقا ھېچنەرسە ئۇنىڭ ئۈچۈن ياش تۆكمەيدۇ، كۈلمەيدۇ. قارىمامسىز، سانسىزلىغان ئادەملەرنىڭ ئۆز خىيالى بار. شۇ تاپتا سىزنى بىرسى بوغۇۋاتسا، سىز ۋارقىرسىڭىز، ئاشۇ سانسىز كىشىلەر كۆزى تۇرۇپ كۆرمەيدۇ، قۇلىقى تۇرۇپ ئاڭلىمايدۇ. ئازابلىق ئىلتىجا ئىچىدە ئىڭراپ قالغىنىڭىز قالغان ... پەردەنىڭ ھالىغا كىم يەتتى، مېنىڭ ھالىمغىچۇ؟

مەريەم سالىھنىڭ مۇنداق قاتتىق، جاھىل مىجەزى بارلىقىنى ئويلىمىغانىدى. مۇشۇ بويىچە تۇرمۇش كەچۈرۈۋەرسە، بىر كۈنى مەريەم ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالسىمۇ سالىھنىڭ كارى بولمايدىغاندەك تۇراتتى. سالىھ دېرىزە تۈۋىدە تۇرۇپ ھارمىدى، ئېزىپ - تېزىپ مەريەمگە بىر ئېغىز گەپ قىلمىدى.

مەريەم سالىھنىڭ مېھرى - مۇھەببىتىدىن مەھرۇم قالغاندىن كېيىنكى «ئەركىنلىك» ئازابىغا بەرداشلىق بېرەلمىدى. «كۆڭگەن يامانمۇ، كۆيگەنمۇ؟» دەپ، 22 يىل ئاز گەپمۇ؟ 22 يىل بىرگە ياشاپ، بىر قازاندىن تاماق يەپ، بىر ياستۇقتا تەڭ يېتىپ، بىر پىيالە چاينى تالىشىپ ئىچىپ، ئەمدىلىكتە ناتونۇش كىشىلەردەك يۈرۈش بەسى مۇشكۈلكەن. مەريەم گۇناھىنى يۇيۇپ، سالىھنى ئېغىز ئاچقۇزۇش ئۈچۈن خېلى كۈچىدى.

ئىككى - ئۈچ كۈندىن بېرى ئۆيگە بۇرۇن كېلىپ تاماق ئەتتى، سالىھەنىڭ كىيىملىرىنى يۇيۇپ دەزماللىدى. «ئۇ نەرسە نەدە، بۇ نەرسىنى نەدە قويىمەن؟» دەپ گەپ تېشىپمۇ باقتى. سالىھە تېگىشلىك جاۋابىنى بەرگەندىن باشقا ئارتۇق سۆزلىمىدى. ھەتتا مەريەم دەرس تەييارلىق قىلىشۋاتسىمۇ ئۈندىمىدى.

ئىچى سىقىلىپ كەتكەن مەريەم تۈنۈگۈن تاماقتىن كېيىنلا «بېشىم ئاغرىپ كەتتى، ۋاي بېشىم، ۋايجان ...» دەپ ئەتەي يېتىۋالدى. پات - پاتلا دېرىزە تۈۋىدىكى سالىھقا ئوغرىلىقچە قاراپ قويدى. سالىھ قىمىرلىمىغاندى، تېخىمۇ قاتتىق ۋارقىرىدى.

— ماۋۇ دورىنى ئىچە، ساقىيىسەن! — دېدى سالىھ تۇزلا.

بۇ ھىيلە ئىشقا ئاشمىغاندىن كېيىن، مەريەم يوتقانغا بېشىنى تىقىپ يىغلىۋەتتى.

بىراق، سالىھەنىڭ كارى بولمىدى.

«ئۆيىنىڭ ئىچىمۇ، سىرتىمۇ ئوخشاش، — دەپ پىچىرلىدى مەريەم يولدا كېتىۋېتىپ، — كىرسەڭ بالاغا قالىسەن، كىرمىسەڭ تالادا قالىسەن». مەريەمنىڭ قەدەملىرى ئېغىر، ھالسىز ئىدى. يول ئۈزۈراپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى دېرىزە ئالدىدا چوڭقۇر خىيالغا پاتقان سالىھ كۆز ئالدىغا كەلسىلا يۈرىكى ئېچىشىپ، كۆزىدە ياش لىغىرلايتتى. ئۆزىنىڭ ساراڭدەك خىيالى ئۈچۈن سالىھقا ئازار بەرگىنىگە پۇشايمان قىلاتتى. ئەركىنلىك، قېنى ئۇ ئەركىنلىك، قۇرۇپ كەتسۇن! ئېرىشەلمىگەن نەرسە - ئەڭ گۈزەل، ئەركىنلىكمۇ شۇنداق، شېرىن چۈشلا مەڭگۈلۈك گۈزەللىك. ئەڭ ئېغىر بىمەنىلىك — سەن بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولماسلىقى، ئىگە - چاقىسىزلىق ...

— مەريەم، تېز بول! ...

مەريەم تۇيۇقسىز ئاۋازدىن چۆچۈپ كەتتى. كۆز ئالدىدا ۋېلسىپىت يېتىلىۋالغان سالىھ تۇراتتى.

سالىھەنىڭ كۆزلىرىدىن خۇشاللىق ئۇچقۇنلىرى تۆكۈلەتتى؛ چىرايىنى كۈلكە قاپلىغان، نەچچە كۈندىن بۇيانقى غەمكىنلىكتىن ئەسەر يوق ئىدى.

— خۇشخەۋەر، پولات كەلدى! ...

— «پولات!»، — مەريەم مەڭدەپلا قالدى، — قاچان؟ — دېدى ئۇ ئېسىگە كېلىپ.

— بىر سائەت بولدى، ... ئۇ ئانام، ئانام دەپ، ... — ۋېلسىپىتكە مىندى ...

مەريەم ياش قىزلاردەك «لىككىدە» ۋېلسىپىتكە مىنىۋالدى.

— تېلېفون بەرمىگەنتىڭغۇ، ئۇ ...

— مەكتەپتە يېقىلغۇ يېتىشمەي، بىر ھەپتە بۇرۇن قويۇۋېتىپتۇ. بىزنى ھەيران قالدۇرىمەن دەپ تېلېفون بەرمىگەنىكەن.

— بىچارە بالام قانداقراق تۇرۇپتۇ؟

— چوپچوڭ يىگىت بولۇپ كېتىپتۇ، مەنمۇ تونۇيالمىغىلى تاس قالدىم ... ھا ... ھا ...

— ۋېلسىپىتنى تېز ھەيدەڭ!

— ... بەكلا سېغىنغانمىدىڭ؟

— ھەئە ... سىزچۇ؟

— بالىنىڭ ئانىسىنى ...

— ئەسكى! قېرىغاندا ...

ۋېلسىپىت ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى.

تەھرىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان



ئا. ناسىر يۇنۇس (ياۋايى)

# نىقاپلانغان سۆيگۈ

(ھېكايە)

— ئۇلۇغ ئاللاھ نامىدىن قەسەم قىلىمەن: مېنىڭ بۇ دۇنيادىكى بارلىق كۈلكەم، خوشلۇقىم، روھىي - جىسمىم پەقەت ۋە پەقەت بىرلا ئىنسانغا بېغىشلانغان. ئۇنى مەن يۈرىكىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر، ئەڭ پاك، ئەڭ پىنھان قاتلىمىدىن مەڭگۈ، مەڭگۈ سۆيىمەن. مەيلى ئۇ ئىنسان مېنىڭ ئاشۇ ئوتلۇق، سىرلىق، مۇقەددەس سۆيگۈمنى بىر ئۆمۈر زەررىچە بىلمەي قالسىمۇ پۈتكۈل بارلىقىم يەنىلا شۇ ئىنسانغا تەئەللۇق! ئۇنى بىر ئۆمۈر خىيالىمدا سۆيۈپ ئۆتسەم، شۇمۇ مەن ئۈچۈن ئالەمچە بەخت!

— ئاپتور خاتىرىسىدىن

قىممەتلىك دوستۇم زۇلپىيە، ھاياتىمنىڭ بۈگۈنكى مۇشۇ كۈنلىرىگە كەلگەندە بېشىمغا بۇنچە ئېغىر ئازاب، بۇنچە ئېغىر سەۋدا، بۇنچە ئېغىر كۈلپەتلەرنىڭ چۈشىشىنى زادىلا خىيالىمغا كەلتۈرۈپ باقماپتىكەنمەن. ھاياتلىقنى تولىمۇ ئاددىي، تولىمۇ يۈزەكى، يەڭگىللىك بىلەن چۈشىنىپ كەپتىكەنمەن! ... دۇنيا ... ھاياتلىق ... تۇرمۇش ... ئاھ زۇلپىيە، جېنىم دوستۇم! ئۆلۈپ كېتىمەن. گېپىمنى ئاڭلاۋاتامسەن، ھامان بىر كۈنى ئۆلۈپ كېتىمەن. ئىچىمدە، ئىچىمدە نۇرغۇن - نۇرغۇن دەرد - ھەسرەتلىرىم، مىڭ - مىڭ پىغان - نالىلىرىم، مىڭ - مىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىم قالىدۇ. مەن ئۆلۈپ كېتىمەن. راست، كۈلمىگىن زۇلپىيە، مەن ئۆلۈپ كېتىمەن! ... لېكىن ... لېكىن ئاھ خۇدا! ...مېنىڭ دەرد - ھەسرەت، نالىلىرىم، مۇڭ - ىندا، ئارمانلىرىم ئىچىمدە پەقەت شۇ پېتىچىلا قالارمۇ! ؟ ... چىدىيالمايۋاتىمەن، چىدىيالمايۋاتىمەن زۇلپىيە. كۆزۈمدە، يۈرىكىمدە، پۈتكۈل ھۇجەيرە - توقۇلمىلىرىمدا قان - زەردابلىق ئاچچىق ياش! تىترەپ كېتىۋاتىمەن، بېشىم قېيىۋاتىدۇ، كۆڭلۈم ئېلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. زۇلپىيە، مەن ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن! ...

كۆزلىرى يىغىدىن، ئازابتىن قىزىرىپ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، چىرايى دەرد - ھەسرەت، نالىدىن سارغىيىپ كەتكەن، چاچلىرى رەتسىز، پۈتكۈل تۇرقىدىن مىڭ دەرد، مىڭ نالە، مىڭ پىغان، مىڭ مۇڭ يېغىپ تۇرغان، كۆز ئالدىڭدىكى بۇ يىغلاڭغۇ، ۋەيرانە چىراي كىم؟ ! ئېيتە، بۇ چىراي ئىگىسى زادى كىم؟ ! ! ...

زۇلپىيە، جېنىم دوستۇم، ھەيران قالما، پەقەت ھەيران قالما. بىلىپ قوي، بۇ يىغلاڭغۇ چىراي ئىگىسى مەن، مەن — ماھىرە! ئاڭلاۋاتامسەن، ئاشۇ چاغدىكى پۈتكۈل تۇرقى ئوتتەك قىزغىن، ئاجايىپ ھېسسىياتچان، لېكىن پۈتكەن - تۇرغىنى مۇزدەك سوغ بولغانلىقى ئۈچۈن ساۋاقداشلار ئارىسىدا «بىگشاڭ» دەپ نام ئالغان ھېلىقى ماھىرەنىڭ دەل ئۆزىمەن! ...

بېشىمغا بۇنداق قىسمەتلەرنىڭ كېلىپ قېلىشىنى زادىلا ئويلىماپتىكەنمەن. زۇلپىيە، ئاشۇ چاغلاردا سېنىڭ كېچە - كېچىلەپ ھۆڭ - ھۆڭ يىغلاپ چىققانلىقىڭنى كۆرگەن ۋاقتىمدا ئۆزەمچە ساڭا چېچىلاتتىم، ئاچچىقلايتتىم، سېنى يالغۇز تاشلاپ باشقا ياتاقلارغا چىقىپ كېتەتتىم.

سەن يىغلايتتىڭ، مەن كۈلەتتىم. سەن ئۈنسىز يىغلايتتىڭ، مەن ئۈنلۈك كۈلەتتىم، سېنى جىلە قىلاتتىم. كۆڭلۈڭگە ياققۇدەك بىرەر ئېغىز گەپ - سۆز، تەسەللى بېرىشنىڭ ئورنىغا يۈرىكىڭگە نەشتەردەك سانجىلىدىغان گەپلەرنى قىلىپ، سېنى تېخىمۇ بەكرەك يىغلىتاتتىم. ئاھ زۇلپىيە، چىدىيالمايۋاتىمەن، ئاشۇ كۈنلەرنى ئويلىسام ئۆزەمنى ئۆلۈپ كەتكەندەك بىھوش ھېس قىلىپ كېتىۋاتىمەن!... ساڭا شۇ چاغلاردا بىرەر ئېغىز تەسەللىنىڭ قانچىلىك مۇھىم بولغانلىقىنى مانا ئەمدى بىلىپ يېتىۋاتىمەن. زۇلپىيە، شۇ چاغدىكى قىلمىشلىرىم ئۈچۈن ساڭا يۈز كېلەلمەيمەن. لېكىن ماڭا ئىشەنسەڭ، سەن مېنىڭ ئىككى دۇنيالىقتىكى بىردىنبىر يېقىن دوستۇمسەن. ئۇلۇغ خۇدا تۇرۇپتۇ، يۈرىكىمنىڭ ئەڭ پىنھان قاتلىمىدىن چىقىۋاتقان مۇشۇ نىدالىرىمنىمۇ پەقەت ۋە پەقەت ساڭىلا دەيمەن. زۇلپىيە، سەنمۇ بولسا بىلىپ قال. ئادەم دېگەننىڭ بېشىغا كەلمەيدىغان سەۋدا، چۈشمەيدىغان كۈلپەتلەر يوق ئوخشايدۇ. ياخشى كۈننىڭ يامىنى كېلىپ ئۆلۈپ تارتىپ قالسام، يۈرىكىمدىكى بۇ سىر - ھەسرىتىم مەڭگۈ سىر پېتىچە قالمىسۇن!

... شۇنداق، ئاشۇ چاغلاردا ئۆزەمنى شۇنداق چوڭ تۇتاتتىم. باشقىلارغا ئىرەنسىزلىك بىلەن پەرۋاسىز قارايتتىم. نەچچە، نەچچە يىگىتلەر يەر تېگىدىن ئوغرىلىقچە كۆزلىرىمگە تىكىلىپ قارايتتى. ئېغىزىدىن بىر گەپلەر پۇراپلا تۇراتتى. سېزەتتىم، لېكىن سەزمەسكە سالاتتىم. ئىچىمدە ئۇلارنى «ئاخماقلار» دېگۈم كېلەتتى ... ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنى ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن رەت قىلاتتىم. كېيىنچە ئۇلار «قول يەتمىگەن شاپتۇل ئاچچىق» دېگەندەك ماڭا «بىڭشاڭ» دەپ نام قويۇۋالدى. ئىسمىمنى ئاتىماي بىڭشاڭ دەپ چاقىراتتى. مېنىڭ پەرۋايىم پەلەك ئىدى، يەنىلا شۇنداق بىر خىل مەغرۇرلۇق بىلەن يۈرۈۋېرەتتىم!

ھېلىمۇ ھازىرقىدەك ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، بىز ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ئايرىلىدىغان ھارپا ئاخشىمى سەن مېنى سىرتلارنى ئايلىنىپ كېلىشكە تەكلىپ قىلدىڭ. چىرايىڭ تولىمۇ مىسكىن، بىر خىل مەيۈسلۈك يېغىپ تۇراتتى. گەرچە ئايرىلىش ماڭىمۇ قاتتىق ئېغىر كېلىپ، ئىچ - ئىچىمدىن يىغا ئېتىلىپ چىقىۋاتقان بولسىمۇ، قىلچە چاندۇرماي يەنىلا ساڭا چاقچاق قىلدىم:

— ئۇنچە قىلىپ كەتمىسەڭمۇ يۇرتۇڭغا بېرىپ يەنە بىرنى تېپىۋالساڭ بولمامدىمۇ، ئوغۇل بالا دېگەن تېپىلماسنىڭ خورمىسى ئەمەس، ئوچۇق كۈلۈپ تۇرە!

سەن گەپ قىلمىدىڭ، كۆزلىرىمگە تىكىلىپ قارىدىڭ، كۆزلىرىڭدە يىغا ئەگىيتتى. تۇرۇقىڭ ھەقىقەتەن بىر خىل مۇڭلۇق مەيۈس ئىدى.

— ماھىرە، — دېدىڭ خېلى بىر ئۆزۈندىن كېيىن ئىزىڭدا چىپپىدا توختاپ كۆزلىرىمگە تىكىلىپ، — مەن ساڭا قايىل ماھىرە، مەن ساڭا قول قويدۇم!

كۆزلىرىڭدە يىغا، بەدىنىڭ بىلىنەرلىك تىترەيتتى، ئېغىزىڭ ئۆمچۈيەتتى، لەۋلىرىڭ قىمىرلايتتى، ئاۋازىڭ چىقمايتتى.

— نېمە بولۇۋاتىسەن زۇلپىيە، ئۆزەڭچە باشقىچىلا بولۇپ قېلىۋاتىسەنغۇ! توۋا دېگۈم كېلىدۇ، كىچىكىمدىن تارتىپ شۇنداق مەغرۇر يۈرۈپ چوڭ بولغان، ھازىرغا كەلگۈچە ھېچبىر ئىنسان، ھەر قانداق بىر كەلمىشلەر ئالدىدا قىلچە تىترىمەي كەلگەن ئادەم مۇشۇ دەقىقىلەردە باشقىچىلا بولۇپ قالدىم. ئۆزەمچە ئاۋازىم ئۆزگىرىپ، بەدىنىمگە ئىچ - ئىچىمدىن بىر تىترەك ئولىشىپ كەتتى. كۆزۈمدە ئاچچىق - ئاچچىق سۈيۈقلۇق پەيدا بولۇشقا باشلىدى.

— سەندىن يوشۇرمايمەن ماھىرە، — دېدىڭ بىر چاغدا بېلىمدىن مەھكەم قۇچاقلاپ ھۆڭرەپ يىغلىغىنىڭچە يۈزلىرىڭنى يۈزلىرىمگە سۈركەپ، — مەن چىدىيالمايدىغان ئوخشايمەن، مەن چىدىيالمايدىغان ئوخشايمەن. ماھىرە، مەن ...

سەن يىغلايتتىڭ، ئىچ - ئىچىڭدىن ئېتىلىپ يىغلايتتىڭ، مەن ساڭا مىڭ بىر جاپالار بىلەن

تەسەللى بېرەتتىم:

— زۇلپىيە، يىغلىما، ھەر قانچە ئىش بولۇپ كەتسىمۇ يىغلىمىغىن، ئۆتۈنۈپ قالاي، بولامدۇ - ھە!

— سەن بىلمەيسەن ماھىرە، ھازىرقى دەردى - ھالىمنى سەن بىلمەيسەن، يىغلىۋالاي، مېنى يىغلىغىلى قويغىن ... دۇنيادىكى ھاياتلىق، تۇرمۇش، سۆيگۈ دېگەن مۇشۇ ئوخشايدۇ. مەن سارالڭ بولۇپ ئېلىشىپ قالىدىغان ئوخشايمەن، ئاھ خۇدا! ...

ماڭا نېمە دەپ تەسەللى بېرىشىمنى بىلمەيتتىم. سەن يىغلايتتىڭ، پۈتۈن بەدىنىڭ جالاقلاپ تىترەيتتى.

— ماھىرە، بىز ئۈچ يىل خۇددى بىر قورساقتىن چۈشكەن قېرىنداشلاردەك ياخشى ئۆتتۇق. بىر - بىرىمىزدىن يوشۇرۇشقىدەك سىرلىرىمىزمۇ يوق. سەن بىلسەن، مەن دۆتلۈك قىلىپ كىچىككىنە تۇرۇپلا مۇھەببەت يولىغا كىرىپ قالغانمەن. سەن مېنى مەيلى يۈرىكىڭدىن بولسۇن، مەيلى چاقچاق قىلىپ قىلغان بول، بىر قانچە قېتىم زاڭلىق قىلدىڭ. مەن يىغلىسام سەن كۈلدىڭ ... ماھىرە، سۆيگۈ دۇنياسىدا ياشاۋاتقان ئادەملەرنىڭ كۆڭلىنىڭ نەقەدەر نازۇكلىقىنى سەن بىلمەيتتىڭ. كىچىككىنە گەپلەر ئۈچۈنمۇ كېچە - كېچىلەپ يىغلاپ، ئۇيقۇسىز ئۆتكەنلىكىمنى سەن بىلمەيتتىڭ! لېكىن سەندىن ئاغرىنمايمەن، مەڭگۈ ئاغرىنمايمەن ماھىرە. ئۇلۇغ خۇدادىن ھەر ۋاقىت سېنىڭ بېشىڭغىمۇ مۇشۇنداق كۈنلەرنىڭ كېلىپ قالماسلىقىنى تىلەيمەن! سەن مەڭگۈ مۇشۇ مەغرۇرلىقىڭ، مەڭگۈ مۇشۇ غۇرۇرۇڭ بىلەن ياشا! ... سۆيگۈ دۇنياسىغا كىرىپ قالما. سۆيگۈ چۆللىرىدە قاغىجىراپ غېرىبسىنىپ، پېتىمسىراپ كۆزۈڭدىن تامچە ياش ئېقىتىپ يۈرمە ...

جېنىم دوستۇم زۇلپىيە، ئۆرتىنىپ كېتىۋاتىمەن، چىدىيالمايۋاتىمەن، ئەجەبا ... ئەجەبا مەن شۇ چاغدىكى ماھىرە شۇمۇ؟! ...

ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ھازىرقى ئىدارىغا ئىشقا چۈشۈپ، ئىككىنچى كۈندىن باشلاپلا ئۆزەمنىڭ يېزىسىغا تەقسىم قىلىندىم. يېڭى خىزمەتچىلىكتە كۈنلىرىم بىر خىل مەززىسىز، زېرىكىشلىك بىلەن ئۆتۈشكە باشلىدى. مەكتەپ ھاياتىنى ئويلاپ ئولتۇرۇپ يىغلاپ كېتىمەن. ئۆزەمچە ماڭا بىر خىل يالغۇزلۇق، غېرىبلىق ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. بىر كۈنى مۇڭلىنىپ خىيال بىلەن ئولتۇرۇپ كېتىپتىمەن. شۇنداق قارىسام، مەن بىلەن بىرگە ئىشلەيدىغان بوسارا ئىسىملىك ئايال ماڭا تىكىلىپ ئولتۇرۇپ قاپتۇ. ئۇنى كۆرۈپ ئۆزەمچە خىجىللىقتىن يۈزلىرىم ئوتتەك قىزىرىپ كەتتى.

— نېمانچە خىيال سۈرۈپ كېتىسىز، مەكتەپتىكى ئاشىق - مەشۇقلار يادىڭىزغا كېلىۋاتامدۇ - يا! بوسارا ئىسىملىك بۇ ئايالنىڭ مىجەزى ئاجايىپ ئىدى. ھەر قانداق گەپنى ئوچۇق - ئاشكارا، يۈزدىن - يۈزگە دەۋېرەتتى. تولىمۇ گەپدان، چاقچاقچى بولغانلىقتىن يېزىدىكى بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇنىڭغا بەكمۇ ئامراق ئىدى.

— مەكتەپتە بىرگە ئۆتۈشكە ئەرزىگۈدەك ئاشىق - مەشۇقلىرىمىزمۇ يوق ئىدى بوساراچا، شۇنداقلا خىيال سۈرۈپ قاپتىمەن.

— ۋاي تۈزۈك گەپ قىلىسىڭىزچۇ، ھازىرقى بالىلارنىڭ قايسى بىرىنىڭ ئۇنداق ئىشى يوق دەيسىز؟!

— ئىشەنمىسىلە مەيلى، ئىش قىلىپ مەن تېخى ئۇ ئىشلار توغرىلىق ئويلاپ باقمىدىم.

— ماڭا قارالڭ ئۇكام، سىز مېنىڭ قىزىم دېمەتلىك كېلىسىز، سىزنى قىزىم دېسەممۇ بولىدۇ. مەيلى مەكتەپتە مۇھەببەت تۇتۇڭ - تۇتماڭ ئۇنىڭ بىلەن مېنىڭ كارىم يوق. لېكىن سىزگە ئانىڭىز ئورنىدا نەسىھەت قىلىپ قوياي، تۇرمۇش ئىشىڭىزنى بەك ئويلاڭ، ئالدىراپ كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتمەڭ. بۇنداق دېسەم باشقىچە ئويلاپمۇ يۈرمەڭ، سىزنى ئېلىپ بەرگۈدەك ئوغلۇممۇ يوق. بىراق مەن ئۆز ئوغلۇمدىنمۇ ئۆتە ياخشى كۆرىدىغان، قىزىم بولسا ئىككى قوللاپ

بېرئۇالىدىغان بىر يىگىت بار، كېيىنكى كۆڭلىرىمنى خاتىرجەم، خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزەي دېسىڭىز كۆزىتىپ بېقىڭ.

— ...

ئۇن - تىنسىز ئولتۇرىمەن، بىر خىل خىجىللىق، بىر خىل ئىچكى قىزىقىش، بىر خىل ئىچكى ھاياجان پۈتۈن نېرۋا - سېزىملىرىمنى قورشىۋالغانىدى.

— ئادەم ھەر قانچە بولسا شۇنچىلىك بولار، شۇنداق ئېغىر - بېسىق، چىقىشقاق. ئالدىنقى يىلى سىز ئوقۇغان مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ھازىر ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش داشۆسىنى پۈتتۈرۈپ بولدى. ئىدارىدا تەرجىمان بولۇپ ئىشلەيدۇ.

— ئاھ! ... تاس - تاماس قالدىم ئاۋازىمنى سىرتقا چىقىرىپ سالغىلى... ئىدارىدىكى تەرجىمان يىگىت ... ئاشۇ قارا قاشلىق، چوڭ قارا كۆزلىرى ئوتتەك يېنىپ تۇرىدىغان، چىرايى سۇرلۇك، كەم سۆز، دائىملا بىر خىل مۇڭ بىلەن خىيالچان يۈرىدىغان ئاشۇ يىگىت! ... تىترەپ كېتىۋاتىمەن، ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتىمەن ... توۋا، ئاشۇ يىگىت ... يەنە ئاشۇ يىگىت! ...

— شۇكلىنىپ كەتتىڭىزغۇ، بىرەر قېتىم كۆرگەنمۇ؟

— ...

بېشىمغا چۈشكەن دەرد - ئەلەم شۇ كۈندىن باشلاندى. زۇلپىيە، مەن ئۇ يىگىتنى تۇنجى قېتىم كۆرگەندە، يەنى مەن ئىدارىغا كىرىپ كادىرلار ئىدارىسى يېزىپ بەرگەن تونۇشتۇرۇشنى كىمگە بېرىشنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالغان ۋاقتىمدا، ئۆزلۈكىدىن ئىسمىمنى سوراپ، مېنى ئىدارە باشلىقىغا تونۇشتۇرۇپ، ئىشلىرىمنى بېجىرىپ بەرگەن ۋاقتىدا چىن دىلىمدىن ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتقان ھەم بىر خىل ۋەھشىي قىزىقىش ئىچىدە ئۇنىڭغا قايىل بولغانىدىم... سۇرلۇك چىراي، كۆزلىرى ئوتتەك يېنىپ تۇرىدىغان، خىيالچان، رەتلىك، پاكىز كىيىنگەن ئاشۇ يىگىت! ... كۆز ئالدىمدىن ئاشۇ سىماسى كەتمەيتتى. ئۆزەمچە كۈندىن - كۈنگە جىمغۇرلىشىپ، دائىم خىيال ئىچىدىلا ئۆتىدىغان بولۇپ قالدىم!

— ھەر ئاينىڭ بەشىنچى كۈنى ئىدارىغا يىغىنغا باراتتۇق. شۇ بىر ئاي ۋاقىتنى قانچىلىك تەستە ئۆتكۈزىدىغانلىقىمنى بىر ئۆزەم بىلەتتىم. بېرىپ ئاشۇ يىگىتنىڭ قارشىدا ئۇدۇلمۇ - ئۇدۇل ئولتۇراتتىم، ئۆزەمنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغان ھالدا ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارايتتىم. ئۇ باشلىقنىڭ گېپىنى تەرجىمە قىلاتتى. ئاۋازى شۇنداق جاراڭلىق، گەپنى تولدۇرۇپ - تولدۇرۇپ قىلاتتى. شۇنداق تىكىلىپ ئولتۇرۇپ كېتىمەن. ئۇ پەرۋاسىز، خۇددى مېنى كۆرمىگەندەك ...

— مىڭ - مىڭ ئۈمىد بىلەن تىكىلگەن كۆزلەر، پەرۋاسىز ئوتلۇق نەزەرلەر ... ، ئۇنىڭغا قاراپ ئۆزەمنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ غەيرىي بىر خىل تاتلىق ھېسسىياتلار قوينىدا كېزىمەن! ...

... ئىقرار قىلىمەن، مەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم. ئۇ بۇنى بىلمەيتتى، ئۇ بۇنى بىلمەيتتى، زۇلپىيە. بۇرۇنقى مەغرۇرلۇقلىرىم پۈتۈنلەي توگەپ، بىر خىل مۇڭلۇق، خىيالچان، يىغلاڭغۇ بولۇپ قالدىم. سىنىڭ ئاشۇ چاغدا دېگەنلىرىڭ پۈتۈنلەي توغرا ئىكەن. سۆيگۈ دۇنياسىدا بىر باشقا چىقالماي چاڭقاپ يۈرگەن ئىنسانلارنىڭ يۈرىكى، كۆڭلى تولىمۇ، تولىمۇ نازۇك بولىدىكەن. يىغلايمەن، ھېچگەپتىن - ھېچگەپ يوق ئۆز - ئۆزەمچە مۇڭلىنىپ ھېقىقداپ يىغلايمەن. كېچىلەر، نۇرغۇن كېچىلەر ئۇيقۇسىز ئۆتتى. بىلدىمكى ئىنسانلار پەقەت سۆيگۈ ئىچىدە ياشىغاندىلا، ئاندىن ئۆزىنىڭ قەدرىنى، ھاياتلىق قەدرىنى ھەقىقىي چۈشىنىپ يېتەلەيدىكەن! ...

ئايدا بىر قېتىم كۆرۈش، ئايدا بىر قېتىم غىل - پال كۆز بېقىش ... ئاھ زۇلپىيە! ئۇ بىلمەيتتى، ئۇ ئۆزىنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى قىلچە سەزمىگەندەك قىلاتتى. ئۇ پەرۋاسىز، مەن پەرۋانە. مەن ئىنتىلەتتىم، ئۇ قاچاتتى! ... ئۆزەمنى توگەشتۇرۇپ قويۇۋاتاتتىم، زۇلپىيە، مەن ئۇچۇن ھازىر ھەر قانداق بىر تەۋەككۈلچىلىكلەرنى قىلىش قىيىن ئەمەس ئىدى. پەقەت ئۇ، پەقەت ئۇلا مېنى چۈشىنىدىغان، مېنى

باغرىغا باسىدىغان، ماڭا بىرەر ئىغىز تەسەللى بېرىپ چاچلىرىمنى سىلايدىغان ئىش بولسا، مەيلى ھەر قانداق زور بەدەل تۆلەشكىمۇ رازى ئىدىم ... كۆنلەر شۇ بىر خىل ئېغىر ئازاب بىلەن كۆتۈش، ئۈمىد، قايغۇ - ئەلەم بىلەن ئۆتمەكتە ئىدى. ئىچىمدە، ئۇنىڭ بىرەر يۇرۇۋاتقان قىز دوستى بارمىدۇ دەپ ئويلاپ، ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك ئارامسىزلىنىپ كېتىمەن. ئەگەر ... ئەگەر ئۇنىڭ راستىنلا قىز دوستى بولۇپ قالسىچۇ؟ بۇ مېنىڭچە مۇمكىن ئەمەس، مەڭگۈ مۇمكىن ئەمەس ئىدى! ... بۇ مېنىڭ ئەقلىمگە سىغمايدىغان، ئادەتتىن تاشقىرى ئەقلىمگە سىغمايدىغان ئىش ئىدى. ئۇنىڭ قىز دوستى يوق، ئۇنىڭ قىز دوستى چوقۇم مەن بولۇشۇم كېرەك! ... قوشۇماقاش، نۇرلۇق كۆز، سۇرلۇك چىراي، مۇڭ - ئىدالىق خىيالچان سىماھ! بۇ سىماھ مېنىڭ نېرۋا سېزىملىرىمغا، قان - تومۇر ھۇجەيرە - توقۇلمىلىرىمغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن، مەڭگۈلۈك سىڭىپ كەتكەنىدى! ...

بىر كۈنى، ئىشخانىدا يەنە شۇ بىر خىل ئازابلىق خىياللار ئىچىدە تولغىنىپ ئولتۇرسام، بۇساراچام كىرىپ قالدى. ئېھتىمال كۆزۈم قىزىرىپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئۇدۇلۇمغا كېلىپ ئولتۇرۇپ كۆزۈمگە تىكىلىپلا سوراپ قالدى.

— ماھىرە، يىغلاپسىزغۇ؟

قاتتىق جىددىيلىشىپ كەتتىم، ئىچ - ئىچىمدىن قاپساپ چىقىۋاتقان ئاچچىق يىغا، ۋەھشىي تىترەكنى مىڭ تەستە بېسىۋېلىپ، كۆزۈمنى قولۇم بىلەن ئىتتىك سۈرتتۈم.

— ياقەي، يىغلىمىدىم ...

يۈرىكىمدە، تومۇرۇمدا، تەن - تېنىمدا ئاچچىق ياش، ئاران ئولتۇرىمەن. يىغلاپ سېلىشتىن، ھۆكرەپ يىغلاپ سېلىشتىن ئۆزەمنى ئاران تۇتۇپ ئولتۇرىمەن. ئىككى - ئۈچ مىنۇت جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتتۇق. كۆڭلۈمدە بۇساراچامنى زاھىر توغرىلىق بىرەر گەپ ئېچىپ قالسىكەن، دەپ خۇدادىن تىلەيتتىم. لېكىن بۇساراچام مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى تۇيۇپ قېلىپ

مەن بىلەن قەستەن قېرىشىۋاتقاندەك، لام - جىم دېمەي ئولتۇرۇپلا كەتتى. بىردەمدىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاستا ئىشىك تەرەپكە ماڭدى.

— بۇساراچا ...

ئۇنى نېمىشقا چاقىرغانلىقىمنى بىلمەيتتىم. چاقىرىپ بولۇپ شۇنداق جىددىيلىشىپ كەتتىمكى، يۈزلىرىم ئوتتا كۆيۈۋاتقاندەك، پۈتۈن بەدىنىم تىلىم - تىلىم پىچىلىۋاتقاندەك ئارامسىزلىنىپ كەتتىم.

— نېمە، گېپىڭىز بارمىدى؟

بۇساراچام ئورنىغا كېلىپ، نېمە گېپىڭىز بار دېگەندەك ماڭا قاراپلا ئولتۇردى. نېمە دەپ گەپ باشلىشىمنى بىلمەيتتىم. ۋەھشىي ھاياجان ... تەلۋىلەرچە تىترەك ... زاھىر توغرىلىق گەپ ئېچىشىم كېرەك. ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىشىم، ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلىشىم كېرەك! نومۇس ... ھايا ... ياق - ياق! ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەر قانداق تەۋەككۈلچىلىكلەرنى قىلىشقا، ھەر قانداق زور بەدەل تۆلەشكە رازى ئىدىمغۇ! پۇرسەت غەنىمەت، ھەرگىز بوشاڭلىق قىلىشقا بولمايدۇ! ! ...

مىڭ خىل زىددىيەتلىك خىياللاردىن كېيىن ئاستا - ئاستا ئەسلىمگە كېلىپ، بوش ئاۋازدا، يۈرىكىمدە يىغلاپ تۇرۇپ مىڭبىر جاپادا ئېغىز ئاچتىم:

— بۇساراچا، زاھىر ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىش داشۆسىنى پۈتتۈرۈپ بولغانمۇ؟

— قانداق، بۇنى سوراپ قالدىڭىزغۇ!

— مەنمۇ ئوقۇيمىكىن دېگەن، ئۇنىڭ ماتېرىياللىرى بارمىدۇ؟

— ئېھتىمال باردۇ، ئۇ بالىنىڭ ياتىقىدا كىتاب - ماتېرىيالدىن باشقا نەرسە يوق!

— ...

گەپنىڭ توختىشى بىلەن يۈرىكىممۇ توختاپ قالغاندەك تۇنجۇقۇپ قېلىۋاتاتتىم. ئۆزەمچە ئۆپكەم ئۈرۈلۈپ يىغا، ۋەھشىي بىر يىغا قاپساپ كېتىۋاتاتتى.

ئادەم بەزىدە ھېسسىياتنى زادىلا كونترول قىلالمايدىغان ئوخشايدۇ. ئىچ - ئىچىمدىن ئېتىلىپ

چىقىۋاتقان ھاياجاننىڭ تۈرتكىسىدە، ئۆز ئەسلىمنى بارا - بارا يوقىتىپ قويۇۋاتاتتىم.

— بۇساراچا، ... زاھىرنىڭ بىرەر قىز دوستى بارمىدۇ، بۇنداق دېسەم باشقىچە ئويلاپ قالمىسىلا، مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، ئاشۇ قىزنىڭ ھەقىقەتەن بەختى باركەن، ئاشۇ قىزغا قاتتىق ھەۋىسىم كېلىۋاتىدۇ.

بۇساراچام خۇددى مېنىڭ كۆزلىرىمدىن پۈتكۈل ئىچكى سىرىمنى بىلىۋالماقچى بولغاندەك، كۆزۈمگە مىختەك تىكىلدى. ئۇنىڭ شۇ قارىشىدىن تېنىم نېمىشقىدۇر «جۇغ» قىلىپ قالدى.

— زاھىرنىڭ قىز دوستى بار، سىز تېخى ئاڭلىمىدىڭىزمۇ، ئۇلار پات ئارىدا توي قىلىدىكەن. ئۇ قىز مۇشۇ يېزىدا خىزمەت قىلىدۇ.

— ئۇ قىز كىم؟!

كۆزلىرىمگە قىزىللىق تېقىلىپ، نېرۋام جىددىيلىشىپ، ھېچنەرسىنى ئويلىيالمايلا قالدىم. ئاۋازىم قانداق چىقىپ كەتتىكىن، بۇساراچام ماڭا چەكچىيىپ قاراپ قالدى.

— گۈلزار، يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتىدىكى گۈلزارچۇ!؟

— ...

پۈتۈن دۇنيا پىرقىراپ چۆرگىلىمەكتە ئىدى. كۆز ئالدىمغا ھېلى سۈرلۈك چىراي، مۇڭ - ئىدالىق، خىيالچان زاھىر كەلسە، ھېلى زىلۋا، ئېگىز بويلۇق، ئاق يۈزلۈك، چىرايىدىن بىر خىل ئۇماقلىق چىقىپ تۇرىدىغان گۈلزار كېلەتتى ... گۈلزار ... گۈلزار ...!! پۈتۈن كائىناتتىن مانا شۇ ئىسىم ياڭرايتتى، پۈتكۈل ھۇجەيرە توقۇلمىلىرىمدا يەنە شۇ ئىسىم جاراڭلايتتى!

جېنىم دوستۇم زۇلپىيە، ئاڭلاۋاتامسەن، شۇنىڭدىن كېيىنكى كۆڭلىمنىڭ قانداق ئۆتۈۋاتقانلىقىنى بىلمەيمەن. ئۆلۈشنى مىڭ قېتىم ئويلاپ كەتتىم، لېكىن جان ئۇنداق ئاسان چىقمايدىكەن، ئۆلەلمىدىم. گۈلزار دېگەن ھېلىقى قىزنى ئىچىمدە مىليون قېتىملاپ تىللاپ قاغىغاندىمەن. ئۇنى شۇنداقلا كۆرۈپ قالىدىغان بولسام، ئۆزەمچە تىترەپ ئېتىلىپ كەتكۈدەك بولۇپ كېتىمەن. ئۇنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتى، ھەر بىر ئېغىز گېپى مېنى مىڭ ئۆلتۈرۈپ، مىڭ تىرىلدۈرىدۇ! ... زۇلپىيە، ئادەم ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادىمىنىڭ ھەر قانداق يامان گېپىنى ئاڭلاشنى خالىمايدىكەن، ھەر قانداق يامان گېپىنى ئاڭلىسىمۇ ئۇنىڭغا ئىشەنگۈسى كەلمەيدىكەن. مەن گەرچە زاھىرنىڭ ھەقىقەتەن گۈلزار بىلەن يۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرساممۇ، لېكىن ئۇنىڭغا زادىلا ئىشەنگۈم كەلمەيتتى.

ئېغىر كۈلپەت ... چىدىغۇسىز ھىجران ... ئەشەددىي كۈندەشلىك! ...

ئۇيقۇم ئازلاپ، تامىقىم قىسىلىپ كېتىۋاتاتتى. كاللامدا پەقەت بىرلا خىيال، زاھىر ھەقىقەتەن گۈلزار بىلەن توي قىلامدىغاندۇ!؟ رېئاللىققا تەن بېرىپ زاھىرنى ئۇنتۇلۇپ كېتەي دەپ نىيەت قىلدىم. نەچچە كېچە - كۈندۈز يوتقانغا بېشىمنى پۈركەپ، ھېچيەرگە چىقماي يېتىۋالدىم. لېكىن بۇ قىلغانلىرىمنىڭ ھەممىسى پەقەت ئۆزەمنى ئالداشتىن باشقا نەرسە ئەمەسكەن! ... قوشۇماقاش، ئوتلۇق كۆزلەر، سۈرلۈك چىراي، مۇڭ، ئىدالىق خىيالچان سىماھ مېنىڭ يۈرىكىمگە مەڭگۈلۈك سىڭىپ كەتكەنىدى ...!

زۇلپىيە، ئاڭلاۋاتامسەن، ئۆز ۋاقتىدا بىڭشالڭ دەپ نام ئالغان مەغرۇر دوستۇڭنىڭ ھالى قانداقراقكەن؟ ... يىغلاپلا، ئويلاپلا، زارلاپلا ئۆتۈۋاتىمەن. قاراپ تۇرۇپ، ھەممىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۆزەمنى خاراب قىلىۋاتىمەن. مىڭ ئويلىماي دېسەممۇ ئامال يوق، زاھىرنىڭ چىرايى مىنۇت - دەقىقە كۆزۈمدىن كەتمەيدۇ. زۇلپىيە،

ساڭا دېسەم، هازىر مەن ئىككى ئادەمگە ھەقىقەتەن ئىچ - ئىچىمدىن ئۆلۈم تىلەۋاتىمەن: بىرى، گۈلزار، بىرى ئۆزەم! زاھىرغا بولسا، ئىچ - ئىچىمدىن مەڭگۈلۈك تېنچ - ئامانلىق تىلەۋاتىمەن! ...

ئۇ مېنىڭ شۇ مۇقەددەس پاك سۆيگۈمنى بىلىپ قالسا، ئۆزىنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلىپ قالسا، ماڭا شۇلا كۇپايە ئىدى، زۇلپىيە.

جېنىم دوستۇم زۇلپىيە، زاھىرنىڭ يۈرىكىگە كىرىپ - چىقسام، ئۇنىڭ يۈرىكىدە پەقەت ئاشۇ گۈلزار دېگەن بىر نېمە بار ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ يۈرىكىدىن مەن مەڭگۈ ئورۇن ئالالمايدىغان ئوخشايمەن! كۆزۈمدىن ئوقتەك ياش كېتىۋاتىدۇ، يۈرىكىم سىقىراپ تۇنجۇقۇپ قېلىۋاتىمەن. ساڭا دېسەم، بۇ جاھان ئۇزۇن جاھان، ئۇنىڭدىن ئۈمىدىمنى ئۈزەلمىگۈدەكمەن. ئۇلۇغ خۇدادىن ھەر كۈنى، ھەر سائەتتە، ئەتىگەنلىك بامدات نامىزىمدا زاھىرغىمۇ ماڭا سالغاندەك بىر سەۋدا سېلىشنى قان - ياش تۆكۈپ ئىلتىجا قىلىۋاتىمەن. كونىلاردا: كۆيۈك بىر - بىرىگە ئۆتىدۇ دەيدىغان گەپ باركەن، بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى خۇدا تەلپىمنى ئىجاۋەت قىلىپ، زاھىرمۇ ماڭا ئوخشاش بولسا! ... ئاھ زۇلپىيە، ئېيتە، مۇشۇنداق كۈنلەرمۇ كېلەرمۇ؟! ...

قاپقارا قوشۇماقاش، ئوتلۇق كۆزلەر، سۈرلۈك چىراي، مۇڭ - نىدالىق خىيالچان سىماھ... ئۇنتۇيالمايمەن زۇلپىيە، مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايمەن. مىڭلاپ ئادەملەرگە سېلىشتۇرۇپ باقسامىمۇ ھېچكىمگە ئوخشىمايدۇ، زادى ئوخشىمايدۇ! .

ئادەم دۇنياغا يارالغان ئىكەن چوقۇم يەنە بىر-بىرىنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمىغۇدەك ياخشى كۆرۈپ ئۆتۈشى كېرەك. مەيلى ئۇنىڭ ۋىسالىغا يەتسۇن - يەتمىسۇن، مەيلى ئۇ ئىنسان بىلسۇن - بىلمىسۇن! ... مەنمۇ ئۇنى مەڭگۈ ياخشى كۆرگىنىم كۆرگەن. ئۇنى بىر ئۆمۈر چىن دىلىمدىن سۆيۈپ ئۆتىمەن زۇلپىيە. مەيلى زاھىر مېنى قىلچە چۈشەنمىسىمۇ، زەررىچە ياخشى كۆرمىسىمۇ، قەسەم قىلىمەنكى، پۈتكۈل روھىي - جىسمىم، بارلىقىم ئۇنىڭغا ئاتاقلىق! ...

زۇلپىيە، دوستۇڭ مانا مۇشۇنداق ئېغىر كۈلپەتلەر ئىچىدە كۈنلىرىنى قان - زەرداب بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ. بۇنداق بۇرۇختۇم كۈنلەرنىڭ يەنە قاچانغىچە داۋاملىشىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيمەن، بەلكىم بۇنىڭ چېكى بولماس. لېكىن ئۇلۇغ خۇدا تۇرۇپتۇكى، ئۇنى كۈتكەن، كۈتۈۋاتقان، كۈتمەكچى بولغان كۈنلىرىمگە مىڭ مەرتىۋە رازىمەن. ئۇنى پەقەت خىيالىمدا سۆيۈپ ئۆتسەم شۇمۇ مەن ئۈچۈن ئالەمچە بەخت! .

قارا قاشلىق، ئوتلۇق كۆزلەر، سۈرلۈك چىراي، مۇڭ - نىدالىق خىيالچان سىماھ !...

زۇلپىيە، پۈتۈن دەردىمنى ساڭا دەپ ئىچىم خېلىلا بوشاپ قالدى. خېتىمنىڭ جاۋابىنى تۆت كۆزۈم بىلەن كۈتىمەن.

خەير، ساڭا بەخت تىلەپ: دوستۇڭ ماھىرە (بىكتاش).

تەھرىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان



ماخمۇت سىدىق

# ئاخىرقى پەللە

(ھېكايە)

يېقىنقى يىللاردىن بىرى بۇ شىركەتنىڭ ئىقتىسادىمۇ، جەمئىيەتتىكى ئورنىمۇ ناھايىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. مۇخبىرلار نە - نەلەردىن كېلىپ شىركەتنىڭ تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇرۇپ، ئۈلگىلىك ئىشلارنى يېزىپ ھارمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شىركەتنىڭ ھازىرقى دىرېكتورى يۈرۈتقىلارغا قارىغاندا تەشۋىقات ئىشلىرىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان ئادەم بولغاچقا، پۇل ئايىماي خەجلەندى. شىركەت ئىچى ئالا - يېشىل دىئاگرامما، شوئار، تەشۋىقات دوسكا - تاختايلىرى بىلەن بېزىنۈپتىلدى. بىر تىجارەتچى مۇخبىر ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي ئاتايتەن ئىزدەپ كېلىپ، دىرېكتورنى بىر ھەپتە زىيارەت قىلىپ، ئەتە - ئاخشاملىرى رېستورانلاردا، خالى خانىلاردا مۇڭدىشىپ، مەخسۇس ئوچېرىك يازدى ۋە ماقالىسىنىڭ ئاخىرىنى: «بۇ زېمىن ئاپىرىدە بولغاندىن بىرى، بۇ كىشىدەك تالانتلىق ئادەم بۇ يۇرتتىن تېخى چىقىپ باقمىغان» دەپ خۇلاسىلىدى. يەنە بىرسى «بۇ كىشى يۇرتنىڭ قۇياشى» دەپ يازدى. كاتىبلار، تەرجىمانلار تۆت - بەش تاغار ماتېرىيال يېزىپ، تەرجىمە قىلىپ يۇقىرىغا يوللاپ تۇردى. توخۇ سۈتىدىن باشقىسى تېپىلىدىغان بۇ بىر پارچە بوستانلىقنىڭ مەھسۇلاتى، نېمەتلىرىمۇ ھەر بىر پارچە ماتېرىيالغا قوشۇلۇپ، توشۇلۇپ تۇردى. يوللانمىلار، ماتېرىياللار دەرىجىمۇ - دەرىجە ئۆرلەپ، دىرېكتورنىڭ ئوبرازى بارغانسېرى يۈكسەكلىشىپ، ھەر خىل يىغىنلارغا، ساياھەتلەرگە قاتنىشىپ مۇكاپاتلاندى.

مانا ئىككى كۈندىن بىرى شىركەتتىكى بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر تازىلىق قىلماقتا. ئاسفالت، سېمونت يوللار، پوللار، ۋىۋىسكىلار، ئىشىك - دېرىزىلەر ھەرەمسۇتتا بىر سۈرتۈلۈپ پارقىرتىۋېتىلدى. رىشاتكىلار، سالاسۇنلار قايتىدىن سىرلىنىپ ھەل بېرىلدى. شىركەت دەرۋازىسىدىن ئىشخانا بىناسىغا بارغۇچىلىك ئارىلىقتىكى يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئەتىرگۈللەر، باراڭلاردىكى ئۈزۈملەر، ئىككى تەرەپ باغدىكى ئالما - نەشپۈتلەرنىڭ ھەر بىر تال ياپراقلىرى نەچچە نۆۋەت يۇيۇلدى، ئەمما كېلىدىغان مېھمان كەلمەيۋاتاتتى. بۇنداق چەت، سەھرادىكى كىچىككىنە بىر شىركەتكە ئېچىۋېتىلگەن ئالاھىدە رايوندىن ئادەم كېلىپ، بۇلار بىلەن ھەمكارلىق توختامى تۈزۈش دىرېكتورنىڭ ئەڭ - ئەڭ زور ئىرىشچانلىقىدىن بولۇۋاتاتتى.

ئۈچىنچى كۈنى دىرېكتورنىڭ: «يولغا چىقتۇق، تەييارلىق ئەتراپلىق، پۇختا قىلىنسۇن» دېگەن مەزمۇندىكى تېلېفونى كەلدى. ئارىلىقتىن ئىككى سائەتتەك ئۆتكەندە ئوخشاش رەڭ، ئوخشاش پاسوندىكى يەتتە - سەككىز جىپ دەرۋازىدىن كىرىپ كەلدى. مۇخبىرلارنىڭ ئاپپاراتلىرىنىڭ چىراغلىرى چاقناپ، دەبدەبىلىك مەنزىرە ھاسىل بولدى.

ماشىنىلار سالقىن ئاۋاز بىلەن يۈرۈپ، ئىشخانا بىناسىنىڭ ئالدىدىكى مەيدانغا كېلىپ توختاشتى. بىرىنچى ماشىنىدىن دىرېكتور چۈشتى، ئىككىنچىسىدىن ھېلىقى مېھمان چۈشتى. قالغانلىرىدىن بۇ ئىشقا مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر، ھەمراھ بولغۇچىلار چۈشۈپ كاتتا بېزەلگەن زالغا باشلاندى. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى تەككەللۇپ سۆزلەر، چاۋاكلار، سىنىئالغۇغا ئېلىشلار يېرىم سائەتتەك داۋاملاشقاندىن كېيىن، بۇ يۇرتنىڭ ناغلىرى، باغلىرىدا بار بولغان ئۇچالىق - تىنالىقلارنىڭ گۆش - كاۋاپ، قورۇما، دۈملىمە، قىيمىلىرى قويۇلدى. ھۆل - قۇرۇق مېۋە - چېۋىلەر، بوتۇلكىلار تىزىلىپ يەپ - ئىچىش باشلاندى.

ھەممەيلەن ئۆز پاراڭلىرىغا چۈشۈپ، ئازادە ئولتۇرۇپ يەپ - ئىچىشكە باشلىغاندا، دىرېكتور غېپپىدە سىرتقا چىقتى - دە، سىرتتا ساقلاپ تۇرغانلارغا ئىش ئورۇنلاشتۇردى. ئاندىن ھېلىقى مېھمانلار تاماقتىن كېيىن كۆزدىن كۆچۈرىدىغان ئورۇنلارنى يەنە بىر قېتىم تەكشۈرگەندىن كېيىن ئاندىن خاتىرجەم بولدى. قايتىپ كېلىۋېتىپ ئىشخانا بىناسىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى ھاجەتخانىغا كىردى ۋە كىرىپلا ئاچچىقلىنىپ قايتىپ چىقتى. شىركەتنىڭ مۇھىتىنى، بىخەتەرلىكىگە مەسئۇل كىشىگە ۋە زاپخوزغا، بۇ خالانى تازىلاشقا بەلگىلەنگەن كىشىگە توۋلاشقا باشلىدى:

— نېمانچە سېسىقچىلىق بۇ، ھاۋاسىنى تەڭشىسەڭلار بولمامدۇ؟ مەن بارغان يەرلەردىكى تەرەتخانىلار ماۋۇ ئىشخانىلاردىنمۇ ئېسىل. بەزىلىرىدە ھەتتا تەرەت سۇندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن سۇرتۇپ قويىدىغان قۇرۇلمىلىرىمۇ بار ئىكەن. ئاشۇنداق يەرلەردىن مىڭ بىر تەسلىكتە تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەن مېھمانلار بۇ ...، بۇ قېتىم بىرەر ئىشتا يوچۇق چىقىپ قالسا، ھېچكىمنى كەچۈرمەيمەن جۇمۇ.

دىرېكتور ئالدىدا قول باغلاپ سۆكۈتتە تۇرغانلارغا يەنە بىر دەم قايناپ، ئاندىن مېھمانخانىغا كىرىپ كەتتى.

— تۇۋا خۇدايىم، شۇنداق كاتتا ئادەم بۇگۈن تەرەتخانىغا چېپىلىپ ئاچچىقلاپ كەتتا، يا بۇ يەر مېھمانخانا بولمىسا، پۇرايدۇ ئەمەسمۇ.

ھەر ئېھتىمالغا قارشى زاپاس خادىم بولۇپ تۇرغانلار بۇ گەپنى ئاڭلاپ پاراققىدە كۈلۈشتى.

— تولا گەپ قىلماي بۇ يەرنى قايتا تازىلاڭ، ئاھاك، چىۋىن دورىسى چېچىڭ. زاپخوز، سىلە دەرھال بىر قۇتا ئەتىر تېپىپ كەلسىلە، بۇنىڭ ئىچىگە چاچىمىز.

ئىدارە مۇھىتى، بىخەتەرلىكىگە مەسئۇل بولغان كىشى خالانى تازىلاشقا بەلگىلەنگەن كىشىگە، زاپخوزغا ئىش ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن زاپاس خادىملارغا قاراپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— سىلەر ئۇقمايسىلەر، دىرېكتورنىڭ مەملىكەت ئىچىدە بارمىغان يېرى يوق. بۈگۈنكى بۇ مېھماننى مىڭ تەستە ئەكەلدۇق. شىركەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى سىنىئالغۇغا ئېلىپ، ئىككى لېنتىنى توشقۇزۇپ ئاپىرىپ ئۇلارغا كۆرسەتتۇق. ئەھۋالنى دوكلات قىلدۇق. ئاندىن ئۇلار مۇزاكىرىلىشىپ بۇ ئادەمنى ئەمەلىي ئەھۋالنى كۆرۈپ كېلىشكە ئەۋەتتى ... سىلىگە بىر ئىشنى دەپ بېرەي، مەلۇم بىر ئۆلكىدىكى داڭلىق بىر شىركەت، مەلۇم دۆلەتتىكى بىر شىركەت بىلەن ھەمكارلىق توختامى تۈزمەكچى بولغانىكەن، ئۇ شىركەت نۇرغۇن تەييارلىقلارنى ئىشلەپ، چەتئەل شىركىتىنىڭ ۋەكىللىرىنى تەكلىپ قىلىپتۇ. ئۇلار بۇ شىركەتنىڭ بارلىق ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئاخىرىدا خالاسى ئۆلچەمگە

توشمايدىكەن. بىر ئورۇننىڭ تەرەققىياتى، مەدەنىيەتكە، مۇھىمتا ئەھمىيەت بېرىش - بەرمەسلىكى خالاسىنىڭ سۈپىتى بىلەنمۇ ئۆلچىنىدۇ، دەپ توختام ئىمزالىماپتۇ. دىرېكتورنىڭ ئاچچىقلىنىشىنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى چۈشەندىڭلارما؟ شەھەر ئىچىدە ئەۋرەز يولى راۋانلاشسا، سۇ بىلەن يۇيۇلىشىدىغان خالانى ئىشلەتسەك بۇ ئاۋارىچىلىقمۇ يوق.

خالاغا قايتىدىن ئاھاك، دورا چېچىلدى، ئارقىدىن ئەتىر سېپىلدى. ئەمما خالا تاختىسىنىڭ ئاستى تەرىپىدە سېرىق ھەرىلەر ۋىژىلداپ يۈرۈشەتتى، تۈرۈپلا ئاستى تەرەپتىن ئۈستىنگە تەرەت سۇندۇرۇش تۆشۈكى ئارقىلىق ئېتىلىپ چىقاتتى.

— ئېمىگە قاراپ تۇرىسىز، يوقاتمامسىز بۇ ئېمىلەرنى ...، رېزىنكە ئۆتۈكنى چاپسان كىيىپ، يۈز - كۆزىڭىزنى بىر نەرسە بىلەن ئوراپ خالانىڭ ئاستى تەرىپىگە كىرىپ، بۇ كاساپەتلەرنى قوغلاپ چىقىرىڭ، ھېلى بىرەرسى تەرەت قىلىۋاتقاندا چېقىۋالسا قانداق بولىدۇ؟

خالا تازىلىغۇچى بۇيرۇق بويىچە كىيىنىپ، يۈز - كۆزىنى ياغلىق بىلەن تېڭىپ، قولىغا پەلەي كىيىپ، شاخ سۈپۈرگىنى ئېلىپ خالانىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتتى. قىرىشقاندەك خالانىڭ ئارقا تام پەس تەرىپىگە سېرىق ھەرىلەر پەتنۇس چوڭلۇقىدا ئۇۋا سالغانىدى. 50 لەرنىڭ قارىسىنى ئالغان، ئوتتۇرا بوي، قىزىل كۆز بۇ ئادەم بۇ ھالەتنى كۆرۈپ، تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتتى. «خۇدا ھەققى، مېنى بىر جان باقىملى قويۇشساڭ بولمامدۇ كاساپەتلەر، قىرىشقاندەك تاپقان يېرىنى قارا بۇ ئېمىلەرنىڭ ... دورا چاچسام ھاۋاغا تاراپ كېتىپ كار قىلمايدۇ... ئۇۋىسىغا ياغ چېچىپ ئوت قويسام بىرى مىڭ بولىدۇ...» ئۇ باشلىقتىن يەنە گەپ ئاڭلاشتىن قورقۇپ، سىغىنزدا لاي يۇغۇرۇپ ھەرە كۆنىكىنى چاپلاپ، ئىچىدىكىلىرىنى سىرتقا چىقالمايدىغان، سىرتتىكىلەرنى ئىچىگە كىرەلمەيدىغان قىلىۋەتتى. ئاندىن خالانىڭ ئاستى تەرىپىگە كىرىپ ھەرىلەرنى شاخ سۈپۈرگە بىلەن ئۇرۇپ، قوغلاپ سىرتقا ھەيدەشكە باشلىدى.

شىركەتنىڭ مۇھىم ئىشلىرىغا مەسئۇل باشلىق بۇ ئادەمنىڭ خالانىڭ ئاستى تەرىپىدە يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ھەرىلەرنى قوغلاپ چىقىرىۋاتقانلىقىغا قاراپ، ئىختىيارسىز كۈلۈپ سالدى.

شۇ ئارىدا دىرېكتور خالاغا ئالدىراش كىرىپ كەلدى.

— ھە، مانا ئەمدى جايىدا بوپتۇ...، كۆرىدىغان يەرلەرنى، ئىشلارنى بىر قاتار كۆرۈپ بولۇپ، [illegible] ئولتۇرۇشتى. ئۇ ئادەمنىڭ چىرايى سەل سۈرۈن كۆرۈنىدۇ، نېمىنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. ھېلى بۇ يەرلەرگە كېلىپ قالسا بىرەر قاملاشمىغان ئىش بولۇپ قالمىسۇن. مېھمانلار كەتكىچە بۇ يەرگە بىر كىشىنى كىرگىلى قويمىسىلا.

— ماقۇل - ماقۇل، ئەتىر ئەكىلىپ چاچتۇق، خالانىڭ ئاستى تەرىپىدە سېرىق ھەرى ئۇۋا سېپتىكەن، شۇلارنى يوقىتىۋاتىمىز.

دىرېكتور بۇ ئىشەنچلىك ياردەمچىسىنىڭ جاۋابىدىن رازى بولۇپ، تەرەت سۇندۇرۇپ قايتىپ چىقتى.

— بىز بىلەن توختام تۈزىدىغان بۇ ئادەم نامى چىققان كاتتا باي، يەيدىغان، ئىچىدىغان، ئوينايدىغان ھەممە نېمىسى تەل، بىزنىڭ قىلغانلىرىمىزغا تازا خۇشىمۇ يوق ... بىر ئامال بىلەن كۆڭلىگە يېقىپ، توختامنى ئىمزالىۋالساق، ياردىمىنى قولغا كەلتۈرسەك دەيمەن قارالڭ.

دىرېكتور كىيىمىنى تۈزەشتۈرگەچ ياردەمچىسىگە شۇ گەپنى قىلىپ قويۇپ،

مېھمانلارنىڭ قېشىغا ماڭدى.

ياردەمچى خالاغا كىرىپ مېۋىلىك باغنىڭ ھىدى كېلىپ تۇرىدىغان ھاۋانى سۇمۇرۇپ، ھەرى، چىۋىندىن بىرەرسىمۇ بولمىغانلىقىغا خوش بولۇپ كۆڭلى سۆيۈندى ۋە تۇرۇپلا يۇتىسىغا بىر شاپىلاقلاپ خالانىڭ ئاستى تەرىپىدە يۈگۈرۈپ يۈرگەن ئادەمگە يەنە بىر قاراپ قويدى ـ دە، دىرېكتورنىڭ قېشىغا قاراپ يۈگۈردى ۋە بىر ئازدىن كېيىن قايتىپ كېلىپ، ھەرىلەرنى قوغلاپ يۈرگەن ئادەمگە قاراپ توۋلىدى:

— مە، ماۋۇ تازىلىق قەغىزى، خالانىڭ ئارقا تەرىپىدە تۇرۇپ قوللىرىنى شۇنداق سوزسىلا، تاختاينىڭ ئېغىزىدا ئولتۇرغان ئادەمنىڭ كاسىسىغا يېتىدىكەن ئەمەسمۇ.

— يېتىشىغۇ يېتىدۇ … نېمە قىلىمەنكىن بۇ قەغەزنى؟

— مەن بۇ يەردە ئايلىنىپ يۈرگەن بولۇپ ھېلىقى ئاساسلىق مېھمان كەلگەندە يۆتۈلۈپ سىلىگە بەلگە بېرىمەن، سىلە ماراپ تۇرۇپ، ئۇ كىشى تەرەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن قەغەزنى مۇنداقلا ئۇزۇتۇپ سۇرتۇپ قويىلىدە.

— بۇ…بۇ…بۇنداق قىلساق قاملاشماس…

— سىلى خېلى ئىشلارنى چۈشۈنىلىغۇ، دىرېكتورنىڭ بەزى ئىشلىرىنى بۇس چىقارماي جۆندەپ خېلى نەپمۇ ئېلىۋاتىلا، بۇنىڭغا كۆڭۈللىرى تارتمىسا، بولدى مەن قىلاي، دىرېكتورنىڭمۇ خەۋىرى بار.

— ھە، ياق ـ ياق، بىز تۇرغان يەردە سىلىنى بۇ ئىشقا سالساق قانداق بولىدۇ … مەيلى ئەمىسە.

ئارىدىن يېرىم سائەت ئۆتتى، تۆت ـ بەشەيلەن كېلىپ ئىچىنى بوشىتىپ چىقىپ كېتىشتى. ئارىدىن يەنە خېلى ئۆتكەندە دىرېكتور ھېلىقى مېھماننى باشلاپ بۇ تەرەپكە كەلدى. مېھمان خالاغا كىرىپ كەتكەندىن كېيىن ياردەمچىسى بىلەن كۆز ئىشارىسى قىلىشىۋالدى. ياردەمچى يۆتەلدى. دىرېكتور خالادىن خېلى ئۇزاپ ساقلاپ تۇردى. ئارىدىن خېلى ئۆتتى، ھېلىقى مېھمان چىقمىدى. دىرېكتور يەنە كۆز ئىشارىسى قىلىۋىدى ياردەمچى تەرەت سۇندۇرغىلى ماڭغان بولۇپ خالانىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئۇ بەلبېغىنى يەشكەچ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ھېلىقى مېھماننى كۆزىتىپ تۇردى. مېھمان نېمە ئۈچۈندۇر غىڭشىلداپ كۈلدى، ئاندىن ئاستى تەرەپكە دوڭغىيىپ قاراشقا باشلىدى. شۇ ئارىدا تۇيۇقسىز ۋارقىراپ تۇرۇپ كەتتى.

— نېمە قىلىق بۇ، ۋاي ئاغزىم …


تارا سۇلۇق پىشقان ئاق ئۈجمىنى ئەسكە سالىدىغان بۇ مېھماننىڭ ۋارقىرىغىنىچە ئېغىزىنى، ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى قولياغلىقى بىلەن سۇرتكەچ خالادىن چىقىپ كېتىشىگە، ياردەمچى چاچراپ بېرىپ ئاستى تەرەپكە قاراپ ۋارقىرىدى:

— ھەي! نېمە قىلغانلىرى بۇ، دوڭغىيىپ قارىسا ئېغىزىنىمۇ سۇرتىۋاتىدىلىغۇ، يوغان ئىش قىلدىلا مانا.

— ھە … مەن … مەن … بۇ يەردە تۇرۇپ قايسى ئېغىزلىقنى كۆرەلمىسەم …

**تەھرىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان**





نۇرمەھەممەت ئىمىن

# ئۆزگىرىش

(ھېكايە)

تۈن قاراڭغۇسى ئۆزىنىڭ قارا پەردىسىنى زېمىنغا ئاستا - ئاستا ياپتى. مەن ئەتىگەندىن بېرى ئۆيىمىزدىكىلەر تېرىغان قوناققا مىڭ بىر جاپالار بىلەن ئاخىرقى قېتىملىق سۇيىنى تۇتۇپ بولۇپ، ئۆيگە قاراپ يولغا چىقتىم. كىچىكىمدىن باشلاپ ئەمگەك قىلىپ پىشىپ قالغان بولسامۇ، مۇشۇ بىر يىل مابەينىدە ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلىمەن دەپ ئەمگەك قىلمىغاچقىمۇ بۇگۈنكى قوناققا سۇ تۇتۇش ئىشى مېنى خېلىلا چارچاتتى. شۇڭا بەدەنلىرىم سىقىراپ ئاغرىپ، پۇتۇمغا بىر پاتمان ئېغىرلىقتىكى نەرسىنى ئېسىپ قويغاندەك قەدەملىرىم قولاشماي، يولدا ئاستا - ئاستا مېڭىپ كېتىۋاتىمەن.

يۇرتىمىزدا سەككىزىنچى ئاينىڭ ئاخىرلىرى بولسىمۇ ھاۋا يەنىلا ئىسسىق بولىدۇ. كەچ تەرەپلىرىمۇ ئۆيلەرنىڭ ھاۋاسى ناھايىتى دىمىق بولۇپ كېتىدۇ. بۇنداق ۋاقىتلاردا يول بويلىرىغا ئۆي سېلىۋالغان كىشىلەر ئىشىك ئالدىغا چىقىپ، سالقىن ھاۋادا كەڭ كۇشادە ئولتۇرۇپ، بىر كۈنلۈك دەملىرىنى ئېلىشىدۇ. مانا ھېلىمۇ نىگان - نىگاندا ئۇلارنىڭ قىلىشىۋاتقان پاراڭلىرى، چاقچاقلىرى، ئۈنلۈك - ئۈنلۈك كۈلۈشلىرى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى. بۇ ئاۋازلارنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم بىر ئاز ئەمىن تېپىپ، قورقۇنچۇم بىر ئاز بېسىقتى. شۇ تۇرقىدا ماڭا ھەمراھ بولغىنى كونىراپ كەتكەن ۋېلىسىپىت بىلەن، ئۇنىڭ ئالدىغا ئەپچىلگىنە قىستۇرۇۋالغان كەتمىنىم. ۋېلىسىپىتىم كونىلىقىدىن ئېگىز - پەس يەرلەرگە كەلگەندە يېنىكلا سىلكىنىپ كەتسىمۇ جالاقشىپ، قوپال، سەت ئاۋازلارنى چىقىرىپ، كېچىدە تەرەپ - تەرەپتىن كېلىۋاتقان ۋەھىملىك ئاۋازلار بىلەن قوشۇلۇپ، مېنى تېزرەك مېڭىشقا ئۈندەيتتى. كاللامغا ھەر خىل قورقۇنچلۇق خىياللار كىرىۋالاتتى. ئادەم بار يەرلەرگە كەلگەندىلا ئاندىن ئېسىمنى يىغاتتىم.

ئاخىر ئۆيگە يېتىپ كېلىۋالدىم، ھويلا ئىشىكىدىن ۋېلىسىپىتىمنى غىچىرلىتىپ كىرىشىمگە ئانام ئالدىمغا چىقتى.

— تېز كىرە بالام، خۇشخەۋەر، ساڭا خۇشخەۋەر بار بالام، — مەن ئىشىكتىن كىرىشىمگە ئاكىلىرىممۇ شۇ سۆزنى تەكرارلىدى.

ئانام تەكچىدىن بىر لىپاپىنى ئېلىپ يېڭى بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ:

— بالام، ئاپىرىن ساڭا، سەن ئىمتىھاندىن ئۆتۈپسەن، ساڭا ئۈرۈمچىدىكى بىر مەكتەپتىن، يەنە كېلىپ باھارخان ھەدەڭنىڭ ئوغلى ئەلى ئوقۇيدىغان مەكتەپتىن چاقىرىق كەپتۇ...

شۇ تاپتا ئانامنىڭ خۇشاللىقتىن ئاۋازىمۇ تىترەپ، كۆزلىرىدە ياش لىغىرلاپ تۇراتتى. ئائىلىمىزدە ئاكىلىرىم شۇنچە ئوقۇغان بولسىمۇ، ھېچقايسىسى ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەن بولغاچقىمىكىن، بۇ خۇشخەۋەر شۇ مىنۇتلاردا ئائىلىمىزنى بايرام كەيپىياتىغا چۆمدۈرۈپ، خۇددى ھېيت كۈنىدەك بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئانام توختىماي سۆزلىگەچ ماڭا چاقىرىق قەغىزىنى ئۇزاتتى. بۇ بەخت ئۇچۇرى قىزىل رەڭلىك قەغەزنى ئېلىپ، ھاياجاندىن قايتا - قايتىلاپ ئوقۇدۇم:

«... ساۋاقداش مەخمۇت، سىزنىڭ مەكتىپىمىزنىڭ × × كەسپىگە قوبۇل قىلىنغانلىقىڭىزنى قىزغىن قارشى ئالىمىز...»

خەتتىن بېشىمنى كۆتۈرگىنىمدە، ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ماڭا تىكىلىپ قاراپ تۇرۇشاتتى. بۇ مەنزىرىدىن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم خۇشاللىققا تولۇپ، ھاياجان ئىلكىدە قوللىرىم تىترەيتتى. قانچىلىك دەرىجىدە خۇشال ئىكەنلىكىمنى تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن. شۇ تاپتا مەندىكى ھارغىنلىق نەلەرگىدۇر يوقىلىپ، چەكسىز خۇشاللىق ئىلكىدە ئىختىيارسىز ھالدا ئانامنىڭ باغرىغا ئۆزەمنى ئاتتىم.

ئوقۇشقا ماڭىدىغانغا ئىككى كۈن ۋاقتىم قالغاندا ئانام: — بالام، باھارخان ھەدەڭ ئاغرىپ قېلىپ، ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋېتىپتۇ. سەن مېڭىشتىن ئىلگىرى ئۇنى يوقلاپ كېلەيلى، ئۇ سېنى كىچىككىڭدىن باشلاپ ئۆز بالىسىدەك كۆرەتتى، — دەپ مېنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى. دېمىسىمۇ مەنمۇ باھارخان ھەدەمنى ئۆز ئانامدەك ياخشى كۆرەتتىم.

بىز بالىنىستقا كىرگەندە ئۇنى تونىيالمىغىلى تاسلا قالدىم. باھارخان ھەدەمنىڭ ئالمىدەك چىرايلىق دۈگىلەك يۈزلىرى سارغىيىپ، ئورۇقلاپ يۈزىنىڭ سۆڭەكلىرى چىقىپ قالغانىدى. ئۇ بىزنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ، قوزغىلىشقا تەمشەلدىيۇ يەنە بېشىنى كۆتۈرەلمىدى. بىزمۇ ئۇنىڭ قوزغالماسلىقىنى ئېيتىپ، ئاستا يېنىغا كەلدۇق. مەن ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتتۇم. كۆزۈمدە لىغىرلاپ تۇرغان ياشنى ئارانلا ئىچىمگە يۇتۇپ، ئۇنىڭدىن ئەھۋال سوردۇم. ئۇ ماڭا قاراپ:

— بالام، سېنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلىكىڭنى ئاڭلاپ، بەك خوش بولدۇم ... خۇدايىم بەختىڭنى بەرسۇن، بىچارە بالام ئەلىمۇ ياقا يۇرتتا مۇساپىر بولۇپ ئوقۇۋاتىدۇ. شۇ تاپتا ئۇنى بەك سېغىنىپ كەتتىم، بىر كۆرۈۋېلىپ كۆز يۇمسام ئارمىنىم قالمايتتى ... ئۇنى يەنە قايتا كۆرۈشكە نېسىپ بولالارمەنمۇ دەپ ئەندىشە قىلىدىغان بولۇپ قالدىم، ھەي بىچارە ئوغلۇم، ... — ھەدەمنىڭ تەستە نەپەس ئېلىپ، يىغا ئارىلاش دەۋاتقان بۇ گەپلىرىدىن ئانام ئىككىمىز ئۆزىمىزنى تۇتالمايلا قالدۇق ...

— نېمىلەرنى دەپ يۈرۈيدىغانسىز، كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ ھەدە، چوقۇم ساقىيىپ كېتىسىز، — دېدىم ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ. ئەمما ئۇنىڭ كېسىلى خېلى ئېغىردەك قىلاتتى. كۆزلىرىنىڭ نۇرىمۇ خىرەلىشىپ، نەپەس ئېلىشىمۇ قىيىنلاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ شۇ تۇرقى ئادەمگە خۇددى جانسىز بىر گەۋدىنى ئەسلىتىپ، كۆرگەن ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلغۇدەك ئىدى.

باھارخان ھەدەملەر بىلەن قوشنا بولغانلىقىمىدىن ئوغلى ئەلى بىلەن كىچىكىمىزدىن باشلاپ بىرگە ئويناپ، تاپقان نەرسىلىرىمىزنى تەڭ بۆلۈشۈپ، بىر - بىرسىمىزدىن ھېچنەرسىمىزنى ئاياشماي، ئاكا - ئۇكىلاردەك ئىنتايىن چىقىشىپ ئۆتۈشەتتۇق. ئەلى ئېگىز بوي، ئورۇق، قويۇق قاشلىق، قوي كۆزلۈك، چىرايىدىن كۈلكە يېغىپ تۇرىدىغان بالا بولۇپ، يېشى چوڭايغانسېرى تېخىمۇ تېتىكلىشىپ، كۆرگەنلا ئادەمنى مەپتۇن قىلىپ، مەسلىكىنى كەلتۈرگىدەك بىر يىگىت بولۇپ يېتىلگەنىدى.

ئەلى يالغۇز بىرلا ئوغۇل بولغاچقا، باھارخان ھەدەم بىلەن قادىركام ئۇنى خۇددى كۆز قارچۇقىنى ئاسرىغاندەك ئاسراپ، ئەتىۋارلاپ چوڭ قىلدى. ئەلىمۇ شۇنىڭغا يارىشا ئەخلاقلىق، تىرىشچان، ئەقىللىق، چېچەن بالا بولۇپ چوڭ بولدى. مەھەللىدىكى ھەممەيلەننىڭ بۇ ئۇياتچان ئوغۇلغا ئىچى كۆيەتتى. ئەلى مەندىن بىر ياش چوڭ بولغاچقا بىر يىل بۇرۇن مەكتەپكە كىردى. ھەر يىلى «3 تە ياخشى» ئوقۇغۇچى بولۇپ ناھايىتى ياخشى ئوقۇدى ھەم تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىمۇ ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملاپ، ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەنىدى. ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ساقلاپ قويغان پۇللىرى ھەم يېزىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ ئالىي مەكتەپكە ماڭدى.

ئىككىلىمىزنىڭ ئائىلىسى دېھقان، يەنە كېلىپ كىرىمى تايىنلىق بولىسىمۇ مەرىپەتپەرۋەر دېھقانلاردىن بولغاچقا، ئۇلار ئىككىلىمىزنى قىيىنچىلىقتا چىداپ ئوقۇتقانىدى.

ئەلى ئالىي مەكتەپكە ماڭغاندىن كېيىن، ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇش يۈرىكىمنىڭ قاتلىمىدىكى ئەڭ شېرىن ئارزۇلارنىڭ بىرىگە ئايلانغانىدى. ئەلى «يول يىراق بولغاچقا قىشلىق تەتىلدە ئۆيگە قايتماي، چەتئەل تىلى كۇرسىغا قاتنىشىپ» يازلىق تەتىلدە ساق بىر يىل بولغاندا قايتىپ كەلدى. ئۇ كەلگەندە بويى خېلىلا ئۆسۈپ قالغان، چاچلىرى ئۆزىگە خۇيمۇ ياراشقان، كىيىنىشلىرى پوزۇر، شەھەر بالىلىرىدەك بولۇپ، ئۇنىڭ تۇرقى باشقىچە ئىدى. مەنمۇ ئۇنى دەسلەپ كۆرگەندە تونىيالماي قالغانىدىم. ئەمدى بولسا ئۇنىڭدىن ئالىي مەكتەپ ھاياتى توغرىسىدىكى سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئوقۇش ئارزۇيۇم ھەسسىلەپ ئاشتى.

مانا ھازىر ماڭا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش پۇرسىتى نىسىپ بولۇپ، ئەلى ئوقۇيدىغان مەكتەپتىن چاقىرىق كېلىپ، كۆزلىگەن نىشانىمغا ئاخىرى يەتكەنىدىم.

— تېنچ - ئامان يېتىپ كەپسەن ئاداش، سېنىڭ بۇ مەكتەپكە كېلىدىغانلىقىڭنى دادامدىن تېلېفوندا ئۇققانىدىم. شۇڭا ئاتايىن ئالدىڭغا چىقىپ ساقلاپ تۇرۇشۇم ئىدى. جۇر ئاداش، سېنى ئەجەبمۇ سېغىنغانىدىم.

ئىككىمىز قۇچاقلىشىپ قىزغىن كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئۇ مېنى باشلاپ مەكتەپكە ئەكەلدى ۋە بارلىق رەسمىيەتلەرنى يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئۆزى بېجىردى ۋە ياتاققا كىرىپ نەرسە - كېرەكلىرىمنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن مەندىن:

— بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر بىرەر نەرسە ئەۋەتمىدىمۇ، — دەپ سورىدى.

— ئەۋەتتى، — دېدىم مەن قادىركام ئەۋەتكەن خەتنى ئۇنىڭغا سۇنغاچ. خەتنى ئوقۇۋېتىپ بىردىنلا ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى.

— نېمە ئىش؟ — دەپ سورىدىم مەن. ئەلى خەتنى ماڭا ئۇزاتتى. خەت مۇنداق يېزىلغان ئىدى:

«بالام ئەلى، ياخشىمۇ سەن؟ تېنىڭ سالامەت، ئۆگىنىشىڭ ياخشى كېتىۋاتامدۇ؟ بالام، ئالدىڭدا خىجىلمىز، ئاناڭ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغانلىقى ئۈچۈن پۇل ۋە باشقا نەرسىلەر ئەۋەتەلمىدۇق. ئېلىپ كەتكەن پۇللىرىڭنى يەتكۈزۈپ خەجلەپ تۇرارسەن، كېيىن بىر ئامالىنى قىلىپ ئەۋەتىپ بېرەرمىز، ياخشى ئوقۇغىن بالام.

ساڭا ئامانلىق تىلەپ:

داداڭ: قادىر ئاخۇن، ئاناڭ باھارخان».

خەتنى ئوقۇپ باھارخان ھەدەمنىڭ دوختۇرخانىدىكى قىياپىتى قايتا كۆز ئالدىمدا گەۋدىلىنىپ، يۈرىكىم ئېچىشىپ كەتتى. ئەلىگە قانداق تەسەللى بېرىشنى ئويلاپ، ئەلىگە قارىدىم. ئۇ ماڭا:

— ئۆزۈڭ كۆردۈڭ ماخمۇت، مەندە ئاللىبۇرۇن پۇل تۈگىگەن، دادامنى سەندىن پۇل ئەۋەتكەندۇ دەپ ئويلىغانىدىم، لېكىن ئەۋەتمەپتۇ. ئۈرۈمچى دېگەن پۇل سۇدەك كېتىدىغان يەر. ئەمدى سەن ماڭا ئەكەلگەن پۇلۇڭدىن ئازراق قەرز بېرىپ تۇرغىن، بۈگۈن كەچتە بىر ئىش ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانىدىم، — دېدى. مەن بوغۇزۇمغا كەپ قالغان گەپنى يۇتۇۋېتىپ، ئۇنىڭغا 200 يۈەن بەردىم. ئەلى ياتىقىغا كىرىپ كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ، ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، مېنى باشلاپ سىرتقا چىقتى. بىز سىرتقا چىققاندا ئاللىبۇرۇن قاراڭغۇ چۈشكەن بولۇپ، قەدەمدە بىر جۇلالىنىپ تۇرغان ئېلېكتر چىراغلىرى كېچىنى كۈندۈزدەك يورۇتۇۋەتكەنىدى. بىر بىنانىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئەلى بىناغا كىرىپ كېتىۋاتقان بىر قىزغا:

— 143 - ياتاقتىكى زۇمرەتنى چاقىرىۋەتكە، — دېدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئىشىكتىن زىلۋا بويلۇق، چاچلىرىنى سېرىق بوياتقان ئوغۇللاردەك كەستۈرۈپ ياسانغان، ئۇچىسىغا قارا قايرىما

ياقىلىق كاستيۇم، بىر غېرىچلا كېلىدىغان قىسقا يوپكا، پۇتىغا ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ كىيىۋالغان ئىككى قىز چىقىپ كەلدى ۋە ئەلىگە:

— ئادەمنى شۇنچىمۇ بىتاقەت قىلامسىز، سىزنى ساقلاپ ئولتۇرغىلى نەۋاق، قاچان چاقىراركىن دەپ كۆزىمىز تۆت بولاي دېدى، — دەپ نازلىنىشقا باشلىدى تومشۇقلىرىنى ئۈچلاپ.

— سىلەرگە بىر دوستۇم كەلمەكچى دەپ ئېيتقانىدىمغۇ، شۇنىڭ ئالدىغا چىقىمەن دەپ سەل ھايال بولۇپ قالدىم، كەچۈرۈڭلار، — دېدى ۋە بۇرۇلۇپ مېڭىشتى. مەنمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭدىم.

رەڭگا - رەڭ چىراغلار بىلەن بېزەلگەن، تۆت تېمىغا زەڭگەر رەڭ ئەينەكلەر ئورنىتىلغان چوڭ بىر زالغا كىردۇق. زالدا ئادەمنىڭ قولاق مېڭىسىنى پالەك قىلىۋەتكىدەك دەرىجىدە مۇزىكا قويۇلغان بولۇپ، زال ئىچى يۇمىلاق شىرەلەرنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشقان ئادەملەر بىلەن لىق تولغانىدى. بىزمۇ كىرىپ بۇلۇڭدىكى بىر شىرەدىن ئورۇن ئېلىپ ئولتۇردۇق. ئەلى ماڭا قىزلارنى تونۇشتۇرۇپ، بىرسىنى ئۆزىنىڭ يۇرگەن قىزى، يەنە بىرسىنى يۇرگەن قىزىنىڭ دوستى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ قىزلار ماڭا چىراغ نۇرىدا ناھايىتى چىرايلىق كۆرۈنۇپ كەتتىكى، دېمىسىمۇ ئۇلارنىڭ ئىنچىكە قاشلىرى، يوغان شەھلا كۆزلىرى ئەتراپىدىكى تىكەندەك كىرپىكلىرى ھەم يۈزىگە ياراشتۇرۇپ قىلىۋالغان گىرىملىرى بىلەن، ئۇلارنىڭ قولاق، بويۇنلىرىدىكى زىرە، مارجانلىرى ئۇلارنى خۇددى پەرىزاتتەك چىرايلىق كۆرسىتىپ تۇراتتى. مەن باشتا ئۇلار ئوقۇغۇچىلار ياتىقىدىن چىقمىغان بولسا، ئۇلارنى ئوقۇغۇچى دەپ ئويلىمىغان بولاتتىم. شۇنداق بولغاچقىمىكىن مەن ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئەيمىنىپ، تۈزۈككىرەك تىكىلىپ قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي خۇدۇكسىرەپ ئولتۇراتتىم.

بىردەمدىن كېيىن ئالدىمىزدىكى شىرەگە بىر مۇنچە قورۇمىلار كەلتۈرۈلۈپ، شىرە ئۈستى مول بىر داستىخانغا ئايلاندى. مەن مۇنداق مول داستىخاننى تېخى ئۆمرۈمدە كۆرۈپ باقمىغان، بۇ ئېسىل تائاملارغا قاراپ ھەيران قالدىم. باياتىن بىرى كۈلكە - چاقچاقلار بىلەن ئولتۇرغانلار ئەمدى تاماققا تۇتۇش قىلدۇق. سەيلەر ئەمدىلا يېيىلىشكە باشلىغاندا، تۇيۇقسىز زالدىكى رىياسەتچى قىزنىڭ:

— دوستلار، ھازىر رېستورانىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلغان پەرىخەنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى مۇبارەكلەپ، رېستورانىمىزدا مىللىيچە تانسا ئوينايلى، — دېگەن ئاۋازى بىلەن زالدا قىزغىن چاۋاك سادالىرى ياڭراپ، يېنىمىزدىكى بىر شىرەدە شاملار ئۆچۈرۈلۈپ، تورت كېسىلگەندىن كېيىن زالدا تانسا باشلىنىپ كەتتى. شۇ ۋاقىتتا ئىككى يىگىت كېلىپ، يېنىمىزدىكى قىزلارنى تەكلىپ قىلىپ تانسا ئويناشقا باشلىدى. شىرەدىكى نەرسىلەرنىڭ تۈزۈك يېيىلمەيلا ئۆز پېتى قالغانلىقىغا ھەيران بولۇپ ئولتۇراتتىم، ئەلى مېنى ئۆزىگە ئىشارە قىلىپ نوقۇپ:

— مەخمۇد، سەن نېمىگە ھاڭۋېقىپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرىسەن؟ ھەيران قالمىغىن، بۈگۈن دەم ئېلىش كۈنى، يۇرگەن قىزىمنى ئويناتمىسام بولمايدۇ، ھەم سەن كەلدىڭ، سېنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن بۇ ئىشلارنى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانىدىم، — دېدى. ئەلىنىڭ «كۈتۈۋېلىش»، «ئويناتمىسام» دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، بۇ نېمە ئىش ئۆزى، بىزنىڭ يېزىلارغا ياكى مەكتەپلەرگە يۇقىرىدىن تەكشۈرۈش ئۆمەكلىرى كېلىپ قالسا شۇلارنى كۈتۈۋالىدىغان، ئەمدىلىكتە ئەلى كىمنى كۈتۈۋالماقچى؟ مېنىما؟ مېنى نېمىشقا كۈتۈۋالىدۇ؟ مەنمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش، بەلكى ئۇنىڭدىن تۆۋەن تۇرىدىغان ئاددىي بىر ئوقۇغۇچى تۇرسام ... دېگەنلەر خىيالىمدىن كەچتى. ھەممە شۇنچىۋالا نەرسىلەرگە ئەلىنىڭ قەرز ئېلىپ تۇرۇپ پۇل خەجلىگەنلىكىنى بىلىپ، باياتىن بىرى كۆزۈمگە شۇنچە چىرايلىق كۆرۈنگەن قىزلار، بارغانسېرى سەتلىشىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى.

— ئەلى، ئەگەر پۇل بېرىپ تۇرمىغان بولسام

قانداق قىلاتتىڭ؟ نېمىشقا پۇلۇڭ تۈگىگەن تۇرۇقلۇق يەنە شۇنچىۋالا مول نەرسىلەرنى تەييارلاتتىڭ؟ سەن بىر ئوقۇغۇچى تۇرساڭ ...

— دېدىم ئۇنىڭغا قادىلىپ ئولتۇرۇپ.

— ئەمدى ياخشى كۆرگەن قىز بولغاندىن كېيىن چۈپەيلىك قىلسام سەت تۇرىدۇ. ئەنسىرىمە، پۇلۇڭنى ئۆيدىن پۇل كەلگەن هامان بېرىۋېتىمەن، سېنىمۇ كۆرىمىز تېخى، — دېدى ئۇ ئانچە پەرۋا قىلمىغان قىياپەتتە. خىيالىمدا ئەلىگە خىتاب قىلاتتىم: «مەن ساڭا باهارخان هەدەمنىڭ كېسەللىك ئەهۋالىنى ئېيتمايمەن، ئۇ ئانىسىنىڭ كېسەللىك ئەهۋالىنى ئۇقسا خاتىرجەم بولالمايدۇ دەپ ئويلايتىكەنمەن. ئەپسۇس، سەن ئۆزگىرىپسەن ئەلى، بەكلا ئۆزگىرىپسەن. كىچىكىڭدىن تارتىپ سېنى شۇنچىۋالا ئەتىۋارلاپ بېقىپ، مۇشۇنچىلىك هالغا ئەكەلگەن، كېچە - كۈندۈز ئەتراپىڭدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرگەن، ئاق سۈت بېرىپ باققان ئاناڭنىڭ كېسىلىنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە پەرۋاسىز يۈرۈۋەرسەڭ - هە؟! ...»

تانسا ئاخىرلاشقاندىن كېيىن زالدىن چىقىپ، ئوڭ تەرەپتىكى بىر كىچىك ئۆيگە كىردۇق. ئۆي ئىچىنى بىر خىل قاڭسىق، سېسىق پۇراق ۋە تاماكا ئىسى بىر ئالغان بولۇپ، نەپەس ئېلىشمۇ ناهايىتى قىيىن ئىدى. ئۆيدە سىنئالغۇ كۆرۈپ 15 — 20 گە يېقىن دېگۈدەك 20 — 25 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان، هەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كىچىك جۈپ - جۈپ قىز - يىگىتلەر ئولتۇرۇشاتتى. بىزمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن سىغدىلىشىپ ئورۇن ئېلىپ، بۇلۇڭدا قويۇلۇۋاتقان سىنئالغۇنى كۆرۈشكە باشلىدۇق. بۇ كېچە سائەت 11 بولغان ۋاقىت بولسا كېرەك. ئۆيدىكىلەرنىڭ بەزىلىرى بىر - بىرىگە يۆلىنىپ ئۇخلاۋاتقان، بەزىلىرى تېخىچە ئۆرە ئولتۇرۇپ سىنئالغۇ كۆرۈشۋاتاتتى. ئارىلىقتىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن تاڭ كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام، ئۆيدە يەنىلا ئاۋۋالقىدەك مەنزىرە، يېنىمدىكى قىزغا قارىدىم. ئۇمۇ ئەتراپىدىكى نەرسىلەردىن بىخەۋەردەك سافاغا يۆلىنىپ، كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ ئۇخلاۋېتىپتۇ. ئەلىگە قارىدىم، ئەلى هېلىقى يۈرگەن قىزنىڭ بىلىدىن قۇچاقلىۋالغان، قىز ئەلىنىڭ بوينىغا گىرە سېلىۋالغان بولۇپ، ئىككىسى دۇنيانى ئۇنتۇغان هالدا ئىرماش - چىرماش بولۇپ كېتىشكەنىدى.

توۋا خۇدايىم، بۇ نېمە ئىش؟ مەن بۇلارنى خاتا تونۇپ قالمىغاندىمەن؟ ئەلى مېنىڭ يېقىن دوستۇم، مەن هەۋەس قىلىدىغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، مەن ئوقۇشنى ئارزۇلاپ كەلگەن، ئوقۇش ئۈچۈن تۈنجى قەدىمىمنى ئېلىپ، مەن سېپىگە قېتىلىش ئالدىدا تۇرغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى شۇمۇ؟ مەن چۈش كۆرۈۋاتىمەنمۇ - يا؟... ياق ... بۇ چۈش ئەمەس، كۆز ئالدىمدىكى رېئاللىق ...

ئەلىنىڭ ئىشلىرى مېنى ئەجەبلەندۈرۈپ، مېڭەمنى قوچۇۋاتقاندا ئىككىسىنىڭ قىلىۋاتقان قىلىقلىرىدىن جان - پېنىم چىقىپ كېتەي دەۋاتاتتى. شۇ تاپتا كۆز ئالدىمدا، خىيال ئېكرانىمدا ئىككى خىل كۆرۈنۈش: باهارخان هەدەم، قادىر كاملارنىڭ ئەلىنى كىچىكىدىن باشلاپ ئەتىۋارلاپ باققانلىرى، ئۇنى ئوقۇتىمىز دەپ تارتقان جاپالىرى، باهارخان هەدەمنىڭ دوختۇرخانىدا يېتىپ «بىچارە بالام، ياقا يۇرتتا مۇساپىر بولۇپ ئوقۇۋاتىدۇ، ئۇنى بىر كۆرۈۋېلىپ كۆز يۇمسام ئارمىنىم يوق ...» دەپ پىچىرلاشلىرى، ئېغىر جاپا چەكسىمۇ بالىمىز ئۈچۈن دەپ تېنىم تاپماي ئىشلەيدىغان ئاتا - ئانىلار بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىمدا نامايەن بولۇپ، بۇ ئىككىسىنىڭ هايا دېگەن نەرسىنى، ئىنسان غورۇرىنى قايرىپ قويۇپ قىلىۋاتقان سەت قىلىقلىرى ئەلىگە بولغان غەزەپ - نەپرىتىمنى ئۇلغايتسا، باهارخان هەدەمنىڭ كېسەل ئازابىدىن قىينىلىۋاتقان، ماغدۇرسىزلىنىۋاتقان مەجرۇھ تېنى يۈرىكىمنى لەختە - لەختە قىلىپ ئازابلىماقتا ئىدى.

تەھرىرى: دىلنۇر ئابلىز



ئامىنە ئابدۇغېنى

# ئۇيغىنىش

(نەسىر)

ئەزىزىم، سەن بىلەن تۇنجى قېتىم سۆيگۈ لەززىتىگە چۆمگەن ئاشۇ كونا جايغا ئادىتىم بويىچە يەنە كەلدىم.

بەلكىم، سەن ئاللىقاچان بۇ جاينى ئەستىن چىقىرىپ قويغان بولۇشىڭ مۇمكىن.

لېكىن مەن بۇ يەرنى — ئەتراپى سۆگەت بىلەن قاپلانغان بۇ خىلۋەت ماكاننى ئۇنتۇمىدىم.

سەن تاشلاپ كەتكەن ئاشۇ بىر يىلدىن بېرى، مەن بۇ يەردە قانچىلىك پەرىشانلىق بىلەن مىسكىنلىككە تولغان ئازابلىق مىنۇتلارنى باشتىن كەچۈرمىدىم - ھە!

مەن ئاشۇ چاغدا سېنىڭدىن ئايرىلىپ قانچىلىك ئۈمىدسىزلىك، چۈشكۈنلۈك پاتقىقىغا پاتقانلىقىمنى، ئاشۇ زەربە تۈپەيلى تالاي - تالاي كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ياش تۆكۈپ ئۆتكۈزگەنلىكىمنى سەن ئەلۋەتتە ھېس قىلالمايسەن! !...

چۈنكى، سېنىڭ بىلىدىغىنىڭ سۈنئىي كۆلكە قاپلىغان گۈزەل چىرايلار، يالغان ناز - كەرەشمىلەر ...

سەن ئۇچۇن ئازابلىنىۋاتىمەن، ئەزىزىم! سەن ئۆمۈر بويى چىن سۆيگۈنىڭ، ھەقىقىي سۆيۈش - سۆيۈلۈشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەي ئۆتەرسەنمۇ؟ ؟...

مەن ھازىر تۇنجى سۆيگۈ گۈلۈمنىڭ سەندەك شاللاق ئادەم تەرىپىدىن نابۇت قىلىنىۋېتىلگەنلىكىدىن ئۆكۈنمەيمەن. ئاشۇ سۆيگۈ، ماڭا ئۆزەمنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى، نېمە قىلىشىم كېرەكلىكىنى، قانداق ياشىشىم لازىملىقىنى تونۇتتى. مېنى بىر يىل تۈگىمەس - پۈتمەس ئازابلار قوينىغا ئىتتىرگەن ئاشۇ تۇنجى سۆيگۈم مېنى تاۋلىدى، مېنى قايتىدىن ئادەم قىلدى.

سەن ماڭا تۇنجى قېتىم سۆيگۈ ئىزھار قىلغان، قەلبىمگە تۇنجى قېتىم سۆيگۈ ئۇرۇقى چاچقان ئاشۇ ئورۇندا، ئىلگىرىكىگە ئوخشاش چۈشكۈنلۈك، ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پېتىپ ئەمەس. بەلكى ۋۇجۇدۇم ياشاشقا بولغان ئۈمىد، مۇشكۈلچىلىك ئۈستىدىن غالىپ كېلىشكە يېتەرلىك جاسارەت بىلەن دولقۇنلىماقتا. جىسمىمدىكى ئەڭ ئاخىرقى زەئىپلىكىممۇ ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلۈپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلماقتا.

ئۆزەمنىڭ سەندەك بىر ھەقىقىي سۆيگۈنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان ئادەم ئۈچۈن ھېچنېمە بىلەن ھېسابلاشماي، ئىتائەتمەنلىك بىلەن تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنغانلىقىم ئۈچۈن ئۆكۈنۈۋاتىمەن.

ئاھ! مەن شۇ چاغ نەقەدەر قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان ئاجىز بەندە ئىدىم - ھە!...

مانا ئەمدى چۈشىنىۋاتىمەن، ئاشۇ بىلىمگە تەشنا مەسۇم، سەبىي غۇنچىلىرىم ئۈچۈن ئاداققى ئۆمرۈمگىچە كۆرەش قىلىشىم كېرەككەن ...

ئاھ! ئەزىزىم، قىز سۆيگۈسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟ لېكىن سەن بىلمەيسەن! بۇنداق سۆيگۈنى ئەبەدى ھېس قىلالمايسەن. كونىلار «قىز سۆيگۈسى قىرىق يىل بولىدۇ» دېيىشىدىكەن. ئەپسۇس، مېنىڭ قەلب خانەمدە سەن ئۆز قولۇڭ بىلەن دەپنە قىلىۋەتكەن قەبرىلا بار.

بىلەمسەن ئەزىزىم، مەن ئەمدى پەرىشانلىق، مىسكىنلىك، ھىجران پاتقىقىغا پېتىپ يۈرۈشنى خالىمايمەن.

ئەزەلدىن ئۆزەمنى بۇگۈنكىدەك جاسارەت ۋە پۈتمەس - تۈگىمەس (ئاخىرى 26 - بەتتە)

**ئايگۈل روزى**

# سېنتەبىر خاتىرىسى

(نەسر)

مەن تا هازىرغىچە سېنتەبىرنىڭ ئاشۇ كۈننى قانداق ئۆلۈغلاشنى بىلمەيمەن. پەقەت ئاشۇ كۈندىكى جەلپكار مەنزىرىلەرنى، ئوت بىلەن نۇرغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان گۈزەل ئەستىلىكلەرنى يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا يوشۇرۇپ سەرگەردان بولۇپ يۈرىمەن.

چۈنكى، بۇ كۈن مېنىڭ هاياتىمغا نۇرغۇن قىممەتلىك ئەسلىمىلەرنى. ئازابلىق بولسىمۇ ئەمما چىرايلىق كەچۈرمىشلەرنى، ئۇنتۇغىلىمۇ - يۇتقىلىمۇ بولمايدىغان تەڭداشسىز شېرىن خاتىرىلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن. بەلكىم مەن مەڭگۈ ئاشۇ كۈننىڭ ئۇنتۇلماس ئەسلىمىسى بىلەن ياشارمەن.

ئۇ سېنتەبىرنىڭ سۆيۈملۈك بىر ئاخشىمى ئىدى. مەن مۇزىكا بىلەن تولغان خانىمدە تەنها ئولتۇرۇپ، ئاي نۇرىدىن توقۇلغان چۈش پەردىسىنى يۇمران ھېسلىرىم بىلەن ئاستا چۈشۈرۈۋاتاتتىم. كىمدۇر بىرسىنىڭ مەن ياقتۇرىدىغان جەلپكار سىماسى كۆز ئالدىمدا زاھىر بولۇپ كۆڭلۈمنى ئۆزىگە تارتتى... دەل شۇ پەيتتە، ئىشىكىم چېكىلگەندەك بولدى. كۆزلىرىم مېھرىلىك چاقناپ نۇرىدىغان ئاشۇ بىر جۈپ كۆز بىلەن ئۇچراشتى. تەنلىرىم كۆيۈشكەندەك بولۇپ، قوللىرىم تىترىدى...

مەن ئىسەنكىرىگەن، تەئەججۈپلانغان هالدا ئۆيۈمنىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە قاراپ چىقتىم. ئەپسۇسكى، گۇگۇم كۈيىنىڭ ئاداققى ناۋالىرىلا مېنى يېنىك تەۋرىتىپ تۇراتتى...

مەن يىغا ئولاشقان ئاۋازىم بىلەن ئۇنىڭغا «مەن بىر نامرات ئادەم، مەندە بارى پەقەت تەسۋىرلىگۈسىز تەنهالىق، سىر ئېلىپ كەتكۈدەك ھېچنەرسەم يوق، ئۆتۈنۈپ قالاي، ئىشىكىمگە يېقىنلاشماڭ» دەپ ئىلتىجا قىلماقچى بولدۇم. بىراق ئىشىكىم ئالدىدا ئۇنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئەمەس، بەلكى سىرلىق جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەن ئىدى. كۆڭلۈمدە بىر خىل يىرىملىق، تەشنالىق باردەك قىلاتتى...

مەن چۈش كوچىسىغا ئەمدىلا قەدەم بېسىشىمغا ئۇ بىر پارچە بۇلۇتقا ئولتۇرۇپ كېلىپ ماڭا تاڭ ئاتقۇچە ھەمراھ بولىدىغانلىقىنى، مېنىڭ ھېچنەرسەمنى ئېلىپ كەتمەيدىغانلىقىنى، ئەكسىچە بولغاندا ماڭا نۇر ھەم سۆيگۈ ھەدىيە قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئاندىن قوللىرىمنى تۇتۇپ چېكە چاچلىرىمنى سىلىدى ھەم تەشنالىق بىلەن ئۇزاققىچە قارىدى... مەن بولسام ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تۆكۈلگەن ھارارەت ۋە مۇھەببەتكە بەرداشلىق بېرەلمەي پۇچىلاندىم.

ئۇ، تاغ لەيلىسىدەك يۇمران لەۋلىرى بىلەن چاچلىرىمغا قانماي سۆيدى... ئۆيۈم نۇر بىلەن تولغاندا ئۇنىڭ لەۋلىرىدىن لەۋلىرىمگە، يۈرىكىمگە قان تامچىلاپ چۈشۈشكە باشلىدى ... مەن ئۇنى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلىماقچى بولۇپ ئۆزۈمگە تارتتىم ... بىزنىڭ لەۋلىرىمىز يەنە ئۇچراشتى. ئۇنىڭ هاياتىي كۈچكە باي تىنىقلىرى، تىنىقلىرىمدىن- تىنىقلىرىمغا سىڭىپ كەتتى...

ئۇ مېنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كۆپ يەرلەرگە ئاپاردى. يۈرىكىمگە قانغۇدەك سۆيگۈ ناخشىلىرىنى ئېيتىپ بەردى.

ئۇنىڭ ناخشىلىرى ھېسلىرىمنى ئاۋۇندۇرۇپ كۆڭلۈمنى ئويغاتتى، لېۋەن ئاۋازى ئوت ئارىلىشىپ كەتكەن نەپەسلىرىمنى تىترەتتى. پۈتۈن دۇنيا مۇزىكا بىلەن تولۇپ، ئەتراپقا خۇشپۇراق تارالغاندا ئۇ كۆزلىرىمگە يېنىش - يېنىشلاپ سۆيدى ھەم ماڭا نۇردىن ياسالغان لوڭقىغا سېرىن گۈل ياپرىقى، ياۋا ئەنبەر شاخلىرى، جىگدە چېچەكلىرىدىن دەستە تىزىپ يۈرىكى بىلەن قوشۇپ ھەدىيە قىلدى.

ماڭا يەنە ئاق ھەم ھالرەڭ يىپەك كىيىمدىن بىر نەچچە قۇر ئەكىلىپ بەردى. مەن ئۆتىدىغان ھەممە كوچىلارنى يورەڭ رەڭلىك قىلىپ بېزەپ چىقتى ھەم مېنى ھەقىقەتەنمۇ سۆيىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭغا ئۈمىد بىلەن تىكىلدىم. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن تەشنالىق تۆكۈلۈپ تۇراتتى. بۇ چاغدا مېنىڭ يۈرىكىممۇ ئۇنىڭ ئاياغلىرىغا رىشتە ۋە مۇھەببەت بىلەن تىنماي سۆيۈپ چىقتى. بىزنىڭ ھېسلىرىمىز تىترەپ،

روھلىرىمىز لەرزىگە كەلدى. بىز ئۆزگەردۇق، بىز باشقىچە بولۇپ قالدۇق...

خەيرلىشىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلگەن بولسا كېرەك. ئۇ قوللىرىمنى چىڭ سىقىپ، كۆز ياشلىرىنى سەلدەك ئاققۇزۇپ تۇرۇپ، مەن بولمىسام ھاياتىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدىغانلىقى، كۆڭۈل بويى ماڭا ۋە مېنىڭ مۇھەببىتىمگە تەشنا بولۇپ يۈرىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى ھەم يەنە نۇردەك سىلىق ۋە جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن ماڭا مۇڭلۇلارنى ئېيتىپ بەردى.

«ماڭا ئىشىنىڭ، مەندىكى بۇ تەشنالىقىڭمۇ شۇ قەدەر پاك ھەم چەكسىز ئىكەنلىكىگە ئىشىنىڭ، سىزگە ئېيتىپ بەرسەم بۇ تەشنالىق قوزغىلىش نۇقتىسى يوق، زامانلاردىن كېلىۋاتقان يەنە بىر خىل تەشنالىق بىلەن تولغان، بۇنداق تەشنالىقنىڭ مەڭگۈ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، سىزنى سۆيىمەن ... بىز چوقۇم سېنتەبىرنىڭ مانا مۇشۇنداق خاسىيەتلىك بىر كۈنىدە مۇرادىمىزغا يېتىمىز. خەير، مېنى ئۇنتۇماڭ ... »

مەن ھەسرەتلىك ياش تۆكۈپ كۆڭلۈم پەرىشان ھالدا ئۇنىڭغا تىڭىندىم. قەلبىمدىكى مايىللىق ھەم قىيالماسلىقلارنى ئېلىپ ئايىغىغا تاشلاپ، ئۇنىڭغا چوقۇندۇم. يۈرىكىم «ئەي ئادەم، مەن سېنى قانداقمۇ ئۇنتالايمەن؟» دەپ توختىماي يىغلىدى.

ئۇ گويا ھەممە مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىپ بولغاندەك يۈرىكىم ئۈستىگە مۇھەببەت ۋە ئۈمىدنى ئاۋايلاپ قويدى ـ دە، سېنتەبىرنىڭ شەپەق رەڭلىك سەھىرىگە مۇڭ ھەم پىراق ئارىلاش ئىز قالدۇرۇپ كېتىپ قالدى.

مەن ئۇنىڭ كەينىدىن بار كۈچۈم بىلەن يۈگۈرمەكچى بولدۇم. بىراق ئاياغلىرىم قولاشمىغاندەك بولۇپ يۈرىكىم يېتىمسىرىغان ھالدا ئويغىنىپ كەتتىم ...

ئۆيۈم نۇر ۋە خۇشپۇراق بىلەن تولغان، ئەتراپىمدا گۈزەل سۈرەتلەر ۋە بىغۇبار شادلىقلار تۆكۈلۈپ ياتقان. ئەنە، ئۇ قالدۇرۇپ كەتكەن يىپەك كىيىملەر، يۈرىكىم ھاياجاندىن يېرىلغۇدەك بولدى.

يېزىق ئۈستىلىمدە ناز ۋە جەزبىسى بىلەن كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇرىدىغان بىر دەستە گۈل ھەم ئۇتقاشتەك جۇلالىق قىزىل تاشلىق خاتىرە تۇرۇپتۇ.

كۆزۈمگە ئىشەنمەيلا قالدىم. ئاھ، ئۇنىڭ لېۋىدىن تۆكۈلگەن قانغا، يۈرىكىمدىكى توختىماي كۆيۈۋاتقان ئوتقا ئوخشايدىغان قىزىل رەڭلىك سېنتەبىر خاتىرىسى.

مەن خاتىرىنى قولۇمغا ئاۋايلاپ ئېلىپ، ئۇنىڭ نۇرانە قۇرلىرىنى لېۋىمگە تەككۈزدۈم. كۆزلىرىم يورۇدى، ھاياتىم قۇتلۇقلاندى، ئۆمۈر بويى يەتكۈدەك ئىلھامبەخش روھ ۋە بىر خىل شېرىن سېزىم پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى چىرمىۋالدى. قەلبىمگە خۇشاللىق ياماشتى. شۇ تاپتا ئاللانىڭ بارلىق مېھرى ـ شەپقىتى بىرماڭلا يېغىشقا باشلىغاندەك بىلىنىپ كەتتى.

مەن خىلمۇ ـ خىل ھېسسىياتلا ئىچىدە يۈرۈپ، نۇرغۇن ناخشىلارنى ئېيتتىم. ھالبۇكى، ھەممە ناخشىلىرىم ماڭا ئۇ كېلىدۇ، چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ دەپ جاكارلاپ تۇردى.

مانا، بۇگۈنگە كەلگەندە، ئۆزۈندىن بۇيان ساقلىنىپ كەلگەن بۇ چىرايلىق مەخپىيىتىم يۈرىكىم قېتىدىن ئېتىلىپ چىقىپ كەتتى:

— ئاھ ئۇلۇغ رەببىم، ساڭا ئېيتىپ بەرسەم، بۇ مېنىڭ چۈشۈم ئەمەس ئىدى!

تەھرىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

---

(بېشى 24 ـ بەتتە) ھاياتىي كۆچكە تولغان ھالەتتە ھېس قىلىغان ئەمەسمەن.

ئەزىزىم، ئەتراپىمدىكى سۆگەتلەر، گۈللەر، شىرىلداپ ئېقىۋاتقان سۇلار خىيالىمغا جۆر بولۇپ، تاتلىق شىۋىرلاپ «ئويغان قىزچاق! گۈزەل ھايات كۆز ئالدىڭدا» دەۋاتقاندەك تۇيۇلىۋاتىدۇ.

توغرا! يېڭى ھاياتنى كۈتۈۋېلىشىم كېرەك. ۋۇجۇدۇم يېڭىچە ھاياتنى كۈتۈۋېلىش تەشنالىقى بىلەن چاڭقىماقتا. چۈنكى، مېنىڭ گۈزەل كۈنلىرىم كۆز ئالدىمدا. ئاشۇ سەبى، مەسۇم گۈل ـ غۇنچىلىرىم ئارىسىدا ...

تەھرىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

# شېئىرلار

ئەنۋەر ھىدايەت

## سۆيگۈگە لىق تولسۇن بۇ كەڭرى جاھان

بىر گۈزەل ئارماندا تاشلانغان قەدەم،
مەنزىلگە ئۇلىشىپ چاچقاندا پۇراق.
نىگارنىڭ ۋەسلىگە يەتكەندە شۇدەم،
ئۇنىڭ يول بىز ئۈچۈن تۇيۇلماس يىراق.

ھەممىنى ئۇنتۇپلا بولىمىز خۇشال،
«ئىڭگە» دەپ دۇنياغا كۆز ئاچسا بوۋاق.

ئوكياندىن ئۆتۈشكە تاپىمىز ئامال،
قوغلىسا بىر قاتىل كۆتۈرۈپ پىچاق.

ھاتەمنى ئۈلگە قىپ كۈتىمىز ھامان،
مېھماننىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈپ تاۋاق.
سۆيگۈگە لىق تولسا بۇ كەڭرى جاھان،
كېرەك يوق كىيىمگە چۈشىمۇ ياماق.

## سىڭلىمغا

بەخت ياغدۇر ئەلنىڭ بېشىغا،
بىر دەقىقە كەتمىسۇن زايە.
قارچۇقۇڭدا كۆكلىسۇن زېمىن،
ئالقىنىڭدا ئېچىلسۇن لالە.

زىنىقىڭدا تۇنگەن يۇلتۇز،
كىرىستالدەك تۇرسۇن پارقىراپ.

نىلۇپەردەك ئېچىلساڭ كۈلۈپ،
ئۆلۈك دېڭىز ئاقسۇن شارقىراپ.

تىنىقىڭدا رەڭلەنسە ئۈپۈق،
قۇياش تازىم قىلسۇن ئالدىراپ.
سۆيگۈ نۇرى ئاشۇ چېھرىڭدە،
جۇلالانسۇن مەڭگۈ يالتىراپ.

## «دادا» دەپ چىققاندا قىزىمنىڭ تىلى

«دادا» دەپ چىققانداقىزىمنىڭتىلى،
ھىلال ئاي ئۆيۈمگە كەلدى پەتىلەپ.
شادلىققا تويۇنغاچ تەبىئەت دىلى،
شوخ سابا يۈزۈمگە سۆيدى ئەركىلەپ.

«دادا» دەپ چىققاندا قىزىمنىڭ تىلى،
قوش قوللاپ چاي تۇتتى خىزىر بوۋايىمۇ.

ئۆزگىچە پارلىدى ئۇپۇقتا قۇياش،
ھاسىنى تاشلىدى ئاقچاچ مومايىمۇ.

«دادا» دەپ چىققاندا قىزىمنىڭ تىلى،
ھويلامغا ئەتىرگۈل ئۈندى لىققىدە.
بۇرناكۇن كۆز ئاچقان ئەتىىز باچكامىمۇ،
كۆك تامان پەر قېقىپ ئۇچتى لىككىدە.

«دادا» دەپ چىققاندا قىزىمنىڭ تىلى،
ئاققۇغا ئايلاندى ئۆيۈمنىڭ تېمى.
تۆكۈلگەچ بېشىمغا بەخت يۇلتۇزى،
بولاقتەك ئۇرغۇپ تومۇرۇم قېنى.

## سەن كۈلسەڭ قۇياشمۇ كۈلىدۇ بىرگە

قۇياشنى تۇغقانمۇ ئەسلىدە ئۆزۈڭ،
سەن كۈلسەڭ قۇياشمۇ كۈلىدۇ بىرگە.
گەر كۈلسەڭ تۈن قوينى يورۇپ ۋاللىدە،
يۇلتۇزلار تازىم قىلىپ ئېگىلەر سىزگە.
لوقماننىڭ مەلھىمى سېنىڭ كۈلكەڭمۇ،
بىر كۈلكەڭ - بىر ئامەت ئېلىپ كېلەر بىزگە.

ئاڭلىسا كۈلكەڭنى تاپىدۇ تەسكىن،
بەزلىسە توختىماي يىغلىغان بوۋاق.
ئۇن قۇياش تەپتى بار كۈلكەڭدە ئانا،
كۈلۈپتۇر كۈلكەڭدىن بولمايلى يىراق.
سەن كۈلسەڭ جاھانمۇ كۈلىدۇ بىرگە،
چۈنكى سەن جاھانغا يېقىلغان چىراغ.

## سەن شۇنداق ياشىغىن

سەن شۇنداق ياشىغىن قۇياش تاڭ قالسۇن،
تىنىقىڭ جاھانغا بەرسۇن ھارارەت.
كۆلچەكتە پىلتىڭلاپ ئۈزسۇن بېلىقلار،
دېكابىر ئېيىدا كۈلسۇن تەبىئەت.

ئاي بولۇپ كېچىنى يورۇتقىن ئۆزۈڭ،
يۇلتۇزلار قولۇڭغا قونسۇن ئەركىلەپ.

باشقىلار بىر كۆرۈپ داغسىز چېھرىڭنى،
تازىم قىلىپ ئېگىلسۇن شۇئان تەمتىرەپ.

قەدىمىڭ يەتسە گەر چەكسىز ئورمانغا،
قۇشلارمۇ سايرىشىپ ئەيلىسۇن ناۋا.
«يىگىتكەن» دەپ بىلىپ تەگرىمۇ سېنى،
قۇتلۇقلاپ بېلىڭگە باغلىسۇن تاۋار.

**مەتتۇرسۇن ھەسەن**

تەھرىرى: **دىلنۇر ئابلىز**

## سۆيگۈ ساھىلى

خۇشپۇراقلىق باھار كېچىسى،
ئاق چېچەككە پۈركەنگەن دالا.
گۈلگۈن تاڭدەك تىنىقلىرىمدىن،
ئۆكسۈپ چىقار رەڭدار لېرىكا.
سېغىنىشنىڭ يالقۇنلىرىدىن،
كەتتى دىلدا سۆيگۈلەر ئېرىپ.
نۇر ۋەسلىگە چۆمگەن مۇھەببەت،
چۈشلىرىمگە كەتتى سىڭىشىپ.
يۈرىكىمدىن چىقتىم يۇلقۇنۇپ،
گۈللەر ئارا تەلمۈردۈم ئۇزاق.
ئايرىلماقنى قىلساممۇ نىيەت،
كېتەلمىدىم سېنىڭدىن يىراق.
ئەمما...
سۆيگۈ ئىزھار قىلمىدىم بىراق.

ئاتەش يازنىڭ ئىللىق كېچىسى،
تونۇش باغچا، تونۇش ئورۇندۇق.
سۆيگۈ ھىدلاپ كەلگەندەك قۇشلار،

ئىككىمىزلا يەنە ئۇچراشتۇق.
نىگاھلاردا ئۇچقۇندار ئۇمىد،
نىسىۋىسىز ۋە لېكىن لەۋلەر.
يىراقلاردا پەي قاقار يۈرەك،
بەرىسىمۇ پەيت پىنھان ئورمانلار.
تۈن قوينىغا سىڭگەندەك قۇياش،
كۆۋەجىدى سۆيۈملۈك پىراق.
يېنىمدىنلا ئۆتتۈڭ خۇرسىنىپ،
قۇش قەپەزدىن كەتكەندەك يىراق.
ئەمما...
مەن يېنىڭغا بارمىدىم بىراق.

تاڭدەك گۈزەل كەچكۈز كېچىسى،
ئاي رەڭگىنى ئالغان تەبىئەت.
ئىزگۈلۈكتە پاكلىنىپ ھېسلار،
دىلنى كېزەر ھارغىن مۇھەببەت.
سۆيۈلۈشنى ئۇيلىغىنىم راست،
دەر گۇمان يوق دوستلۇقىمىزدا.
يارمۇ مېنى سۆيگەندۇ بەلكىم،
ئۇچراشقاندا روھلار قوينىدا.
مەكتۇبلىرىم كەچكۈز ياپرىقى،
نۇر تۆكىدۇ مەڭزىڭدە زىناق.
ۋىسال ئىزدەپ چوغلاندى روھلاق،
كېتەي دېدىم يېنىڭدىن يىراق.
ئەمما...
كېچەلمىدىم سۆيگۈڭدىن بىراق.

قارا قىشنىڭ ئۇزۇن كېچىسى،
«دالىدا قار، قەلبىمدە باھار» ①.
كىملەرنىدۇ پىنھان پىچىرلاپ،
قىلماقتىمەن سۆيگۈمنى ئىزھار.
يارنى كۈيلەپ تولۇلايمەن ناخشا،
شېئىر يازىمەن يارغا بېغىشلاپ.
ۋىسال قۇچقاچ سۆيۈملۈك تاڭدا،
يار سىماسى دىلدا يېلىنجاپ.
ئۆيۈڭ تامان تاشلىدىم قەدەم،
ئىشىكىڭنى چېكەي دەپ تىزراق.
ئۆي ئالدىڭدىن ئۆتتۇم نەچچە رەت،
ئەمما...
مەن ئۆيۈڭگە كىرمىدىم بىراق؟...

تەھرىرى: تۇرسۇنجان مۇھەممەت

**مۇتەللىپ ماخسۇر**

# ئۆلۈپ كەتكەن بىرقىزغا ...

دىلرەبا ئۇ تەنلەر كۆمۈلگەن بۇندا،
يوق ئەمدى شاد كۈلۈش، مەستانە كۆزلەر.
شامالللار توزىتار تۇپراقنى بۇ دەم،
كۆمۈلگەن تۇپراققا ئۇ يارقىن سۆزلەر.

بۇ ئۆيلەر غېرىبتۇر، ھۇۋلايدۇ تىمتاس،
ئاڭلانماس ھېچكىمنىڭ ئاياغ تىۋىشى.
گۈل سانجىپ ئۆتىدۇ قەبرىگە باھار،
ۋە كەچكۈز ياغدۇرار ئاچا كۆز يېشى.

نېمىشقا يۈتتى يەر؟ بىلمەيمەن بۇنى،
مۇسىبەت قەلبىمنى غاجايدۇ تىنماي.
قالمىغان ئۇنىڭدىن ھەتتا بىر سۈرەت،
ئەسلىتەر تۇرقىنى دەردمەن تولۇن ئاي ...

تەھرىرى: **دىلنۇر ئابلىز**

① بۇ مىسرا ئۆمەر مۇھەممەت ئىمىنىنىڭ

# شېئىرلار

مۇھەممەتئىمىن قۇربان

## مەن ئوخشايمەن چولپانغا

سەپداشلىرىم دېدى ماڭا: «چولپانسەن،
پەخرىمىز سەن يېزىلمىغان داستانسەن.
سەپەرگە تاڭ ئاتلانغانتۇق سەن بىلەن،
بىزدىن ئۆزاپ كەتتىڭ نەچچە داۋان، سەن».

يورۇقىنمۇ ئۆتنە ئالغان قۇياشتىن،
يوق چولپاننىڭ زەررىچە ئوت - ئىسسىقى.
زۇرۇرلۇكى سەھەرگىلا زىننەت ئۇ،
تېپىلمايدۇ ئۇندىن ئۆزگە كېرىكى.

چولپان كۈندىن قاچۇرىدۇ ئۆزىنى،
تۈن كەلمىسە ئاچالمايدۇ كۆزىنى.
كېتەلمەيدۇ بىر قەدەممۇ يۆتكىلىپ،
بۇلۇت - تۇمان توسۇۋالسا يۈزىنى.

ئويلاپ باقسام مەن ئوخشايمەن چولپانغا،
نەتىجەم ئاز، يېتەرسىزلىك — كېمىم كۆپ.
نېمە بىلەن تولۇقلاي دەپ ئۆزەمنى،
سوئالىم كۆپ، خىيالىم كۆپ، غېمىم كۆپ.

## قىشتىكى باھار

جېنىم قىينالدى ئاغرىقتىن،
گويا ئالدىمدا دار كۆردۈم.
ئۆزەمنى قويغىلى جاي يوق،
ئەجەب بىچارە خار كۆردۈم.

ئازابنى قوغلىدى مەندىن،
شىپالىق زۇلپىقار كۆردۈم.
ئايلىنىپ ئەينى مەجنۇنغا،
يېنىمدا لەيلى - يار كۆردۈم.

يېنىمغا كەلدى دوختۇرقىز،
گويا قىشتا باھار كۆردۈم.
گۈزۋاھتۇر قەلبى ئاقلىقتا،
خالاتنى خۇددى قار كۆردۈم.

تىكلىنىپ قايتىدىن قەددىم،
بويۇمدىن تىك چىنار كۆردۈم.
خوشلاشتۇق پايلىماي قالدىم،
چىرايىدىن ئانار كۆردۈم.

## بىزنىڭ جىمى رىسقىمىز

باقتى ئانا يەر - زېمىن،
ئائەزەلدىن ئىنساننى.
قارشى ئالدى - ئۇزاتتى،
تۈمەن مىليون مېھماننى.

قولىمىزدىن كەلمەيدۇ،
ياساش زېمىن - تۇپراقنى.
تاپالمايمىز زېمىندەك،
بىزگە يۆلەك ئامراقنى.

بىز زېمىندىن ئايرىلساق،
بىر ماكان يوق بارغىدەك.
تېپىلمايدۇ ھاۋامۇ،
نەپەسكە بىر ئالغىدەك.

يەرنىڭ ئاستى - ئۈستىدە،
بىزنىڭ جىمى رىسقىمىز.

قىشنى باھار قىلىدۇ،
ئانا يەرگە ئىشقىمىز.

بىز زېمىنىنىڭ ئىگىسى،
زېمىن - بىزنىڭ مۈلكىمىز.
يەر - زېمىننى ئاسرىساق،
ئۈزۈلمەيدۇ كۈلكىمىز.

## ئاھ كەپتىرىم

قانىتىنى قىرقىۋەتتىم كەپتەرنىڭ،
كەڭ ئاسمانغا قاچمىسۇن دەپ كۆزۈكتىن.

ئاھ كەپتىرىم (راسكەن خامسۇت ئەمگىنىم)،
قاچالماپسەن نەپسى يامان مۈشۈكتىن.

تەھرىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

ئەخمەتجان تۇرۇپ

# شېئىرلار

## خەيرلىشىش

خەير ساڭا، نۇرلۇق چىغىر يول،
يۇلۇۋەتكىن قەلبىڭدىن مېنى.
ئامان بولغىن، ئېلىپلا كېتەي،
بۇقۇلدىغان شېئىرلىرىمنى.

ئۇنىگەن ئىدىڭ ئەسلى ئىزىمدىن،
كۆلەڭگەمنى ئىزدىمە ئەمدى.

ساقلىما ھەم «كاككۇك گۈلى»نى،
كېلەلمەسمەن بەلكى ئەبەدى.

كۆيدۈرمىگەچ كەچمىشنى ئەمما،
ئالبۇمىمغا ئورىدىم سېنى.
گەر سېغىنساڭ، ئۇماق سۇبھىنىڭ،
كۆزلىرىدىن ئىزدىگىن مېنى.

## ئەتە مېنىڭ تويۇم بولىدۇ

ئەتە مېنىڭ تويۇم بولىدۇ،
يېلىنجىغان پەرىزات بىلەن.
بويتاقلىقتا «خوش» دەرمەن يەنە،
ئاداققى رەت سۆيۈشۈپ جەزمەن.

ئەتە مېنىڭ تويۇم بولىدۇ،
خەرىتىدىن ئۇچقان كەنتتە.

دوستلىرىمۇ كېلەر پورەكلەپ،
شېئىر سوۋغا قىلىشقىنىچە.

ئەتە مېنىڭ تويۇم بولىدۇ،
(قۇتلار ئەمما ھەسرەتمۇ قەستەن...)
ئەرلىكىمگە قول قويار ئالەم،
ئىزلىرىمدىن رەڭلەنسە ۋەتەن.

## دېكابىرنىڭ ئاخىرقى كۈنى

دېكابىرنىڭ ئاخىرقى كۈنى،
تەگدى ماڭا بۇقۇلدىغان خەت.
قونۇۋالدى لەپىلدەپ يەنە،
يۈرىكىمگەپورەك - پورەك دەرد.

دېكابىرنىڭ ئاخىرقى كۈنى،
سۆيدى قېنىپ مېنى قەھرىتان.
كەچمىشلەرنى قىلدى ساراسىم،
ئاچچىق - ئاچچىق ھۆۋلاپ شىۋىرغان.

دېكابىرنىڭ ئاخىرقى كۈنى،
قېرى ئارچا قالدى تىپىرلاپ.
تەسەللىنى تېمىتتى پەقەت،
شېئىر مېنى مەھكەم قۇچاقلاپ.

## ئازاب شەرھى

ھەقىقىي ئازابقا ئېرىشسەڭ ئەگەر،
سۆيۈۋەر سەن ئۇنى مەڭگۈ بىمالال.
گۈزەلدەپ كۆيۈشنىڭ كېرەك بىر نۇۋەت،
بەختنىڭ تەمىنى تېتىشتىن ئاۋۋال.

ھەقىقىي ئازابقا ئېرىشسەڭ ئەگەر،
ئۆزۈڭنى تەلەيلىك سانىغىن، خالاس.
تىك تۇرۇپ ياشىماق ئۈچۈن دۇنيادا،
ئازابتەك ئەڭ سادىق ھەمراھ تېپىلماس.

تەھرىرى: تۇرسۇنجان مۇھەممەت

ئابدۇقادىر مەتسىدىق

# شېئىرلار

## سەھرا خىسلىتى

خىياللىرىم سەھراغا ئاشىق،
سەھرا ئاشىق خىياللىرىمغا.
سەھرا بەرگەن جۇشقۇن كۈي - ئاھاڭ،
پۈتمەس سۆيگۈ قىيانلىرىمغا.

ۋۇجۇدۇمغا سىڭگەن پاكلىقنى،
چاقناپ تۇرغان شەبنەم ئۆگەتكەن.
ئارمىنىمغا قونغان داغلارنى،
سەھرا قىزى يۇيۇپ تۈگەتكەن.

تورغا رەڭداش گۈلگۈن ھېسلىرىم،
دالىلاردىن ئالغان رەڭ - پۇراق.
قەلبىمدىكى ھەسەن - ھۆسەنگە،
گۈل - چېچەكلەر بەرگەن ھەل - بوياق.

ئىزلىرىمدا يەلپۈتەر خۇش ھىد،
قۇدرەتكە باي سەھرا ھېكمىتى.
ئەرزىيدىكەن پۈتسە تىلتۇمار،
جەننەت ماكان — سەھرا خىسلىتى.

## ھايات يولى

ھايات يولى ئۇزۇن مۇساپە،
ماڭار ئىنسان ئەتىنى كۆزلەپ.
باسقان ئىزلار قالار ئارقىدا،
ئەۋلادلارغا رىۋايەت سۆزلەپ.

لېكىن بەخت هامان يۈكسەكتە،
قاناتتكە كۆنمەس كۆڭۈللەر.

خازان بولغان باغلار ئورنىدا،
خۇش هىد چاچار يېڭى، شوخ گۈللەر.

## ئۆمۈرگە تەرىپ

قىسمەت ئوتى كۆيەر بىتىنىم،
گاھى سۇسلاپ، گاھى يېلىنجاپ.
هارارىتى سۆيۈندۈرسە جان،
تۈتەكلىرى قىينايدۇ يالماپ.

ياشىدۇقمۇ، نېسىۋىمىز شۇ،
هاياتنىڭ جۇت، ئاپتاپلىرىدىن.
يىغلاپ، كۈلۈپ يازىمىز داستان،
نۇر چاقنىتىپ زەربابلىرىدىن.

## غۇبارسىز خىيال

شادلىقىڭغا بولمايمەن شېرىك،
گەرچە ئۇندا بولسىمۇ ھەسسەم.
يۈرەكلىرىڭ چىلاشسۇن قۇتقا،
كۈلىۋالغىن بىر ئۈزۈلۈك گەركەم.

غەملىرىڭنى تاشلاپ بەر ماڭا،
تۈلسەممۇ رازىمەن بەدەل.
بولدى كۆرۈپ تۇرسام بەختىڭنى،
مىڭ مەرتىۋە يۈتسىمۇ ئەجەل.

## ئىشتىياق

سۆيگۈ ھىدى تولغان خانىدا،
ئولتۇرغان كىم تەنھا، خىيالچان؟
مەن بولدۇممۇ يېنىڭدىن غايىپ؟
سەن يوتتۇڭمۇ باغرىمدىن جانان.

ياق، بۇ قانداق چۈشكە ئوخشىسۇن؟
بىر تال چىچىڭ قاپتۇ كۆكسۈمدە.
بۇ قانداقمۇ چۈشكە ئوخشىماس؟
چۈش سايىسى تۇرسا سۆيگۈمدە...

بىز ھىجرانغا بەرگەن خاتىمە،
قانداقلارچە تىرىلدى قايتا؟
ئىككىمىزنى چىرماپ سىغىنىش.
يا چۈش ئىچرە بولدۇقمۇ پەيدا؟

خاتىرەمنىڭ تۈنجى بېتىدە،
سېنىڭ ئاشۇ بىر تال چىچىڭ بار.
ياندا پ قويدۇم مەنمۇ بىر تال چاچ،
تەنھالىقتا بولمىسۇن دەپ خار.

## باھاردىكى چۈش

مەن سېنى دەپ بولغاندا مەجنۇن،
سەن يۈرەكتىنڭ مەغرۇر، شادمان.
ئېچىلغاندا بەختىم گۈل بولۇپ،
كۆردۈم سېنى ھۆسنۈڭ زەپىران.

نىگاھلاردىن ئۈزۈلگەن چاقماق،
چۈش مىسالى ئۆتتى يالىشىپ.
ئىككىمىزنىڭ قىسمەت يېغىدا،
باھار ۋە كۈز قاپتۇ ئالمىشىپ.

ئەپسۇسلانما، بولما ھەم خىجىل،
تىك قەددىڭنى قايتا كۆرەيمەن.
مەيلى ئىشەن، مەيلى ئىشەنمە،
گۈل يېغىڭغا باھار تىلەيمەن.

تەھرىرى: تۇرسۇنجان مۇھەممەت

ئەركىن داۋۇت ئوغۇز

## ھەسەتخور

رەڭ ئالغاندەك كونا ساماندىن،
چېھرى ھامان سېرىقتۇر - سېرىق.
پىستە كۆزى قىزىرىپ ئوتتەك،
تالىشىدۇ قوشقاچتىن تېرىق.

ئالەمنى چالاڭ كەلتۈرسە بۇلبۇل،
ئۆرتىنىشتە قاقىدۇ پالاز.
كۆكىرىسا پاقا يېقىمسىز،
دەيدۇ ماختاپ ئەجەب خۇشئاۋاز.

قارىماققا سىلىق سىپايە،
قورسىقىدا پىترايدۇ ئىلان.
سەللە ئوراپ يۈرگىنى بىلەن،
يوق ئۇنىڭدا زەررىچە ئىمان.

تاشلىغۇسى كېلىدۇ يۇلۇپ،
پورەك - پورەك ئېچىلغان غۇنچە،
ئۆزى ئېشەك ئەمما تۇلپارنى،
يارانقۇسى كەلمەيدۇ شۇنچە.

يېڭى كىيىم كەيسە قوشنىسى،
سالاملاشماي يۈرىدۇ باتناپ!
ۋىتىلداقتەك بېسىلماي ئاغزى،
ئارقىسىدا تىللايدۇ قاقشاپ.

ئارىمىزدا ياشايدۇ ھەر چاغ،
كۈن ئۆتكۈزۈپ ئاشۇ يوسۇندا.
پەدەزلەيدۇ رەڭگى - روھىنى،
ئوسما قويۇپ يېڭى پوسۇندا.

تەھرىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

ئىپتىخار

## ئوماق قىزىم

تاتلىق قىزىم، پوسمىلاق قىزىم،
سەن ئاجايىپ خۇشخۇي ۋە ئوماق.
مەپتۇن قىلۇر كۈلسەڭ ۋىلىقلاپ،
گۈل يۈزۈڭدە چىرايلىق زىناق.

كىچىككىنە بۇدرۇق قوللىرىڭ،
ئېچىلمىغان غۇنچىدۇر گويا.
كۆزلىرىڭ شوخ كۈلگۈنچەك يۇلتۇز،
كىرپىكلىرىڭ ئالتۇندەك ئوقيا.

ئويماق ئېغىز، نۇرلۇق پىشانە،
يۇمىلاق يۈز، چۈچىرە قولاق.

قاڭشارلىرىڭ ئېلىپتىنمۇ تۈز،
يۇمران لىۋىڭ چېچەكسىمان ئاق.

قۇچىقىمغا چىقساڭ پىلتىڭلاپ،
چېچەكلەيدۇ جانلىرىم شۇدەم.
تاقىشىدۇ قۇياشقا بېشىم،
ئىھ، تايتاڭلاپ ماڭساڭ بىرقەدەم.

تاتلىق قىزىم، پوسمىلاق قىزىم،
ئەركىلەپ بەر، كۈلۈپ بەر ماڭا.
ئېلىپ بېرەي جەننەتنى سېتىپ،
بىر چىرايلىق «ئالتۇن كەش» ساڭا.

تەھرىرى: دىلنۇر ئابلىز

مۇھەممەت ئابلا ئېزىز

## قايسى يىگىت ئۇ، سەن ئىزدىگەن

چۈشلىرىڭگە كىرگەندۇ كىملەر،
ئارىسىدا مەن بارمۇ، يوقمۇ؟
شەنبىلەرنى ئۆتكۈزدۈڭ قانداق،
سەنمۇ مەندەك غەمكىنمۇ، شوخمۇ؟

دېرىزەڭدىن كىردىمۇ سويلاپ،
خۇشبۇي جىگدە چېچىكى ھىدى.
قىلغانمىدۇ شېرىن بىئارام،
چۈشۈڭدىكى ئەركەك تىنىقى.

ئۈمىدلىنىپ قالغانسەن بەلكىم،
دالالاردىن ئىزدەپ «تۆت قۇلاق».
ھەر ئاخشىمى «بېزەڭ» باللار،
مەھەللەڭدە كۆتەمدۇ ئۇزاق.

تاشلىدىمۇ سۆيگۈ مەكتۇبى،
قۇشلار يۇمران پەيلىرى بىلەن.
يىراقلارغا تاشلايسەن نىگاھ،
قايسى يىگىت ئۇ، سەن ئىزدىگەن.

تەھرىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

ھۈسەيىن ئەسئەت

## سەھرا

قەلبىمدىكى ئەلڭ گۈزەل جانان،
سەھرا بولۇپ تۆرەلدىڭ بەلكى.
قۇياش بىلەن تالىشىپ سېنى،
سۆيۈش ماڭا ھاياتنىڭ ئەركى.

سەھرا قوينى سەھراچە گۈزەل،
تەبىئەتنىڭ تۇغما بالىسى.
رەڭ كەتمەيدۇ بوياشقا سېنى،
يوقتۇر ھەتتا رەڭنىڭ چالىسى.


قۇياش ساڭا قاراپ كۈلىدۇ،
ئاي ھۆسنۈڭگە ئاشىق بىقارار.
چولپان سەنسىز ئۆچۈپ ئۆلىدۇ،
تاڭ سەن ئۈچۈن چېھرىنى ئاچار.

تەھرىرى: مەتسېلىم مەتقاسىم

## ماقال - تەمسىللەر

قۇش دانىنى دەپ ئۆلەر، ئادەم پۇلنى دەپ.
يېقىننىڭ سانجىغان يىڭنە، دۈشمەننىڭ سانجىغان نەيزىدىن يامان.
مۇساپىر بولمىغۇنچە، مۇسۇلمان بولماس.
مۆزاينىڭ رىسقىغا خىيانەت بولىدۇ دەپ، كالا سۈتىنى تەرك قىپتۇ.
ساڭ چاشقىنى قارلىغاچتىن دان سوراپتۇ.
تاغاڭدىن تاغار ياخشى، ھاماچاڭدىن توخۇناق.
ئىككى دوست ئارىسىدا قىل ئۈزۈلمەس، تۆمۈر زەنجىرنى ئۈزگەن ئىككى بىلمەس.
ئۆپكە - قېرىن گۆش ئەمەس، يەڭگە - كېلىن دوست ئەمەس.
ئىمانسىزنىڭ ئەدىپىنى دىنسىز بېرەر.
قىزىم يەپ قىرغا چىقتى، ئوغلۇم يەپ ئۇۋغا چىقتى، قالدى قېتىقنىڭ بەش پۇلى.

تۇرسۇن ئابدۇللا بەگيار



# يۇلغۇن چېچىكى

(ھېكايە)

پاكار، ئۇزۇن ساپاغا چۆكۈپ ئولتۇرىمەن، ئۆي ئىچى قويۇق تاماكا ئىسى بىلەن تۇمانلاشقان، كۆك، يېشىل، سېرىق، ئاق قەغەزلەردىن ياسالغان كەپتەر مودېللىرى تۇرۇسقا ئىنچىكە يىپ بىلەن ئېسىلغان بولۇپ، قويۇق تۇمان ئىچىدە لەيلەپ تۇرىشاتتى. ئالدىمدىكى ئۇزۇنچاق شىرە ئۈستىدە سۇس قىزىرىپ تۇرغان بىر تۇتام يۇلغۇن چېچىكى سېلىنغان سۈزۈك ئەينەك لوڭقا، لىققىدە تاماكا كۆتىكى بىلەن تولغان غاز شەكىللىك كۈلدانغا ئاجايىپ رومانتىك بىر چۈشنى سۆزلەپ بېرىۋاتقاندەك جىممىدە تۇراتتى. مەن تاماكىدىن يەنە بىرنى تۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن قولۇمدىكى تاماكا قالدۇقىنى كۈلدانغا باستىم. ئۇنىڭدىن پۇرقۇپ چىققان كۆكۈش ئىس يۇلغۇن چېچىكى سېلىنغان لوڭقىنى چىرماپ ئورىغىنىچە ئاستا - ئاستا يۇقىرى ئۆرلەشكە باشلىدى. مەن يەنە بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ ھوزۇرلىنىپ شورىغاندىن كېيىن بېشىم ئىسسىلىپ، كىرپىكلىرىم ئاستا - ئاستا جۇپلەشتى - دە، ئاشۇ بىرمەيدان چۈشتەك گۈزەل كارتىنىلار ئىچىگە سىڭىشكە باشلىدىم. ھېلىقى يۇلغۇن چېچىكى سېلىنغان لوڭقا ئاستا كۆتۈرۈلۈپ، سۇس ئىڭغاڭلاۋاتقان كەپتەر مودېللىرى بىلەن ئارىلىشىپ كېتىۋاتقاندەك ئىدى.

× ×

گېئولوگىيە قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئەترىتى مۇشۇ پايانسىز ئاق - سېرىق، ئېگىز - پەس قۇملۇق ئىچىدە، ئوت ئىچىدىكى سەمەندەردەك لۆمشىپ توختاۋسىز مېڭىۋاتقىلى ئۈچ كۈن بولدى. خۇددى قىزىق قازاننى دۈم كۆمتۈرۈپ قويغاندەك چېكى يوق ئاسمان بېتىدە، ئالتۇن رەڭ ئاتەش پۈركەۋاتقان قۇياش بۇ قۇملۇق زېمىننى پۇرۇقلىتىپ قايناتتىۋاتقانلىقىدىن ھوزۇرلىنىۋاتقاندەك، بېشىمدىلا رەھىمسىزلەرچە كۈلۈپ تۇراتتى. خۇددى كۈچلۈك يالقۇن تەپتىدەك لىپىلداۋاتقان ئالۋۇن، ئوتتۇز تۆگىلىك چوڭ ئەترەتنىڭ بېشىدىكى يول باشلىغۇچىنى گاھى - گاھىدا يۇتۇپ كېتەتتى. ئاستىمدىكى تۆگىنىڭ ئېگىز - پەس يۈرۈشى كۈچلۈك دولقۇن ئۈستىدىكى

گىگانت كېمىدەك، ئېگىز - ئېگىز قۇم - بارخانلارنى كۆز ئالدىمغىلا ئېلىپ كېلىپ يەنە يىراقلىتاتتى. لايسۇ ئۈستىدىكى كۆپۈكچىدەك لىڭشىۋاتقان چەكسىز قۇملۇق ئەترەت ئېگىز بىر قىر ئۈستىدىن ئۆتۈپ، چېتى ئۇپۇققا تۇتاشقان تۈزلەڭلىككە چىققاندا سەل تىنچلانغاندەك بولدى.

بېشىم قۇياشنىڭ كۈچلۈك تەپتىدە كۆمتۈرۈلگەن تونۇردەك قىزىپ گاراڭ ھالەتكە كېلىۋاتاتتى. نەچچە كۈنلەردىن بېرى تارالمىغان چاچلىرىم ئارىسىدىن ئېقىۋاتقان تەر بويۇنلىرىمنى يالاپ، قانداقتۇر بىر تەشنالىق ئىلكىگە ئېقىۋاتقاندەك، يۈز ماڭلايلىرىمدىكى قۇم دانچىلىرىنى ئېقىتىپ چۈشەتتى. تۆگە كارۋىنىنىڭ بېشىدىكى سەركە تۆگىنىڭ بويىنىدىكى كولدۇرما، بۇ چەكسىز جىملىقنى پارچىلاۋاتقاندەك زىل، ئەمما رېتىملىق جاراڭلاپ كېتىپ باراتتى. كولدۇرمىنىڭ زىل ئاۋازى سىرتتىن قۇلاققا ئەمەس، بەلكى مېڭەمنىڭ ئاۋاز سەزگۈچى نېرۋىلىرىدىن سىرتقا ئېتىلىپ چىقىۋاتقاندەك، پۈتۈن سەزگۈ ۋە تەپەككۇر خىياللىرىمنى بىر يەرگە يىغىپ، مېنى ئالەمدە مۇشۇ بىر زىل ئاۋازدىن باشقا ھېچ نەرسە ھەتتا ئۆزەممۇ مەۋجۇت ئەمەستەك، خۇددى بىر خىل تاۋۇش ھالىتىدە ئېرىپ كولدۇرمىنىڭ زىل ئاۋازى بىلەن بىللە، چاڭقاپ كەتكەن قۇم دۆڭلىرى ئۈستىدىكى ئالۋۇنلار باغرىغا سىڭىپ يوقاپ كېتىۋاتقاندەك ئىدىم.

راستىنى ئېيتقاندا، بۇ زېرىكىشلىك قۇم دۆۋىلىرى ئارىسىدا پۈتۈن دىققىتىم شۇ ئاۋازغا مەركەزلىشىپ، تۆگىلەرنىڭ كەڭ، يۇمشاق تاپانلىرى ئاستىدا چېچىلىۋاتقان قۇم دانچىلىرىنىڭ شىر - شىر قىلغان ئاۋازلىرىمۇ ئاڭلانمايتتى. ئەتىگەندە قاتتىق - قاتتىق پۇشقۇرتىۋاتقان تۆگىلەر بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان ئىسسىق دەستىدىن بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېڭىيىپ، ئۆپكە پۇۋەكچىلىرى بىلەن ھاۋا بوشلۇقى ئارىسىدىكى ئالمىشىش توختاپ، بىرلىشىپ كەتكەندەك تىنچ كېتىپ باراتتى.

پۈتۈن ئەتراپ جىم - جىت. گويا ئۆزىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغاندەك ھېچكىم گەپ قىلمايدۇ. بىرلىرى مۈگدەۋاتقان، يەنە بىرلىرى ئەسلىمە خىياللىرى ئىلكىدە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، يەنە بىرلىرى يىراق - يىراقلارغا ئالۋۇنلار ئېزىقتۇرۇۋاتقان ئۇپۇق سىزىقىغا قاراپ ئاستا ئىلگىرىلىمەكتە.

چەكسىز قۇملۇقتا، بۈگۈنكى زامانىۋى دۇنيانىڭ ۋاقىت ئۆلچىگۈچ قۇراللىرى بىلەن ئۆزىنى ۋاقىتقا چەكلەپ بېرىپ ياشايدىغان كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا، قۇياش چىققان ۋە پاتقان ۋاقىتتىن باشقا ۋاقىت ئۇقۇمى بولمايدۇ. پەقەت ئادەمنىڭ تەبىئىي سەزگۈسى بولغان ماددا ئالماشتۇرۇشقا بولغان ئېھتىياج تەلىپى بىلەنلا ۋاقىت سېزىمىگە ئىگە بولمىسا، ئەمەلىيەتتىكى خىيال، تەسەۋۋۇرلىرى ۋاقىتنى ئۇنتۇلدۇرۇپ قويىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئوخشاش مۇھىت ئىچىدىكى تەكرارلىق بۇ خىل ئۇنتۇشنى تېخىمۇ كامالەتكە يەتكۈزىدۇ.

ئادەتتە كىشىلەر خىيالى مۇھىتتا ياشىغاندا كۆزىنى يۇمۇۋالسا خىياللىرى ئويغاق ھالەتتىكى چۈشكە ئايلىنىپ جانلىنىدۇ؛ دىققىتى مەركەزلىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە خىيالنىڭ مەقسەت نىشانى ئېنىق ئەمەس. خىيال روھنى جەھەتتىكى زېرىكىشنى نېرۋىنىڭ تەرتىپسىز ھەرىكەتلىنىشى بىلەن يېڭىشتىن ئىبارەت جەريان. ئادەتتە مەن چىراغ يېقىلغان ئۆيدە پەقەت ئۇخلىيالمايتتىم. مەنىسىز يورۇقلۇق — مېنى بىزار قىلاتتى. ئۈچ كۈنلۈك سەپەر جەريانىدا بەدەنلىرىم ئىسسىقلىقنى سەزمەس بولۇپ قالغان، ئەمەلىيەتتە ئىسسىقلىققا ماسلىشىپ قالغان ئىدى. بېشىمنىڭ ئۈستىدىلا غايەت كۈچلۈك ھارارەت تارقىتىپ تۇرغان قۇياش، مېڭەمنىڭ قېتىقىنى قاينىتىپ ئارامسىزلاندۇرۇپ، «قىيامەت» رومانىدىكى ماڭقۇرتنىڭ بېشىدەك قىلىپ قويىۋاتاتتى. ئەمدى مەن ئويغاق بىلەن چۈش ئارىلىقىدىكى مەنىسىز مۇھىتتا، مۈگدەك بېسىپ كېتىۋاتقان مەستەك بىر خىل ھالەتتە رېتىملىق تەۋرىنىپ كېتىپ باراتتىم. تۆگە ئۈستىگە بېكىتىلگەن ياغاچ ئىگەرنى

چىڭ قاماللىۋالغان قوللىرىمنىڭ كۈچلۈك ھارارەت تەپتىدە كۆيۈپ ئېچىشىۋاتقانلىقىنىمۇ سەزمەيتتىم، كۆز قارىچۇقۇمدا بىر سايە بارغانچە يوغىناپ روشەنلەشمەكتە ئىدى.

ئۇپۇق بىلەن باغاشلىشىپ ياتقان قۇملۇقنىڭ بىر بۆلىكى ئاستا - ئاستا ھەرىكەتلىنىپ مىدىرلاپ، بارغانچە ئېگىزلەپ، قاناتلىرىنى كەڭ يېيىپ، بۇ ئوتلۇق زېمىننى قۇچاقلاپ ياتقان غايەت زور كاتتا بىر ئاق كەپتەرگە ئايلاندى. ئۇنىڭ غايەت زور قانىتى پۈتكۈل ئالەمنى قاپلاپ كېتىدىغاندەك ئىدى. كەپتەر نەپەسلىنەتتى، ياق، زېمىن نەپەسلەنمەكتە ئىدى. شۇنداق، «زېمىن نەپەسلەنسە بىز ياشايمىز، ئۇ نەپەستىن توختىسا، بىزنىڭ مەۋجۇدلۇقىمىزمۇ يوقىلىدۇ» (جىبران خېلىل جىبران). ھاياتلىق — زېمىن بىلەن ئىنساننىڭ، ھەتتا پۈتكۈل مەۋجۇتلۇقنىڭ ئاجرالماس بىرلىكىدۇر. كەپتەر نەپەسلەنگەنچە، زورىيىشى چەككە يەتكەندەك كىچىكلەپ، تەسەۋۋۇرسىز ئەمەلىيەتتىكى كەپتەرگە ئايلىنىۋاتاتتى. قۇياش ئەمدى ئۈزلۈكىدىن ئىككىگە بۆلۈنۈپ، ئۇنىڭ جىگەررەڭ كۆزلىرىدىكى قارچۇققا ئايلاندى. ئۇنىڭ ئاپئاق قاناتلىرى يىغىلىپ يەنە ئاستا ئېچىلدى - دە، كەپتەر كۆككە كۆتۈرۈلدى. ئاسماندىكى ئاپئاق بۇلۇتلار بارا - بارا ئۇنىڭ قانىتىغا ئايلاندى. ئۇ پەرۋاز قىلاتتى. مەن كەپتەرنىڭ قانداقتۇر بىر جايلىرىدا باردەك، ئۇنىڭ تىنىقلىرىدا، يۇمشاق پەيلىرىنىڭ بىر يەرلىرىدە ئىللىق شامالنى سۆيۈپ قويۇۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم. كۆپكۆك كۈندۈز ئاسمىنىدا بىردىنلا يۇلتۇزلار پەيدا بولۇپ، سىرلىق چاقناشلىرى بىلەن مەن مەڭگۈ بىلەلمەيدىغان ياكى مەن بىلەن بىللە پۈتكۈل ئالەمنى بار قىلىۋاتقان سىرلىق بىر نەرسىنى ئۈنسىز رەۋىشتە سۆزلەۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم. كۈچلۈك گۈلدۈرماما، دەھشەتلىك بوراندا سۈرلۈك بىر ئاۋاز مېنى كەپتەر پەيلىرى ئارىسىدىن ئۇچۇرىۋەتتى. مەن ئەمدى ئۆزەمگە ئايلانغانىدىم. پۈتكۈل ۋۇجۇدۇم زېمىن بىلەن تەڭ ئايلىنىپ، كائىناتنىڭ چەكسىز چوڭقۇرلۇقىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى. قاتتىق ۋەھىمە، قورقۇنچلۇق بىر تۇيغۇ خۇددى ئېگىز بىنا ئۈستىدىن چۈشۈپ كېتىۋاتقان كىشىدە بولىدىغان رەھىمسىز بىر ئاغرىقنى كۆتۈرۈشكە ئوخشاپ كېتىدىغان كۈچلۈك بىر ۋەھىمە، يۈرىكىمنىڭ سوقۇشىنى تېزلىتىپ، نەپەس يوللىرىمنى قىسىپ، مېنى بىئارام قىلماقتا ئىدى. بېشىم چىڭقىلىپ، تومۇرلىرىمدىكى قانلار ۋەھشىيانە ھۆكىرەپ، پۈتۈن بەدىنىمنى كۆپتۈرۈپ، بوشلۇققا ھەررەڭ - سەررەڭ پولاڭلاپ كېتىۋاتقان قوللىرىمنىڭ بارماقلىرى ئۇچىدىن ئېتىلىپ چىقىپ، قۇياشنىڭ يۈزىگە پۈركىلىپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. قارچۇقلىرىم قېتىپ، قىزىل قان ئىچىدە ئۈزۈپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كۆزلىرىم ئېچىشىپ كەتتى. تۇزلۇق، ئاچچىق بىر نەرسە لەۋلىرىمنى غىدىقلاپ ئېچىشتۇراتتى.

قۇم دانچىلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن قول ياغلىقىم بىلەن يۈز - كۆزلىرىمنى سۈرتتۈم. نە كەپتەر، نە بۇلۇتلار، يۇلتۇزلار، قان ئىچىدە غۇۋۋالىشىپ كېتىۋاتقان قۇياش ... ھېچنەرسە كۆرۈنمەيتتى. چەكسىز ئېگىز - پەس قۇم - بارخانلىرى، تۆگىنىڭ بويىنىدىكى كولدۇرمىنىڭ زىل، ئەمما رېتىملىق ئاۋازى. يەنىلا شۇ ئاۋاز، جىمجىتلىق بۇ ئاۋازنىڭ ئىچىگە سىڭىپ كېتىۋاتقاندەك، بېشىم قاتتىق چىڭقىلىپ، نەپەسلىرىم تېزلىشىپ ھاسىراپ كېتىپتىمەن. لەۋلىرىمدە تۇزلۇق، ئاچچىق تەرنىڭ تەمى، ئاستىمدىكى تۆگە مېنى ئالدى - كەينىمگە ئىغاڭلىتىپ، ئاستا كېتىۋاتىدۇ.

كارۋان يولىنى داۋام ئەتمەكتە. كىرپىكلىرىم ئىلىنگەندەك بولدى. يەنە شۇ كەپتەر كۆك نۇر ئىچىدە ئاستا - ئاستا روشەنلەشمەكتە. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى سۇس يېشىل تومان سوزۇلۇپ، كەپتەرنىڭ ئاپئاق پەيلىرى قۇم دۆڭلىرى ئاستىدىن لۆمشىپ چىقماقتا. قۇياش ئىككىگە بۆلۈنۈپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە، كەپتەرنىڭ كۆزلىرىدە ئويۇپ قالدى. كەپتەرنىڭ ئاپئاق پەيلىرى سۇس چىقىۋاتقان ئىسسىق شامالدا يەلپۈنۈپ، يەلپۈنگەنچە سوزۇلۇپ ئۈزۈراپ كېتىۋاتاتتى. كەپتەرنىڭ

پەيلىرى ھارغانچە ئۆزارماقتا. كەپتەر ئۆزپەيلىرىنى بويلاپ يىراقلىماقتا. ئەمدى مەن ۋە پۈتۈن ئەترەت شۇ پەيلەرنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قالغاندەك ئىدى. شامال سەل كۈچىيىپ قۇم دانچىلىرى شىرقىراپ توزىدى. كۆزلىرىمگە قۇم دانچىلىرى تىقىلغاندەك بولۇپ، كۆزۈمنى يۇمۇپلا ئاچتىم. شامال توختىغان، قۇم دانچىلىرى شىرقىراشتىن توختىغان. كەپتەر ئۆزارماقتا، ئۇنىڭ پەيلىرى ئالدىمدىلا يەلپۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ پەيلەر ئەمدى مۇز ئۈستىدىكى قاردەك ئاپئاق، يۇمشاق، نىپىز، ئىنتايىن ئاق يىپەك رەختكە ئايلىنىپ، ئەمدىلىكتە يەنە ئۆزگىرىپ، بىر ئايالنىڭ كۆڭلىكىنىڭ پەشلىرىگە ئايلىنىپ، سۆرۈلۈپ كېتىۋاتاتتى. (مېنىڭ كاللامدا ئۇنى ئايال دېيىش ئىستىكى تۇغۇلغان ئىدى) ئايالغا ئايلىنىپ ئالدىمدا چوڭ - چوڭ قەدەملەر بىلەن كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ پۇتلىرى يالاڭ ئاياغ بولسا كېرەك، پەقەت ئاۋاز چىقارمايتتى. ھەتتا ئۇنىڭ ئىزلىرىمۇ كۆرۈنمەيتتى. گويا ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك ئىدى. ئۇنىڭ ئۇزۇن، پارقىراق، قارا چاچلىرى پۈتۈن يەلكىسىنى يېپىپ تۇراتتى. ئۇزۇن ئاق كۆڭلەكىنىڭ كەڭ يەڭلىرىدىن بارماقلىرىنىڭ ئۇچچى شىشىدەك يالتىراپ كۆرۈنەتتى. قۇياش ئۇنىڭ بېشىغا قوندى، تېخىمۇ نۇرلىنىپ، ئۇنىڭ ئۆتكۈر نۇرلىرى كۆزلىرىمگە سانسىز يىڭنىلەر سانچىلىپ كەتكەندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئايال بولسا قوللىرىنى ئاستا - ئاستا ئىككى يانغا كېرىلىپ، بارا - بارا يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. كۆڭلىكىنىڭ ئۇزۇن پەشلىرى قىسقىراپ، ئۇنىڭ ئاياغلىرى تەرەپتىن ئېگىز - پەس قۇم بارخانلىرىغا ئايلىنىپ كۆزۈمدىن يىراقلاپ كېتىپ باراتتى. ئايال ئالقانلىرىنى بىر - بىرىگە قاراتقان ھالدا ئاسمانغا تىك كۆتۈردى. قۇياش ئۇنىڭ كەڭ كېرىلگەن ئىككى قولى ئارىسىدا غايەت زور شارچىدەك ئېسىلىپ تۇراتتى. ئايال قۇياشنى ئاستا - ئاستا قۇچاقلىدى. قۇياش پەسلەپ، ئۇنىڭ مەن كۆرەلمەيدىغان تەرەپتىكى كۆكسىلىرى ئارىسىغا پېتىپ كەتتى.

مەن يەنە ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك بولۇپ، كۆزۈمنى ئاچتىم. قارا كۆرە بىر جايدا ئېگىز بىر قۇم دۆۋىسى ئۈستىدە تىك پېتىچە قۇرۇپ قالغان يىگانە توغراق كۆتىكى قارىيىپ كۆرۈنەتتى. قۇياش يىراق - يىراقتا ئالەمنىڭ گىرۋىكىدەك كۆرۈنىدىغان جايدىكى بىر بوشلۇقتا چۆكۈپ كەتمەكتە ئىدى. نە بىر تال دەرەخ، نە بىر تال گىياھ ئۈنمەيدىغان تاپ - تاقىر چۆلدە پىردەمدىلا كەچ كىرىپ قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى. چوڭ قۇم دۆۋىلىرىنىڭ يان باغرىغا ئاشۇ دۆۋىلەرنىڭ باللىرىدەك كىچىك - كىچىك چېدىرلار تىكىلىپ، بىر قانچە جايغا گۈلخانلار يېقىلغان. ئۇچتال بادرىنى گىرەلەشتۈرۈپ باغلاپ، ئوتتۇرىسىغا سىم بىلەن ئېلىنغان كىچىك چۆگۈنلەرنىڭ قاينىشى، ئۇ يەر، بۇ يەردىن تىرىپ كېلىنگەن قۇمۇش يىلتىزلىرىنىڭ بوش چارسىلداپ كۆيۈشى، ئەتراپىمىزغا چۆكتۈرۈلگەن تۆگىلەرنىڭ بىر خىل رېتىمدا كۆشەشلىرى، ئەترەت ئەزالىرىنىڭ قاچىلىرىغا قوشۇقلىرى بىلەن بوش چېكىپ قويۇپ «يەنە توققۇز كۈن»، «چۆل»، «قۇملۇق»، «خارابە شەھەر»، «سەرراپ»، «سۇ، ئوزۇقلۇق»، «قايتىش»، «ئىزدەش»، «ۋەزىپە»، «ئايروپىلان»، «تەرەپ»، «كۈن»، «ئىسسىق»... دېگەندەك قالايمىقان ئاۋازلىرى قوشۇلۇپ، ماڭا خۇددى مۇزىكىدەك ئاڭلىناتتى. بىراق ھېلىقى كەپتەر ۋە ئايال توغرىسىدا ھېچكىم بىر نەرسە دېمەيتتى. بىردىنلا، ئەترەت ئەزالىرىنى سەپەرگە ئۇزاتقان كۈندىكى ئاچچىق تاماكا ئىسى بىلەن تولغان، رەڭلىك نۇر چاچىدىغان لامپىلار، كۆزنى ئالاچەكمەن قىلىۋەتكەن زال ۋە چالا مەستلىكتە قولىقىمغا ئاڭلىنىمىلەرنى پىچىرلاپ ئۇزىتىپ قويغان قىز ۋە ئۇنىڭ ئىڭەكلىرىمگە تېگىپ غىدىقىمنى كەلتۈرگەن بۇدرە چاچلىرى يادىمغا كەلدى. بۇرنۇمنىڭ ئۇچچى قاتتىق قىچىشىپ كەتتى. ئالقانلىرىم بىلەن بۇرنۇمنىڭ ئۇچچىنى سىلىدىم. ئالقىنىمدا كىچىككىنە بىر جاي قان تۇرىدۇ. قىپقىزىل قان ئىچىدە پۈتۈن قانات ۋە ئۇزۇن بىر تال نەشتىرىنى كېرىپ، بىرتال پاشا ياتاتتى. ئالقىنىمدىكى پاشىغا قاراپ مۈشۈنچە

چەكسىز چۆلدە ماڭا ھەمراھ بولغان بىر تال جانلىقنى ئۆلتۈرۈۋەتكىنىمگە ئىختىيارسىز ئۆكۈندۈم. كېچىچە ئۇخلىدىممۇ، ئۇخلىمىدىممۇ بىلمەيمەن. ھېلىقى مەن ئۆلتۈرۈۋەتكەن پاشا كۆز ئالدىمدىن زادى كەتمەيتتى. چۈش كۆرگەن بولسام چوقۇم شۇ پاشىنى كۆرۈشۈم ئېنىق. قۇياش ئالدىمدىكى قۇم دۆۋىسى ئۈستىدىن خۇددى يارىلانغان جەڭچىنىڭ يارا ئېغىزىدەك قىزىللىق ئىچىدە ئاستا كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. تۆت ئەتراپتىن ھېچنېمىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايدىغان چۆلدە، ھەممە ئىش ئاستا بولۇۋاتقاندەك بىلىنىدۇ، ھەتتا ھاياتلىقمۇ توختاپ قالغاندەك. يەنە شۇ ۋاقىت، ھېچقانداق جايدا پەرقلەنمەيدىغان ۋاقىت. ئەتىگەندە چۆل ھاۋاسى سالقىن بولىدۇ. بۇ چاغدا قۇياشنىڭ ئادەمنى بىزار قىلىدىغان ئوتلۇق تەپتى ئەستىن چىقىپ، راھەتلەنگەندەك بولۇپ قالىسەن. مەن فوتو ئاپپاراتىمنى بويىنۇمغا ئېسىپ، تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇردۇم - دە، بىر بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن قۇم بارخانلىرىنىڭ يۇمشاق ئېتىكە دەسسەپ، ئاستا مېڭىپ قونالغۇدىن يىراقلاشتىم. قانداقتۇر بىر نەرسە مېنى ئۆزىگە تارتىۋاتقاندەك، ئىچىمدە بىر نەرسە مېنى ئۈندەۋاتقاندەك، چۆلنىڭ چەكسىز يىراقلىقتىكى بىر بوشلۇقى مېنى جەلپ قىلىۋاتقاندەك توختىماي كېتىپ باراتتىم. پۇتلىرىمنىڭ تېلىپ ماغدۇرسىزلىنىپ كېتىپ بارغىنىنىمۇ سەزمەيتتىم. تۇيۇقسىز تۆپىلىككە چىقىپ قالدىم. ھەيرانلىق، ھالاڭ - تاڭلىققا ئوخشاش سۇس بىر تۇيغۇ ئىچىدە، ئالدىمدىكى قەلئە بىلەن قورشالغان ئاجايىپ شەھەرگە قاراپ تۇرۇپلا قالدىم: كىچىكىمدە مومايىنىڭ ئېغىزىدىن بۇ قۇملۇقنىڭ تەكتىگە بىر شەھەر كۆمۈلۈپ كەتكەن، بىز بىر قېتىملىق قۇم - بوران ئاپىتىدە ئامان قېلىپ شۇ شەھەردىن قېچىپ چىققان كىشىلەرنىڭ ئەۋلادىدىن بولىمىز دېگەندەك ئەپسانىۋى گەپلەرنى ئاڭلىغان. كېيىن بۇ گەپنى ئانامىمۇ پات - پات قىلىپ يۈرىدىغان بولۇپ قالغانىدى. شەھەر راستىنلا ئاجايىپ چوڭ، ھەشەمەتلىك كاتتا بىر شەھەر كۆز ئالدىمدا تۇراتتى. ئەپسۇسلىنارلىقى، شەھەردە بىر تۈپمۇ دەرەخ يوق، بىر تال گىياھمۇ يوق. خۇددى ئاياغلىرىم ئاستىدىكى مۇشۇ قۇمدەكلا قاقسراملىق، ئەمما شەھەرنىڭ بىنا قۇرۇلۇشلىرى بەك ھەشەمەتلىك، چوڭ - چوڭ گۈمبەزلەرنىڭ ئۈستىدىكى كۋادرات شەكىللىك مەرمەر تاشلار ھەربىرسى بىر خىل رەڭدە جىلۋە قىلىدۇ. ئېگىز - ئېگىز قۇببىلەر، قۇببىلەرنىڭ ئۈستىدىكى كۈمۈشتىن ياسالغان يېرىم ئاينىڭ شەكلى، بىر قاراشتىلا ئادەمگە سۈر بېغىشلايدۇ. ھىم ئېتىلگەن دەرۋازىلارنىڭ زەنجىرىدىكى چوڭ ھەم توم كۈمۈش ھالقىلار، ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن نەپىس نەقىشلەر، ئۈستىلىق بىلەن ياسالغانلىقى چىقىپ تۇرغان مېھراپ شەكىللىك دېرىزىلەردىكى ياغاچ دۇۋەزۇنلەر كەينىدىكى قىزىل دۇخاۋا پەردىلەر ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. پۈتۈن شەھەردىن ئاجايىپ ھەشەمەتنىڭ سىماسى گەۋدىلىنەتتى. شېغىل ياتقۇزۇلغان كوچىلار ئازادە، بىرمۇ ئادەم يوق، پۈتۈن شەھەر ئادەمسىز دېگۈدەكلا. ئېرىق ۋە كۆلچەكلەر قاغىجىرىغان، ئەمما شەھەردىن ئاجايىپ ئاۋازلار كېلىپ تۇرىدۇ. خۇددى بازار كۈندىكىدەك جىمى ئادەمنىڭ بىرىكمىسى ئىنتايىن كۈچلۈك ۋە ياڭراق ئاۋازلارنىڭ ئىچىدە، تۆمۈرچىنىڭ سەندىلى بىلەن ئېغىر بازغىنى ئارىسىدىن چىققاندەك زىل بىر ئاۋاز ھەممىدىن كۈچلۈك ئاڭلىناتتى. نېمىشقىكىن بۇ شەھەر خۇددى چۆلنىڭ چۈش ۋاقتىدىكى ئەلەڭلەپ تۇرغان ئالۋۇنىنىڭ كەينىدە تۇرغان ئادەمنىڭ سىماسىدەك ئىغاڭلاپ، بىر تەرەپكە قىيسىپلا تۇراتتى. ھەر قېتىم ئىغاڭلىغاندا، ئېگىز قۇببە ئۈستىدىكى ئاياقچىگە بېكىتىلگەن كۈمۈش ئاي تېخىمۇ كۈچلۈك چاقنايتتى. مەن فوتو ئاپپاراتىنى توغرىلاپ، شەھەرنى سۈرەتكە ئېلىۋالماقچى بولدۇم. ئاپپاراتنىڭ كونۇپكىسىنى بېسىشىمغىلا مەن تۇرغان قۇم دۆۋىسى پەسىيىپ، شەھەر ئېگىزلەپ كەتتى. بارا - بارا ئالدىمدا چوڭ بىر قۇم دۆۋىسى پەيدا بولدى. مەن شەھەرنى كۆرۈش ئۈچۈن قۇم دۆۋىسىگە ياماشتىم.

ئېھتىمال مەن ناھايىتى ئۇزاق ماڭدىم. ئەمدى ئۆزەمنىڭ ئاچلىق ۋە تەشنالىقتا ئىنتايىن ماغدۇرسىزلىنىپ كەتكەنلىكىمنى بىلدىم. ئەتىگەن سەرراپقا ئالدىنىپ، چېدىردىن چىققاندا سۇدانىنى ئېلىۋالماپتىمەن، ئاچلىققا بولسا بەرداشلىق بېرەلىشىم مۇمكىن ئىدى. ئەترەتنى ۋە ئۇلارنىڭ چۈشكۈنىنى ئويلىدىمىيۇ، ئەمما قايتىشنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمەي ئالدىمغا قاراپ كېتىۋەردىم. ئەمەلىيەتتە بۇ پايانسىز جەزىرىدە قايسى تەرەپ ئالدى، قايسى تەرەپ ئارقا ئىكەنلىكىنىڭمۇ پەرقى يوق، پەرق ئېتىشمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئىزلىرىم ئېقىپ تۇرىدىغان قۇم ئۈستىدە تۆت قەدەمدىن كېيىنلا ئۆچۈرۈلۈپ كېتەتتى. مەن يەنە قۇياشتىن بىزار بولۇشقا باشلىدىم. بولۇپمۇ ئۇنىڭ كۆزلىرىمنى بەكرەك چاقىدىغان سۇس قىزىل نۇرلىرىدىن زېرىككەن ئىدىم. ئۇشتۇمتۇت سائەت يادىمغا كەلدى. سائىتىم يوق، بىز چۆلگە قەدەم باسقان كۈندىن باشلاپ ۋاقىتنى ئۆلچەيدىغان سائەت دېگەنلەرنى ئۇنتۇغان ئىدىم. ئەمدىلىكتە بولسا سائەتنى ئويلىغىنىمنىڭ نېمىسى. ئەمەلىيەتتە مەۋجۇتلۇقنىڭ ئۆزى مەلۇم بىر ۋاقىت، كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە سائەت ۋە ۋاقىت بەلگىلەپ ئۆزىنى كونترول قىلىشى، ئۆزىنى ۋاقىتقا قول قىلىشىنىڭ ھېچقانداق شەكىل تۇزاقلىرىغا چۈشمەيدىغان جانلىق ئۇسۇلى. مېڭىشنى داۋاملاشتۇردۇم، خىيالىمدا ھېلىقى شەھەرگىمۇ يېقىنلىشىپ قالغاندىم. ھەرىكەت قىلىش، توختاپ قالماسلىق زۆرۈر ئىدى. قۇملۇقتا، بۇنداق چەكسىز چۆلدە توختاپ قېلىش — ھالاكەتنى ئۈن - تىنسىز قوبۇل قىلىشقا باراۋەر. تامغاقلىرىم قۇرۇپ، نەپەس ئېلىشىم قىيىنلىشىۋاتاتتى. تەشنالىق پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى ئۆرتىمەكتە. ئەمدى بارماقلىرىم ئارىسىدىن چىقىۋاتقان سۇس تەرمۇ قۇرۇپ كەتكەن، قۇياش يوقاپ كەتتى. ئۇ ئادەمنى بىزار قىلغۇچى نۇرلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئىچىمگە، قانداقتۇر بىر جايغا تىنىپ كەتكەندەك ئىدى.

مەن كېچىنى يامان كۆرمەيمەن. چۈنكى ئۇ كۈندۈزدىكى ھاياتلىق ھەرىكىتىنىڭ سەرپىياتىنى ئازايتىش ۋە چۈش كۆرۈش ئۈچۈن بولمىسا، مەن ئۈچۈن يەنىلا ئەھمىيەتسىز. يۇلتۇزلار ئالدىمدا پارقىراپ تۇرىدۇ، بەزىلىرى ئاخشام ئەترەتنىڭ چۈشكۈنىدە يېقىلغان گۈلخانلاردەك سوزۇلۇپ - سوزۇلۇپ چاقنايدۇ. ئەترەتتىكىلەر ياققان گۈلخانلار شۇ بولۇشى مۇمكىن. بىراق ئۇلار مەندىن بارغانچە يىراقلىشىپ كېتىپ باراتتى. ئەمەلىيەتتە مەن مېڭىشتىن ئاللىقاچان توختاپ قالغان، پۇت - قوللىرىمنى كېرىپ يۇلتۇزلارغا قاراپ سوزۇلۇپ ياتاتتىم. كېچىنىڭ سالقىنى تەشنالىقىمنى بىر ئاز پەسەيتكەندەك بولدى. خىيالىمدا مەن ياشىغان شەھەر سۇس يورۇقلۇق تارقىتىپ تۇرغان يول چىراغلىرى، تۇمانلىق كوچىدىكى ئېغىر سالماق ئىككى جۈپ ئاياغنىڭ قەدەم ئاۋازى.

مەن قاۋاقخانىدىن چىققاندا، ماڭا ياندىشىپ مېڭىپ كېلىپ، مېنى قولتۇقلىۋالغان قىزنىڭ قانداقتۇر پۇراقلار بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن تىنىقى قۇلىقىمغا سىڭىپ باراتتى. مەنمۇ ئۇنى ئىنسان ۋۇجۇدىنىڭ ئەڭ لەززەتلىك سېزىمىنى تاما قىلغاندەك چىڭ قۇچاقلايتتىم، ئۆزەمگە تارتاتتىم. بىراق لەۋلىرىم يەنىلا سوغۇق ئىدى، ئاياغلىرىم بارغانسېرى چۆكۈپ كېتىۋاتقان تۇماننى سۈمۈرمەكچى بولغاندەك سوزۇلاتتى. كېيىن مەن ئۇنى چىراغ بېكىتىلگەن ستولبىنىڭ تۈۋىگە ئېلىپ باردىم. ئۇنىڭغا ئۇزاققىچە قارىدىم، بىراق بارغانسېرى قويۇقلىشىپ كېتىۋاتقان تۇماندا ئۇنىڭ يۈزىنى ئىلغا قىلالمايتتىم. پەقەت كۆز ئالدىمدا سۇس كۆك رەڭ جىلۋە قىلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن خۇددى يىگىنىنىڭ ئۇچىدەك بىر نۇر، (بەلكىم ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقى بولسا كېرەك) ئېسىمدە قېتىپ قالدى. تامغاقلىرىم قۇرۇپ، ئۇنى ھېلىلا يېنىپ چىققان قاۋاقخانىغا سۆرەپ ماڭدىم.

ئۇنى بەشىنچى قېتىم قاۋاقخانىغا سۆرەپ كېتىۋېتىپ، يەنە شۇ ئۇيقۇنىڭ ئاجايىپ ئېغىر، مەڭگۈ ئويغانغىلى بولمايدىغان بىر ئۇيقۇنىڭ تېخىمۇ

قويۇق بىر تەرىپىگە، چوڭقۇر بىر جايغا قاراپ كېتىۋاتقاندەك قىلىمەن، قاۋاقخانىغا بەش قېتىم بارغىچە قۇياش بىلەن يۇلتۇزلار بەش قېتىم ئۆز ئارا ئورۇن ئالماشتۇردى.. ئەمدى مەندە قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرلىرىدىن بىزار بولۇپ، يۇلتۇزلارغا قول سوزالىغۇچىلىك مادار قالمىغان بولسا كېرەك، خىيالىمدا بەش قېتىم قاۋاقخانىغا بېرىپ كەلگىچە ئۆمىلىگەن، ئىككى قەدەم ئارىلىقتا ئۈچرىغان قامغاقنىڭ ئىنچىكە يىلتىزىنى ئاغزىمغا سېلىپ چاينىغىچىلىك بەدەن قۇۋۋىتىم قالمىغانىدى. بەدىنىمنىڭ ھېچقانداق يېرى سەزمەيتتى. مەن قۇمغا بارغانچە چۆكۈپ كېتىۋاتاتتىم. خىيالىم تىبخى ئۆچمىگەن، مەن ئۆلۈمنى ئويلاشقا باشلىدىم. ئۆلۈم توغرىسىدا ھېچنېمىنى بىلمەيتتىم. ئۆلۈمنىمۇ بىلىش كېرەكمۇ؟ مەن ۋۇجۇدۇمدىكى پۈتۈن كۈچ قۇۋۋىتىمنى يىغىپ، ئاخىرقى قېتىم بىپايان كائىناتنى، ئاشۇ قىزدۇرغۇچ قۇياشنى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈپ، ئۆلۈشنىڭ قانداقلىقىنى ھېس قىلىپ باقماقچى بولدۇم. بىراق كۆزلىرىم ئېچىلدىمۇ- ئېچىلمىدىمۇ، بىلمەيمەن. ئەمما سۇس بىر قىزىللىق كۆزلىرىمگە تىقىلىپ، پۈتۈن تېنىم قىزىل رەڭ ئىچىدە ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك بولدى. قانداقتۇر بىر سايە يۈزۈمنى سىلاۋاتقاندەك قىلاتتى ...

مەن خۇددى كىچىككىمدە بىر قېتىم قىزىپ قېلىپ ئانام دورا ئىچكۈزگەندىن كېيىن ئۇخلاپ قېلىپ، بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن ئىنتايىن يېنىك، جۇشقۇن، تېتىك، ساپساق ھالدا ئانامنىڭ قۇچىقىدا ئويغانغاندەك ياكى خۇددى ئۇخلاپ ئويغانغاندەك، بىردىنلا ھوشۇمغا كېلىپ قالدىم. كىچىككىمدە يېزىدا تۇرىدىغان چوڭ دادامدىن «ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن يەنە قايتا تىرىلىدۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلىغان. مەن شۇنداق تىرىلىپ قالدىممۇ، يا ئۆلدۈممۇ، بىلمەيمەن. پۇت - قوللىرىم يېنىك، سەكرەپ قوپۇپ ئەتراپنى تېپىپ، ھېلىقى شەھەرنىڭ ھەيۋىتىنى سۆزلەپ بېرىشنى ئويلىدىم. خىيالىمدا يەنە شۇ شەھەر مېنى ئۆلتۇرگەن سەرراپ شەھەر، ئېزىتقۇ شەھەر ...



مەن ئۆلۈپ تىرىلدىممۇ، ھوشۇمدىن كېتىپ، ھوشۇمغا كەلدىممۇ ياكى ئۇخلاپ ئويغاندىممۇ بىلمەيمەن. ئىش قىلىپ مەن تىبخى كۆزۈمنى ئاچمىغانىدىم. شۇنى سېزەلىگەندىكىن يەنە كۆزۈمنى ئاچماي تۇرۇپ ئۇخلاپ قالغىنىم ياكى ھوشۇمدىن كەتكەنلىكىمنى ئەسلەپ بېقىشىم كېرەك. ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى، سەھەر، سەرراپ شەھەر، چۆل، قۇياش، قاۋاقخانا ۋە مەن بىلەن بىللە قاۋاقخانىغا بارغان قىز، ئۆلۈم ... ھەممىنى خاتىرىلىدىم. دېمەك مەن ئۆلمىگەن، ئۆلۈم توغرىسىدا ئويلىيالىغىنىمنىڭ ئۆزىمۇ مېنىڭ تىرىكلىكىمگە ئىسپات. ئەمدى كۆزۈمنى ئاچىمەن، كۆك نۇر، كۆك بوشلۇق، كۆزۈمگە

كۆرۈنۈۋاتقانلىرىنىڭ ھەممىسى كۆك. بۇ ئاسمان ئىدى. مەن ئاسماننىڭ بۇنچىۋالا گۈزەل ئىكەنلىكىنى زادى بىلمەپتىكەنمەن. چۈنكى مەن چوڭ بولغان شەھەردە ئاسماننى بۇ دەرىجىدە دەخلىسىز، ئازادە، سۈزۈك تەرىزدە بەھۇزۇر كۆرگىلى بولمايدۇ. شەھەرنىڭ ئاسمىنى بۇنداق كۆك ئەمەس، زەڭگەر، كۈلرەڭ ۋە قارا بولىدۇ. شەھەردىكى ئېگىز بىنالار شۇ خۇنۇك ئاسماننى تىرەپ تۇرغاندەك بىلىنىدۇ ... قارچۇقلىرىم ھەرىكەتلەندى، كۆزلىرىمگە يېقىنلا يەنە بىر جۈپ كۆز، چوڭ - چوڭ، ئاھۇنىڭكىدەك بىغۇبار، جەلبكار قايناق بىر جۈپ كۆز، سىيادەك قارا، ئىنچىكە، ئۇزۇن قايرىما كىرپىكلەر، ئەگىم قاش، يالتىراق لەۋ، سۈزۈك يۈز، كېيىملىرى ئاسماندەك كۆك بىر قىز. مەن ئۇنىڭ قۇچىقىدا يېتىپتىمەن. ئەتراپ غۇچچىدە يۇلغۇن شاخلىرى، يېڭىلا چېچەك چىقارغان غۇژمەك - غۇژمەك يۇلغۇن شاخلىرى .... قىزنىڭ مۈرەمدىن يۆلەپ تۇرغان سول قولىدا بىر تۇتام يۇلغۇن چېچىكى تۇراتتى ...

— سىز كىم؟ ... — ئاۋازىمنىڭ قانداق چىققانلىقىنى بىلمەيمەن:

— مەن ئادەم ئەمەس.

— ئۇنداقتا مەن قەيەردە؟

— سىز ئۆزىڭىزنىڭ دۇنياسىدا.

— مەن ئۆلمىدىممۇ؟

— سىز چوقۇم ئۆلىسىز، ئەمما ھازىر ئەمەس. شۇنداق، ھازىر ئۆلمىدىڭىز ...

ئۇنىڭ ئاۋازى شۇ قەدەر يېقىملىق ئىدىكى، بۇ ئاۋاز ماڭا غايەت زور كۈچتەك بىلىنىپ، مېنى تېخىمۇ روھلاندۇردى. ئەتراپىمنىڭ ھەممىسى يۇلغۇن، قىپقىزىل قان بىلەن يۇيۇپ قويغاندەك تاۋلىنىپ تۇرغان يۇلغۇن شاخلىرى ۋە سۇس قىزىل يۇلغۇن چېچىكى.

× ×

مەن ئۇ قىزنى ئۆيۈمگە ئېلىپ كەلدىم. بۇ قايناق شەھەر، مىغىلداپ تۇرغان ئادەملەر، مۇكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇرغان چوڭ - كىچىك ماشىنىلار، ئاپتوبۇس، تراموايلار، دېرىزىلىرى ئالۋاستىنىڭ كۆزىدەك پارقىراپ تۇرغان ئېگىز - ئېگىز بىنالار ئۇنى ھەيران قالدۇراتتى. ئۇ ئەمدىلا ئايىغى چىققان بالىدەك تەمتىرەپ، ھەممە نەرسىگە ھەۋەسلىنىپ قاراپ ماڭاتتى. مەن ئۇنىڭ قولىدىن يېتىلىۋالغانىدىم. مەن توغۇلۇپ ئۆسكەن مەھەللەمگە كەلگەندە، بىر توپ ئادەملەر كەينىمىزگە كىرىۋالدى. ئۇلار مېنى تونۇمىغاندەك قىزىقسىنىپ، ئەجەبلىنىپ قارىشاتتى. قوللىرىنى جۇنەپ، غەلىتە بىر مەخلۇقنى كۆرگەندەك بىرنېمىلەرنى دېيىشەتتى. قىز بولسا ئۇلارغا قاراپ كۈلەتتى، قوللىرىنى سىلكىيتتى. قىز ئۇلارغا قاراپ كۈلگەندە، توپ ئىچىدىكى بىر نەچچە كىشىنىڭ ھوشىدىن كېتىپ يىقىلغانلىقىنى كۆردۇم. مەن قىزنى يېتىلەپ كوچىنىڭ ئاخىرىدىكى پاكار دېرىزىلىك ئۆيۈمگە ئېلىپ كىرگىنىمدە، ھېلىقى كىشىلەر دېرىزە ئەينەكلىرىنى چېقىپ، ئىشىكنى بۇزۇپ ئۆيگە كىرمەكچى بولۇشۇپ، بوش سۈرەن سېلىپ قىزغا قاراپ تۇرىۋالدى. مەنمۇ قىزغا قارىدىم، ئۇ ئاجايىپ گۈزەل ئىدى، ئۇنى ئىنساننىڭ تىلى بىلەن ئىنسانىي سۈپەتتە تەسۋىرلەش قىيىن ئىدى. كىشىلەر ئۇنىڭ چىرايلىقلىقىغا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ قەدىمىي ئەپسانىلەردىكى مەلىكىلەرنىڭكىدەك ئۇزۇن ھەم نېپىز، كۆك كۆڭلىكىگە قاراۋاتقانلىقىنى بىلدىم. ئۇنىڭ ئۇزۇن قارا چاچلىرى پۇتىنىڭ ئۇچىغىچە يېيىلىپ تۇرغان كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىدە، خۇددى خىلۋەت بۇلۇڭدىكى كۆپكۆك تىنىق كۆل سۈيىدە سويلاۋاتقان قىل يىلاندەك يالتىراپ تۇراتتى. مەن ئۇنى ئۆيدە قالدۇرۇپ، ئىشىكنى تاقىدىم. ھېلىقى كىشىلەر تېخىچە كەتمەي، ئۆي ئىچىگە قاراپ دۈۋىلەپ تۇرىشاتتى. ئۇلار كېتىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇلار قىزدىن قورقۇپ تۇرۇۋاتقاندەك قىلغاچقا، مەن ئۇنىڭدىن ئەنسىرىمەي كېتىۋەردىم.

مەن ئۆيدىن چىققان ۋاقىتتا، بويۇمنى ئۇنىڭغا تەڭلەشتۈرۈپ ئېگىزلىكىنى ئۆلچىۋالغان ۋە ئىشىك ئالدىدىكى گۈللۈكتىن ئۆتكەندە يۇمشاق

قومدا قېلىپ قالغان ئىزىنى ئۆلچىۋالغانىدىم. شۇڭا ئۇنىڭغا دەل كېلىدىغان كىيىم ۋە ئاياغنى ئاسانلا سېتىۋالدىم. ئۇنى يولغۇنلۇقتىكى ئۆز كىيىملىرى بىلەنلا قويىدىغان بولسام، پۈتۈن شەھەردىكى ئادەملەرنىڭ ئۆيۈمگە كىرىۋېلىشى مۇمكىن ئىدى. چۈنكى ئۇ، ئادەملەردىن چىرايلىق ئىدى. ھەتتا ئاشۇ كۆك كۆڭلەكلىرىگىچە ئادەملەردىن پەرقلىنىپ تۇراتتى. مەن كىيىملەرنى ئېلىپ ئۆيگە كەلگەندە ئىشىك، دېرىزە تۈۋىدىكى ئادەملەر كېتىپ قېلىشقان بولۇپ، پېتىۋاتقان قۇياشنىڭ ئاداققى نۇرلىرى چېقىق دېرىزىدىن ئۆي ئىچىگە خېلى كەڭ دائىرىدە چۈشۈپ تۇراتتى. مەن قۇياشنىڭ نۇرى ئاجىزلىشىپ، ئۇنىڭ گەردىشىنى ئېنىق كۆرەلەيدىغان ۋاقىتتا ئامراق بولغاچقا، ئۆيۈمنىڭ دېرىزىسى غەرب تەرەپتە ئىدى. قىز ئۆينىڭ كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان تەرىپىدىكى قاراڭغۇ بۇلۇڭدا قارشى تەرەپ تامدىكى قىپقىزىل شولىلارغا قاراپ، ۋەھىمە بىلەن تىترەپ ئولتۇراتتى. كۆزلىرى تامدىكى نۇر زەررىچىلىرىنى ساناۋاتقاندەك قېتىپ قالغانىدى. مەن ئۇنى يۆلەپ، يۇمشاق ئورۇندۇققا ئېلىپ كەلدىم. ئۇنىڭ كۆزى ھېلىمۇ تامدىكى شولىلاردا ئىدى. ئۇنى بىر ھازا بەزلىدىم. ئامال قىلىپ ئۇنى مۇشۇ شولىلارغا قاراتماسلىققا تىرىشتىم. بۇ چاغدا قۇياشمۇ شەھەرنىڭ غەربىدىكى ئېگىز تاغ كەينىگە چۆكتى. مەن ئېلىپ كەلگەن كىيىم ۋە ئاياغنى ئۇنىڭغا بېرىپ يەڭگۈشلىۋېلىشقا ئۈندىدىم. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ كۆك كىيىملىرىنى سېلىۋەتكۈسى يوقتەك قىلاتتى. نېمىلا بولمىسۇن ئۇ كىيىم ئالماشتۇرۇشقا قوشۇلۇپ، ياندىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۇ كىيىمنى ئالماشتۇرۇپ چىققاندا، مەن بازاردىن ئېلىپ كەلگەن يېمەكلىكلەرنى ئۈستەلگە تىزىپ تەق قىلىپ قويغانىدىم. كىيىملەر ئۇنىڭغا شۇنچىلىك دەل كەلگەنكى، خۇددى بۇ كىيىملەرنى باشقا بىرى كىيسە ياراشمايدىغاندەك، مەن ئۇنىڭغا قاراپ قېتىپلا قالغانىدىم. ئىنساندا بولىدىغان بارچە گۈزەللىك، نەپىسلىك، نازۇكلۇق ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇپ تېپىلاتتى. ئۇ ئۈستەلگە كېلىپ ئولتۇردى. مەن ئەمدى ئۇنىڭغا قايتىدىن سەپسېلىپ قاراشقا باشلىدىم. ئۇنىڭ قاپقارا چاچلىرىنى بېشىغا تۈرمەللىۋالغاندىن باشقا ھەرقانداق تەسۋىرگە تەسەۋۋۇرۇم ماس كەلمەيتتى. نازۇك بەدەن، سۈزۈك ئەت، جىلۋىگەر ھۆسن ... ئۇنىڭدىكى پۈتۈن لاتاپەت ھەربىر ھۈجەيرىلىرىمگىچە سىڭىپ كېتىۋاتاتتى. مەن تاماق يېيىشكە باشلىدىم. ئۇ ئەمدى تامامەن ئەسلىگە كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن تاماققا قاراپ يېمەي جىممىدە ئولتۇراتتى. مەن ئەجەبلىنىپ سورىدىم:

— يېمەمسىز؟ قورسىقىڭىز ئاچمىدىمۇ؟ — مەن تەخسىدىكى پېچىنلەرنى ئۇنىڭ ئالدىغىراق سۈرۈپ قويدۇم.

— ياق، مەن يېيەلمەيمەن، يېسەم بولمايدۇ.

— نېمىشقا؟ مىجەزىڭىز يوقما؟

— ...

ئۇ ماڭا تىكىلدى. ئۇ كۆزلەردىن ئېقىپ چىققان قانداقتۇر بىر نۇر ئېقىمى پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى ئېرىتىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئاستا سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى شۇ قەدەر يېقىملىق، خۇددى گۈگۈمدىكى نەي ئاۋازىدەك مۇڭلۇق ئىدى.

— مەن تاماق يېمەيمەن، ئۇخلىمايمەن. چۈنكى مەن سىزنىڭ بۇ پانىي ئالىمىڭىزدىكى ئادەم ئەمەس. مەن سىزنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈنلا ئاشۇ يولغۇنلۇقتىكى ماكانىمدىن ۋاز كەچكەن.

بۇ، مەن ئۇنىڭغا ئۇچرىغاندىن بېرى ئۇنىڭ ئەڭ جىق سۆزلىشى ئىدى. مەن ئۇنىڭدىن ئەمدى ھېچنەرسە سورىمىدىم. ئۇ تاغ ئۈستىدىكى بۇلاقتىن شىرىلداپ ئېقىۋاتقان سۇدەك مەيىن ئاۋازى بىلەن سۆزلەيتتى:

— ئاشۇ چۆل، چەكسىز جەزىرە بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئادەملەر ئۆلۈپ كەتسە بولمايدۇ. ئاشۇ جەزىرە نۇرغۇن ئادەملەرنى يۇتۇپ كەتتى، يەنە يۇتۇپ كېتىۋەرسە بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىز مېنىڭ جەزىرىدىكى غايىپ ماكانىمنى كۆرۈپ قالدىڭىز. ئۇچۇقىنى دېسەم، ئادەملەر ئۇ شەھەرنى

كۆرسە بولمايتتى. كۆرۈپلا قالسا ئۇلار ئازىدۇ، ئادەملەر ئازسا ھالاك بولىدۇ.

سىزنىڭ ئۇ شەھەرنى كۆرۈپ قېلىشىڭىز مېنىڭ سەۋەنلىكىم.

ئۇنىڭ كۆزلىرى ئاجايىپ بىر مۇڭ قايغۇغا تولغانىدى.

— شۇڭا مەن قۇياشتىن قورقىمەن، بولۇپمۇ ئەتىگىنى قۇياش كۆتۈرۈلۈۋاتقاندا، كەچتە پېتىۋاتقاندا، ئۇ مېنىڭ شەھىرىمنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ. بولۇپمۇ سەھەردە بەكرەك شۇنداق بولىدۇ. شۇڭا مەن ئۇخلىماسلىقىم كېرەك ئىدى.

ئۇ، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزە ئالدىغا بېرىپ، يىراقتىكى ئېگىز بىنالارنىڭ دېرىزىلىرىدىكى چىراغ نۇرلىرىغا قارىغىنىچە داۋاملاشتۇردى:

— ئاشۇ كۈنى، سىز سەھەر تۇرۇپ كەتكەن كۈنى مەن ... مەن ...

ئۇنىڭ بوغۇزىغا بىرنەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك بوغۇلۇپ قالدى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ مۈرىسىدىن ئاستا قۇچاقلىدىم. ئۇنىڭغا بىر نەرسە دەپ تەسەللىي بېرىشنى ئويلايتتىمۇ نېمە دېيىشىمنى بىلمەي تۇرۇپ قالدىم. ئۇنىڭ پۈتۈن تېنى تىترەيتتى. مەن ئۇنى تېخىمۇ قاتتىقراق قۇچاقلاشنى ئويلاپ قالدىم.

ئۇ يىغلاۋاتقان بولسا كېرەك، قولىنى كۆتۈرۈپ يۈزىنى سىلىغاندەك قىلدى. ئاندىن ئۇ مۈرىسىدىكى قولۇمنى بوش سىلاپ قويدى. ئۇ راستىنلا يىغلىغان ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ ئالقانلىرى نەم ئىدى.

— شۇنداق، سىز مېنىڭ شەھىرىمنى كۆرۈپ قالدىڭىز، سىز ئازدىڭىز، سىلەر ئىنسانلار تۇغۇلۇشۇڭلاردىنلا ئازغۇن ئىكەنلىكىڭلارنى بىلمەيسىلەر ... مەن سىزنىڭمۇ ئۆلۈپ كېتىشىڭىزگە چىدىمىدىم. چۈنكى ئەمدى ئاشۇ چۆلدە، بىچارە ئادەملەر مەڭگۈ ئاچالمايدىغان سىرلارنى ئىزدەپ، ئۆلۈپ كېتىۋەرسە بولمايتتى. سىزگە ئىچىم ئاغرىدى، ئاشۇ يولغۇنلۇقتا سىزگە نەپەس بەردىم.

ئۇ ماڭا ئۆرۈلۈپ، ئىككى قولۇمنى ئالقانلىرى ئارىسىغا ئالدى.

— ئەسلى مېنىڭ بەدىنىمنىڭ ھەرقانداق يېرىگە ئىنسانلارنىڭ بەدىنى تەگسە بولمايتتى. چۈنكى ئىنسانلار پاك ئەمەس. بىراق قۇتقۇزۇش ئۈچۈن يولغۇنلۇققا ئېلىپ بارغىچە ھېچ يېرىڭىزنى تۇتماسلىقىم مۇمكىن بولمىدى، قولۇم قولىڭىزغا تېگىپ كەتتى. ئەمدى ... ئەمدى مېنىڭ ھالاكىتىم يېقىنلاشتى، مەن مۇساپەمنى تاماملاپ بولۇۋاتىمەن.

ئۇ يەنە بىر قېتىم ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ، قولۇمنى قويۇۋەتتى. ئۇ مەندىن ئاستا - ئاستا يىراقلىشىپ يەنە قايتىپ كەلگەندە، شەھەر ئاسمىنى پۈتۈنلەي قالايمىقانلاشقان. ئۇ دېرىزىگە تايىنىپ، ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا تىكىلدى. ئۇنىڭ قارىچۇقلىرى يۇلتۇزلار بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندەك قىلاتتى.

× ×

ئۇ كېچىسى پەقەت ئۇخلىمايتتى. ھەر كۈنى ئاخشامدىن سۈبھىگىچە يۇلتۇزلار بىلەن قانداقتۇر بىر تىلدا سۆزلىشەتتى. پەقەت ئەتىگىنى قۇياش كۆتۈرۈلگەن ۋە كەچتە ئۇپۇق قىزارغاندا دېرىزىلەرنى چىڭ تاقاپ، پەردىلەرنى چۈشۈرۈپ، ئۆزىنىڭ بۇلۇڭىغا تىقىلىپ تىترەشكە باشلايتتى. بۇنداق ۋاقىتلاردا مېنىمۇ بىر خىل ۋەھىمە بېسىپ كېتىۋاتقاندەك بولاتتى.

مەنمۇ ئۇنى سىرتقا ئېلىپ چىقمىدىم. ئادەملەر بىر نەچچە كۈن ئىشىك دېرىزىلەردىن مارىلاپ زېرىكتىمۇ ياكى ھېلىقى قىزنىڭ كۆك كىيىمى يوقلۇقىدىن ئەپسۇسلاندىمۇ كېتىپ قېلىشتى. ئۇلار ئىككىنچىلەپ كەلمىدى. قىز مەن ئېلىپ كەلگەن كىيىملەرنى كىيگەندىن كېيىن باشقىچە بولۇپ قالدى. ئەمدى ئۇ، مۇشۇ شەھەردىكى بارلىق ئاياللاردىن تاشقى جەھەتتە پۈتۈنلەي پەرقسىز ئىدى. ئۇ ئۆيۈمگە كەلگەندىن بېرى پەقەت ئۇخلاپ باقمىدى. كېچىسى يۇلتۇزلار بىلەن سۆزلىشىپ ھارغاندا ئىشكاپتىكى قەغەزلەرنى

ئېلىپ ھەر خىل رەڭدىكى كەپتەرلەرنى ياسايتتى. كەپتەرلەرنىڭ ئىچىدە كۆك رەڭدىكىلىرى كۆپرەك ئىدى. مەن ھەر كۈنى سىرتقا چىقىپ كەلمىسەم بولمايتتى. چۈنكى مەن ھايات، تىرىك ئادەم ئىدىم. مەن ھەركۈنى سىرتتىن كەلسەم تاماقلىرىم تەييار تۇراتتى. ئۇنىڭ ھېچنېمە يېمەي تۇرۇپ ئەتكەن تاماقلىرى شۇنچە مېزىلىك، يېيىشلىك، تاتلىق ئىدى. ئىنسان بالىسىنىڭ ئۆمرىدە بۇنداق تاتلىق تاماقلارنى يېيەلىشى بىر مۆجىزە بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەمما مەن بۇنى ھېچبىر مۆجىزە ھېس قىلمىدىم. مەن خىزمەت قىلاتتىم، ئەمما ئادەملەر بىلەن بولغان ئالاقەمنى پۈتۈنلەي ئۈزگەنىدىم. ئۇلار بىلەن سۆزلىشىش، پاراڭ قىلىشىش ماڭا مەنىسىز تۇيۇلاتتى. ئادەملەر بىلەن سۆزلەشمەيمۇ ئۆز ئىشىنى قىلىۋەرگىلى بولىدۇ ئەمەسمۇ. چۈنكى مەن ئۈچۈن ئۆزەم باشقا بىر روھىي دۇنيادا ياشاپ تۇرۇپ، ئۆزەمگە ئوخشاشلا تىرىكچىلىك يولىدا كېتىۋاتقانلار بىلەن گەپلىشىش، ئالاقە قىلىش قانداقتۇر بىر مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويغاندەك قورقۇنچلۇق بىلىنەتتى. پەقەت شۇ قىز بىلەن بىللە بولساملا، ھەممە نەرسىدىن قانائەت ھېس قىلاتتىم.

مەن چۆلدە يوقاپ كەتكەندىن كېيىن، ئەترەتتىكىلەر مېنى ئۈچ ھەپتىدەك ئىزدەپتۇ. ئايروپىلان چاقىرتىپ، پۈتۈن چۆلنى ئايلىنىپ تاپالمىغاندىن كېيىن، مېنى ئۆلدى دەپ قاراپ، چۆلدىكى خىزمىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، قايتىدىن ئادەم تەشكىللەپ، جەسىتىمنى ئىزدىمەكچى بولۇپ قايتىپ كەپتۇ. ئۇلار مېنى شەھەردە كۆرۈپ ئانچە ھەيران قېلىشمىدى، ئەپۇمۇ سوراشمىدى. ئۇلار مېنى ئەزەلدىن ئۆزى بىلەن بىللىدەكلا ھېس قىلىشىپ قالغاندەك قىلاتتى. تولا ۋاقتىم ئۆيدە قىز بىلەنلا ئۆتەتتى. مەن ئۇنى بىردەم كۆرمىسەم چىدىيالمايدىغاندەك ھالغا كېلىپ قالغان بولساممۇ، لېكىن بۇ ھالنى ئېتىراپ قىلغۇم كەلمەيتتى. چۈنكى بۇ ماڭا خۇددى چۈشتەكلا بىلىنەتتى. ئەمەلىيەتتە ھاياتنىڭ ئۆزىمۇ بىر چۈش. ئۆيۈمنىڭ ئىچى بارغانچە چىرايلىقلىشىپ كېتىۋاتاتتى؛ كىچىككىنە ھويلا، ھەتتا دېرىزە، تەكچىلىرىمۇ چوغدەك قىزارغان گۈللەر بىلەن تولغانىدى. ئۆي ئىچىدە يەنە، ئۇ ياسىغان كەپتەرلەر كۆپىيىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەنىلا كۆك رەڭدىكىسى كۆپرەك ئىدى.

قىز بارا - بارا بۇ رېئال دۇنياغا كۆنگەندەك قىلدى. ئانچە - مۇنچە سىرتلارغىمۇ چىقتى. بۈگۈن ئۇنى شەھەر ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ چىقتىم. ئەمدى ئۇنى يېتىلىۋالمىسامۇ شەھەرنىڭ ھەممە كوچا، رەستىلىرىنى ئۆزى بۇرۇندىنلا بىلىدىغاندەك بىمالال ماڭاتتى. بىر چاغدا ئۇ ماڭا، باغچىغا بارايلى دېدى. مەن ھەيران قالدىم، ئۇ ئۆيۈمگە كەلگەندىن بېرى ھويلىنىڭ سىرتىغا چىقىپ باقمىغان تۇرسا، باغچىنى قانداق بىلىدۇ؟...

بىز باغچىنىڭ ئىشىكىگە بارغاندا، بېلەت ئېلىش ئۈچۈن يانچۇقۇمدىن بىر تۇتام پۇلنى چىقىرىپ بېلەت ساتقۇچىغا ئۇزاتتىم. قىز قولۇمدىكى پۇللارغا قىزىقىش، ھەيران بولۇشتەك بىر نەزەر بىلەن قاراپ تۇراتتى. بىز باغچىغا كىرىپ مەجنۇنتاللىق يولدا كېتىۋاتقىنىمىزدا، ئۇ مەندىن، — باياتىن يانچۇقىڭىزدىن ئالغان نەرسە نېمە؟ — دەپ سوراپ قالدى. — «پۇل» — دېدىم مەن ئەجەبلىنىپ. — ئۇنى نېمە قىلىدۇ؟ — توۋا، بۇ دۇنيادىكى ئادەملەر ئارىسىدا ئۇنى بىلمەيدىغىنى يوق. ھەتتا ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن ئەمدىلا چۈشكەن بالىنىڭ قولىقىغا پۇلنىڭ ئاۋازى ئاڭلانسا، يىغىدىن توختايدۇ. ئەجەبا ئۇ نېمىشقا بىلمەيدۇ؟ شۇنداق، ئۇ بىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ بۇ دۇنيانىڭ ئادىمى ئەمەس، مەن بۇنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. مەن ئۇنىڭ پۇلنى بىلمەيدىغانلىقىنى ناھايىتى ئۇزاق خىيال قىلىپ ماڭدىم. بىر چاغدا قىزنىڭ تومۇزدىكى سالقىندەك يېقىملىق ئاۋازى مېنى ئەسلىمگە كەلتۈردى. بۇ ئاۋاز قىزنىڭ چۆلدىكى يۇلغۇنلۇقتا تۇنجى رەت ئاڭلانغان ئاۋازىغا ئوخشايتتى؛ ماڭا قايتا ھاياتلىق بەخش ئەتكەن ئاۋازغا ئوخشايتتى.

— ئاۋۇلار نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟

قويۇق ئورمانلىق ئىچىدىكى چىملىق ئوتتۇرىسىدا سۈيى سۈزۈك ئېقىننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قورام تاش ئۈستىدە ئاپئاق ئىككى غاز تۇمشۇقلىرىنى بىر - بىرىگە سۈركىشىپ، قاناتلىرى بىلەن بىر - بىرىنى يەلپۈپ ئوينىشىۋاتاتتى. ئۇلار خۇددى بىر - بىرىنى سۆيۈشۈۋاتقاندەك قىلاتتى.

— ئۇلار مۇھەببەتلىشىۋاتىدۇ، — دېدىم مەن دەرھاللا. بۇنداق گەپنىڭ ئېغىزىمدىن قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيمەن. تېزلا قىزنىڭ چىرايىغا قارىدىم، يىپ تارتىپ قويغاندەك تۈپتۈز قاش، شامدەك سۈزۈك، تۈز قاڭشا، جىنەستىدەك قىپقىزىل لەۋلەر، يۇپيۇمىلاق يۈز، تال بارىڭىدەك قويۇق چاچ... ئاجايىپ بىر گۈزەللىك، ئادەملەردە بولمايدىغان گۈزەل بىر سىما، ئاجايىپ نازاكەت كۆز ئالدىمدا تۇرۇپتۇ، ئۇنى سۆيۈپ قالماسلىقىم مۇمكىنمۇ؟

— شۇنداق، پەرىشتە قىز، ئۇلار مۇھەببەتلىشىۋاتىدۇ. ئاۋۇ پۇتلىرى توم، پەيلىرى قويۇق ھەم قوپال كۆرۈنگىنى، ئالدىدىكى نازۇك، ئاپئاق غازنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلار سۆيۈشۈۋاتىدۇ، بىر - بىرىگە مۇھەببەت ئىزھار قىلىشىۋاتىدۇ. مەن ئۇنىڭغا غازلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ چىرايىغا قارىدىم. ئۇمۇ مېنىڭ كۆزۈمگە قاراپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ دەسلەپ ئۆيگە ئېلىپ كېلىپ تاماق يېگەن ۋاقتىدىكى قاراشلىرىنى ئەسلىدىم. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى كۆز قارچۇقلىرىدىن ئېتىلىپ چىققان نۇر - زەررىچىلىرى ئەمدىلىكتە ئىچىمدە جانلىنىپ پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى كۆيدۈرۈپ، يۈرىكىمدە توختاپ قالغاندەك بولدى. ئۇنىڭ چىرايىدا ھېچقانداق ئىپادە يوق، گەپلىرىمنى ئاڭلىمىغاندەكلا قىلاتتى. مەن ئۇنىڭغا سۆزلىگەن چاغدىكى ئاۋازىمنىڭ چىققان - چىقمىغانلىقىدىن گۇمانلىنىپ قالدىم ۋە ئۇنىڭ شىشىدەك سۈزۈك بارماقلىرىنى تۇتتۇم. ئۇ قولىنى ئاستا تارتىۋېلىپ:

— ياق! سىز مېنى سۆيۈۋالسىڭىز بولمايدۇ، ئۆزىڭىزگە ئازاپ تېپىۋالىسىز.

— ئۇ مېنىڭ باياتقى ئوي - خىياللىرىمنى بىلىۋالغانىدى. قىز سۆزلەۋېتىپ ھېلىقى غازلار تەرەپكە قارىدى. بۇ چاغدا ھېلىقى بىر جۈپ غاز ئېقىن بويىدىكى ياپيېشىل قومۇشلۇق ئارىسىغا كىرىپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇ ماڭا قاراپ: — ئىنسانلاردىكى مۇھەببەتنىڭ ئۆزى شەخسىيەتچىلىك، ئۇلاردا ھەقىقىي مۇھەببەت يوق. مەن ئادەملەر ئارىسىدا، سىزنىڭ ئۆيىڭىزدە تۇرۇپ، كېچىسى پەقەت ئۇخلىمايمەن. ئادەملەرنىڭ ئاھ زارى، مۇھەببەتتىن پەيدا بولغان ھەسرەتلىك تىنىقلىرى مېنى ئۇخلاتمايدۇ. سىلەر ئادەملەر بەك ۋەھشى، سىلەر مۇھەببەتنى دەپلا بىر - بىرىڭلارنى يەيسىلەر، سىلەرنىڭ روھىڭلاردا پەقەت بىر - بىرىڭلارنى يېيىشلا بار. سىلەر ئۆز - ئۆزەڭلار ئۈچۈن ئەڭ قورقۇنچلۇق بولغاچقىلا بىر - بىرىڭلارغا مۇھەببەت قويىسىلەر. شۇنداق، ئىنسان — ھاياتلىقتىكى باشقىچە بىر مەخلۇقات. سىز خىيالىڭىزدىكى، چۈشىڭىزدىكى ئادەمنى سۆيمەسلىكىڭىز، ئۇنى مەڭگۈ سۆيۈپ قالماسلىقىڭىز كېرەك. بولمىسا ئۇنىمۇ، ئۆزىڭىزنىمۇ يوقىتىپ قويىسىز.

ئۇ يەنە ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ سۆزدىن توختىدى. بىز بىر كۈن شەھەر ۋە باغچىنى ئايلاندۇق. كۈن غەربكە قىيسايغاندا قىزنىڭ باغچىدىكى خۇشاللىقلىرى يوقىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ۋەھىيمە، قورقۇنچ ئىگەللەشكە باشلىدى. ئەمدى ئۆيگە قايتمىساق بولمايتتى. ئۇ ھامان ئۆينىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭىنى سېغىناتتى.

× ×

كۈنلەر ئۆتتۈۋەردى. مېنىڭ پۈتۈن ئەس - يادىم ئۇنىڭدا بولغاچقا، ۋاقىتنىڭ قانچىلىك ئۆتۈشى مەن ئۈچۈن ئەھمىيەتسىز ئىدى. مەن ئۇ قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم. ئۇنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ كۆرگۈم كېلەتتى، ئۇنىڭ چوڭ - چوڭ كۆزلىرىگە تويماي باققۇم كېلەتتى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرۇپمۇ ئۇنى سېغىناتتىم. كېچىلىرى ئۇنىڭ ئۆي ئىچىدە ئەرۋاھتەك مېڭىپ يۈرۈشلىرىگە قاراپ پەقەت ئۇخلىيالمايتتىم. رېئاللىقتا مەنسۇپ

بولمىغان ئادەمگە بولغان مۇھەببەتنى تەسۋىرلەش ھەقىقەتەن بەكمۇ تەس. ئەمما مېنىڭ قەلبىمدە ئەنە شۇنداق تەسۋىرلىگۈسىز بىر مۇھەببەت دولقۇنى كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىۋاتاتتى. ئۇنى سۆيۈشكە ئىنتىلەتتىم. مېنىڭ مۇھەببىتىم مەۋجۇدلۇق سىزىقىدىن ھالقىپ كەتكەنىدى. قۇملۇقتا بەش كېچە - كۈندۈز چۈشۈمدە ماڭا ھەمراھ بولغان، قاۋاقخانىغا مەن بىلەن بەش قېتىم بىللە بارغان قىز بىلەن بۇ قىز، خىيالىمدا بىرلىشىپ كېتىۋاتاتتى. مەن بارغانچە تەلۋىلىشىپ، خىياللىرىمنى باشقۇرالماس بولۇپ قېلىۋاتاتتىم.

تۇيۇقسىز ئىككى كۈنگىچە كۈن چىقمىدى. پۈتكۈل شەھەر تۇمان ئاستىدا قالدى. قىز قانداقتۇر بىر نەرسىدىن ئەنسىرەپ ۋەھىمىگە يەۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ، بۇ ئىككى كۈندە پەقەت گەپ قىلمىدى، ئىككىنچى كۈنى كەچتە ئۇ كارۋاتقا چىقىپ ياتتى، ئۇ ماڭا تىكىلەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ياش تامچىسىغا ئوخشاش جۇلالىق بىر نۇرغا ئارىلىشىپ كەتكەن ۋەھىمە، قۇياش پاتىدىغان، قۇياش چىقمىدىغان چاغدىكىدەك ئېغىر بىر ۋەھىمە ئەكس ئېتەتتى. مەنمۇ ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارىدىم، بىز ئۇزاق قاراشتۇق. ئۇ ئېغىر ئۇھ تارتتى، ئەمدى ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى ۋەھىمە نۇرلىرى تاراپ كەتكەندەك بولدى. ئەمما بۇ كۆزلەرنىڭ ئىپادىسى باشقىچىرەك ئىدى. ئۇ چۈشىنىپ بولمايدىغان قانداقتۇر بىر ئېھتىياج تۈپەيلى كۆكەرگەن قاپاقلىرىنى يۇقىرى كۆتىرىپ، ئۆينىڭ ھەممە يېرىگە كۆز يۈگۈرتۈپ كېلىپ نەزىرى بىرلەھزە مەندە توختىدى. ئۇنىڭ بېقىشلىرىدا قانداقتۇر يېڭى، كىشى چۆچۈگىدەك يات بىر نەرسە غىل - پال بايقىلىپ تۇراتتى. ئۆينىڭ ئىچى بارغانچە نۇرلاندى، ئۆي ئىچىدە كۆك نۇر جىلۋە قىلاتتى. ئۇ كېچىلىرى ئۇخلىماي ياساپ چىققان ۋە ئىنچىكە يىپلار بىلەن تۇرۇسقا ئېسىپ قويۇلغان كەپتەرلەر، كۆك نۇر ئىچىدە تىرىلىۋاتقاندەك ئاستا مىدىرلىشاتتى. نەدىن پەيدا بولۇپ قالدىكىن ئۇنىڭ ھېلىقى مۇقەددەس يۇلغۇنلۇقتا كىيگەن نېپىز كۆك كۆڭلىكى ۋە ئۇتىغات قادالغان بىر تاج ئۇنىڭ ئايىغى تەرەپتىكى ئۈستەلدە تۇراتتى.

ئۇ ئاستا - ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇ ئۆلگەندەك ياتاتتى، ئەمدى مەن ئۇنىڭ ھۆسنىنى دەخلىسىز ھالدا قانغىچە كۆزىتىشكە باشلىدىم. ئۇنىڭغا ئۇزاقىچە قارىدىم. چامامدا يېرىم كېچە بولدى. ئۇ ئۇخلاۋاتاتتى، ئۇنىڭ تىنىقلىرىنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى. نەزىرىم ئۇنىڭ قىپقىزىل ئوتقاشتەك يوپقا لەۋلىرىدە توختىغاندا، ئۇ لەۋلەر مېنى ئۆزىگە تارتقاندەك، مېنى چاقىرىۋاتقاندەك قىلدى. مەن ئېڭىشىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ماڭلاي چاچلىرىنى سىلىدىم ۋە كۆزۈمنى يۇمۇپ ئاستا - ئاستا لەۋلىرىمنى ئۇنىڭ لەۋلىرىگە يېقىنلاشتۇردۇم. لەۋلىرىم ئۇنىڭ لەۋلىرىگە تەگدىمۇ - تەگمىدىمۇ بىلمەيمەن تۇيۇقسىز كۈچلۈك چاقماق چېقىپ، ھاۋاگۈلدۈرلەپ كەتتى. دېرىزىدىن يامغۇرلۇق كېچىدىكى چاقماقتەك شاخلاپ كىرگەن كۆك نۇر ئەتراپىمنى بىر ئايلاندى...

× ×

پاكار، ئۇزۇن ساپاغا چۆكۈپ ئولتۇرىمەن. ئۆي ئىچى قويۇق تاماكا ئىسى بىلەن تولغان. كۆك، يېشىل، ئاق ... قەغەزلەردىن ياسالغان كەپتەر مودېللىرى تۇرۇسقا ئىنچىكە يىپ بىلەن ئېسىلغان بولۇپ، قويۇق ئىس - تۈتەك ئىچىدە لەيلەپ تۇرۇشاتتى. ئالدىمدىكى ئۇزۇنچاق شىرە ئۈستىدە سۇس قىزىرىپ تۇرغان بىر تۇتام يۇلغۇن چېچىكى سۇزۇك ئەينەك لوڭقىدا. ئىچى لىققىدە تاماكا كۆتىكى بىلەن تولغان كۈلدانغا ئاجايىپ رومانتىك بىر چۈشىنى سۆزلەپ بېرىۋاتقاندەك جىممىدە تۇراتتى. مەن تاماكىدىن يەنە بىرىنى تۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن قولۇمدىكى تاماكا قالدۇقىنى كۈلدانغا باستىم. ئۇنىڭدىن پۇرقۇپ چىققان كۆكۈش ئىس، يۇلغۇن چېچىكى سېلىنغان لوڭقىنى چىرماپ ئورغىنىچە يۇقىرى ئۆرلەشكە باشلىدى. كەپتەر مودېللىرى يەنىلا بوش ئىغاڭلايتتى. بىر تۇتام يۇلغۇن چېچىكى سۇس جىمىرلاپ، كۆزۈمگە سىڭىپ كېتىپ باراتتى.

تەھرىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان



مۇھەممەت چاۋار

# ئاق كېپىنەك

(ھېكايە)

كەچلىك تاماقتىن كېيىن، تۇرسۇن ھاكىم ئېغى ئۇسۇپمۇ ئۆلگۈرمىگەن ساقاللىرىنى بىر قۇر «دەزمال» لىغاندىن كېيىن، ئىشكاپتا ئېسىقلىق تۇرغان گالستۇكلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئاق چېكىت گۇللۇك قارا گالستۇكىنى تاللاپ تاقىدى - دە، ئۆينىڭ جەنۇب تېمىغا ئېسىلغان ئەينەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ چاچلىرىنى تاراشقا باشلىدى.

— كەچتە يەنە نەگە بارىسىز؟ — پېشايۋان سۇپىسىغا سېلىنغان داستىخان ئۈستىدىكى قاچا - قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇۋاتقان ئايىمنىسا ئېرىنىڭ ئالدىراش جابدۇنۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئېيتتى.

— يىغىنغا، كەچتە ھۆكۈمەتتە يىغىن ئاچىمەن، — دېدى ئۇ ئايىمنىساغا قاراپ، — سەن باللار بىلەن بالدۇرراق ياتقاچ تۇرساڭمۇ بولىدۇ،

— تۇرسۇن ھاكىم ئۆرۈلۈپ، ئايۋان سۇپىسىغا تاشلانغان سومكىسىنىڭ ئىچىدىن بىر پارچە گېزىتنى ئېلىپلا تالاغا ماڭدى.

— مەن كەتتىم، — ئۇنىڭ ئاۋازى ئۇنلۇك چىقاتتى.

ئايىمنىسا يەنە ئادەتتىكىچە ئۆز ئىشىغا تۇتۇندى. كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئاشخانىنى پاكىزە يىغىشتۇرۇپ بولۇپ، ئاندىن ئەتىگەندىن بېرى يۇيۇپ قۇرۇتقان كىيىملەرنى ئايۋاننىڭ سۇپىسىغا تاشلاپ دەزماللاشقا باشلىدى. ئۇ، ھەقلىق يوسۇندا ئاۋۋال ئېرىنىڭ كىيىملىرىنى دەزماللىدى. تۇرسۇننىڭ ھاكىملىقتا تەيىنلىنىشى بىلەن ئۆينىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىمۇ ھەسسىلەپ كۆپەيدى. بۇ ئائىلىنىڭ بارلىق ئىشلىرى ئۇنىڭ بېشىغا كېلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كېلىپ - كېتىۋاتقان مېھمانلارنىڭ كۆپلۈكىنى دېمەيسىز. ئەمما، ئۇ ۋايىسمايتتى. شۇنداق، ئۇ جاپاغا كۆنۈك. راستىنى ئېيتقاندا، تۇرسۇن بىلەن توي قىلىشتىن ئىلگىرى، ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن سەھرا قىزى ئىدى. ئۆزۈن ئۆتمەي ئاتا - ئانىلارنىڭ رازىلىقى بىلەن ئۆز يېزىسىنىڭ دېھقانچىلىق تېخنىكى تۇرسۇن بىلەن ئۆي - ئوچاقلىق بولدى. مانا، ھايت - ھۇيت دېگۈچە بىر قانچە يىل ئۆتۈپ كەتتى. قارىغىش تەككۈر زاماننىڭ يامان كۈنلىرى تۈگەپ، تۇرسۇن ھاكىم بولدى. ئېرىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى ساقلاش ئۈچۈن، ئۇ ئۆزىنىڭ بىر ئائىلە ئايالى بولۇشقا قارىماي، ھەر قانداق بەدەل تۆلەشكە رازى ئىدى. ئايىمنىسا مۇشۇلارنى ئويلاۋېتىپ، ئېھتىمال كۆڭلى سۆيۈندى بولغاي، پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ قولىدا ئاستا ھەرىكەتلىنىۋاتقان دەزمال شۇ تاپتا تازا قىزىغانىدى.

كۈنلەر شۇنداق ئۆتمەۋەردى، تۇرسۇن ھاكىمنىڭ «كەچلىك يىغىنلىرىمۇ» بارغانسېرى كۆپىيىۋەردى. «ھاكىم دېگەننىڭ ئىشى ئاز بولامتىمۇ؟ ھەر كۈنى شۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ ئۇنى سورۇشتۇرۇپ يۈرگەنلىكىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ بىر كۈنلۈك ۋاقتىمۇ چەكلىك - دە! ۋاقىت

يېتىشمىگەندىن كېيىن كىچە ئىشلىمەي نېمە ئامال» دەپ ئويلايتتى ئايىمىنىسا. «ھاكىملىق دېگەن تازا بازىرى ئىتتىك ھۆنەرگىلا ئوخشايدىكەن».

ئەپسۇس، ئىش ئۇنداق ئوڭۇشلۇقمۇ ئەمەس ئىدى. بىر كۈنى چۈشلۈكى ئايىمىنىسا ئازراق قېتىق سېتىۋېلىش ئۈچۈن بازارغا چىقىۋىدى، كۆۋرۈك بېشىدا مۇئاۋىن ھاكىم سەيدۇللانىڭ خوتۇنى ساجىدەم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. تىنچ - ئامانلىق سورۇشقاندىن كېيىن، ساجىدەم ئۇشتۇمتۇت ھاكىمنىڭ ئۈستىدە سۆز ئاچتى:

— ۋاي، ئايىمىنىساخان، ئۆزلىرىگە بىر گېپىم بار ئىدى، دېسەم بولارمۇ، دېمىسەم بولارمۇ؟

— نېمە گەپ ئىدى ساجىدەم، — ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئورامىدىن ھەيرانلىقتا چۆمگەن ئايىمىنىسا ئاڭلاش تەقەززاسىدا دېدى، — دەۋەرسىلە، نېمە گەپ بولسا شۇنى دېسىلە.

— ئەمىسە، خاپا بولمايلا جۇما؟!

— ياق.

— ئۇنداق بولسا ئاڭلاپ تۇرسىلا، يېقىندىن بۇيان ھاكىمنىڭ كەچلىكى نەلەرگە بېرىپ يۈرۈيدىغانلىقىدىن خەۋەرلىرى باردۇ؟

— ئۇ، كەچلىرى يىغىنىم بار، ھۆكۈمەتتە يىغىن ئاچىمەن دەپ كېتىدىغۇ.

— ۋىيەي، نەدىكى يىغىننى دەيدىغانلا خانىم، ئۇلار يىغىنغا بارمايدىكەن، تانسىغا بارىدىكەن، تانسىغا! — ساجىدەمنىڭ سۆزى گەرچە ئۇنىڭ ئاز - تولا زەردىسىنى قايناتقان بولسىمۇ، بىراق، ئۇ، بۇ جىددىي پەيتتە ئۆزىنى بېسىۋالدى.

— ھاكىم بولغاندىكىن باشقىلار چاقىرغاندۇ، شۇڭا بارغاندۇ، مەيلى، بارسا بارمامدۇ.

— ۋىيەي خانىم، نېمە دېگەنلىرى ئۇ، مەيلى دەۋاتقانلىرىنى تېخى، ئۇ دېگەن «چاقىرىق - چىللاق» ئەمەس، بەلكى مەخسۇس ئۇيۇشتۇرۇلغان تانسا، ئۇ يەرگىچۇ قارىسىلا، ناھىيە تەۋەسىدىكى داردىن قاچقان «جىن - شاياتۇن» لارنىڭ ھەممىسى يىغىلىدىكەن. سىلىنىڭ ئەرلىرى، بىزنىڭ ئەر خەقلەر ئاشۇ «جىن - ئالۋاستى» لار بىلەن ئېرماش - چىرماش بولۇپ ئوينايدىكەن، مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئۆتكەندە بىر سوقىشىۋىدىم، بىزنىڭ ئادەمغۇ بارمايدىغانلا بولۇپ كەتتى. سىلىمۇ ھاكىمغا كۆپرەك كۆز قۇلاق بولالا. بوشاڭلىق قىلىپ، ھاكىمنى ئاشۇ «جىن - ئالۋاستى» لارغا تارتقۇزۇپ قويمىسىلا يەنە.

كۆۋرۈككە قاراپ كېلىۋاتقان بىر ماشىنىنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن ئۇلارنىڭ سۆھبىتىنى ئۈزۈلۈپ قالدى. ئىككەيلەن خوشلىشىشتى. بىراق، ساجىدەمنىڭ كېيىنكى «تارتقۇزۇپ قويمىسىلا» دېگەن سۆزىدىن ئايىمىنىسانىڭ پاك يۈرىكىگە راستىنلا ئۆتكۈر بىر پىچاق سانجىلغاندەك بولدى.

شۇ كۈندىن بۇيان ئايىمىنىسانىڭ كۆڭلى تولىمۇ پەرىشان ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۇ كۆپ ئويلىدى، ھەتتا بۇ ئىشنى بىۋاستە ئېرىنىڭ يۈزىگە سېلىش نىيىتىگىمۇ كەلدى. ئەمما ئۇ، ئۇنداق قىلمىدى. ئۇ، ئىشنى ھامان ياخشىلىقتا چۆرۈپ ئويلايتتى. «بۇ چىدىماسلارنىڭ تاپقان گېپى بولمىسۇن يەنە، غەيۋەتنىڭ كەينىگە كىرىپ، پۇشايماندا قالغاننىڭ نېمە پايدىسى بولاتتى».

بۈگۈن ئەل - جامائەت ئېيتقاندەك «شېكەر شەنبە» ئىدى. ئايىمىنىسا پۈتۈن بىر ئاخشام ئېرى ۋە بالىلىرى بىلەن بىللە ھەمسۆھبەت بولۇپ ئولتۇرۇشنى نەقەدەر ئارزۇ قىلىدۇ - ھە! ئەپسۇس، ئىش يەنە ئۇنىڭ كۈتكىنىدەك بولمىدى. كەچلىك تاماقتىن كېيىن، تۇرسۇن ھاكىم بۇرۇنقى ئادىتى بويىچە ئۆزىنى بىر قۇر جابدۇغاندىن كېيىن «كەچتە يىغىنىم بار» دەپ

كېتىپ قالدى. ئايىمنىسا تەئەججۈپلىنىشكە باشلىدى: «نېمە تولا يىغىن ئۇ، شەنبە كۈنىمۇ يىغىن ئاچامدىكىن؟ يا ساجىدەمنىڭ ئېيتقانلىرى راستىمدۇ؟» توساتتىن ئۇنىڭ كۆڭلىگە گۇمان چۈشتى. كۆڭۈل دېگەن ئاجايىپ نەرسە دەڭا! كۆڭلىڭىزگە شەك چۈشتىمۇ، بولدى، مانا ئەمدى ئۇ سىزنى بىردەممۇ جىم تۇرغۇزمايدۇ. ئايىمنىسا قولىدىكى يىغىشتۇرۇۋاتقان قاچا - قۇچىلارنى داستىخاننىڭ ئۈستىگە ئالدىراش تاشلاپ قويۇپ، ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈشكىمۇ ئۈلگۈرمەستىن، ئۇپۇل - توپۇل تالاغا قاراپ يۈگۈردى. ئۇ، قويۇق سۆگەتلەر سايە تاشلاپ تۇرغان ئېرىق بويىدىكى يولنى بويلاپ تېز - تېز مېڭىپ، چوڭ يولغا چىقتى. ئۇ، ئۇيان - بۇيان يۈرۈشۈۋاتقان شالاڭ ئادەملەر توپى ئىچىدىن ئۆز ئېرى — تۇرسۇن هاكىمنى ئىلغا قىلدى ۋە ئۇنىڭ ئىزىغا چۈشتى. ئەجەب ئىش، ئادەتتە شۇنچە مۇلايىم ئۆتۈۋاتقان بىر ئايال هەش - پەش دېگۈچە شۇنچە سەگەك، قورقماس بىر رازۋېت جەڭچىسىگە ئايلىنىپ كەتتىمۇ؟ بىر ناهىيە هاكىمىنىڭ ئىزىغا چۈشكىنىنى قارىمامدىغان ئۇنىڭ! بۇ يەردە ئۇنىڭدىن باشقا كىممۇ مۇنداق ئىشقا جۈرئەت قىلالىسۇن؟ توۋا، هايات دېگەن قىزىق - هە! هاكىم هۆكۈمەت دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتى. «ئۇ، هۆكۈمەتتە يىغىنىم بار دەۋاتاتتىغۇ؟ ئەمدى نەگە ماڭغاندۇ؟ يىغىن باشقا جايدىمۇ - يە؟» ئايىمنىسا ئاشۇنداق گادىرماش خىياللار ئىلكىدە ئۇنىڭ كەينىدىن كۆرۈنەر - كۆرۈنمەس ئىز بېسىپ كېلىۋاتاتتى. خېلىدىن بېرى گۇگۇم ئىچىگە كىرىپ كەتكەن ناهىيە بازىرىنىڭ كوچىلىرى قاراڭغۇلىشىشقا باشلىدى. ئاندا - ساندا پىلىلداپ تۇرغان كوچا چىراغلىرى ئاسفالتلىق يول يۈزىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. تۇرسۇن هاكىم خەلق بانكىسىنىڭ ئالدىدىكى دوقمۇشتىن سولغا قايرىلدى. ئايىمنىسا ئىتتىك - ئىتتىك قەدەملەر بىلەن دوقمۇشقا كېلىپ، سول تەرەپكە بۇرۇلۇۋىدى، هاكىمنى يوقىتىپ قويدى. ئۇ، تېڭىرقىغانىدى.

— خانىم، بۇ يەردە كىمگە ساقلايلا؟ — تويۇقسىز چىققان بۇ ئاۋازدىن ئايىمنىسا بۇتتەك قېتىپ قالدى. ئۇنىڭ ئالدىدا ناتونۇش بىر ئوغۇل بالا تۇراتتى، — هاكىمنى ئىزدەملا؟ ئۇ، ئىشچىلار ئويۇشما قورۇسىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى، — ئوغۇل بالىنىڭ بۇ سۆزىدىن ئايىمنىسانىڭ قاراڭغۇلاشقان كۆڭلى بىردىنلا يورۇپ كەتكەندەك بولدى. ئۇ، رەهمەت ئېيتىشنىمۇ ئۇنتۇپ، ئالدىراش مېڭىپ كەتتى. ئۇ، ئىشچىلار ئويۇشما قورۇسىنىڭ يان ئىشىكى بىلەن ئۇنىڭ هويلىسىغا كىرىۋىدى، زال ئىچىدىن كۆچەپ چېلىنغان سازلارنىڭ ياڭراق ئاۋازى ئاڭلاندى. زالنىڭ كەينىدە هېچقانداق ئادەم يوق ئىدى. ئۇ، پەم بىلەن دەسسەپ ئالدىغا ئۆتۈپ، دېرىزىدىن زال ئىچىگە قارىدى. تۇرسۇن هاكىم ئۇنىڭغا ئوددۇلمۇ - ئوددۇل سافادا ئولتۇراتتى. ئىككى - ئۈچ ئادەم ئۇنىڭ ئەتراپىدا قانداقتۇر بىر ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئاۋارە ئىدى. هايال ئۆتمەي، زال ئىچىدە مۇزىكا ئاۋازى ئالماشتى. چىرايلىق كىيىنگەن بىر سەتەڭ ئايال ئوددۇل هاكىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئېگىلىپ تازىم قىلدى - دە ئۇنى تانسىغا تارتتى. هاكىمنىڭ مەيدانغا چۈشۈپ، پىرقىراپ تانسا ئوينىشى بىلەن ئولتۇرغان جامائەتمۇ جۈپ - جۈپ بولۇپ مەيدانغا چۈشتى. هاكىم ئوڭ قولى بىلەن هېلىقى سەتەڭنىڭ بىر تۇتام كېلىدىغان ئەۋرىشىم بېلىنى چىڭ تۇتۇۋالغانىدى. مۇزىكا دولقۇنىغا ئەگىشىپ تانسا ئەۋجىگە چىقتى. بۇ ئەلەمگە چىدىمىغان ئايىمنىسا «پاڭ» قويۇپ يىغلىۋەتتى - دە، بوغۇلدىغىنىچە كەينىگە ئۆرۈلۈپ، كەلگەن يولى

بىلەن چىقىپ كەتتى. ئۇ، ئۆيگە قايتىپ كېلىپ بىر ھازا يىغلىدى. ئۇز ئەقىدىسىنىڭ شۇنچىلىك دەپسەندە قىلىنغانلىقىدىن ھەسرەتلەندى. بۇ ئاخشام، تۇرسۇن ھاكىم خېلى كەچ ئۆيگە قايتتى. ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە كىرىشى بىلەن تەڭ ئۇنىڭ بەدىنىدىن چىقىۋاتقان ئەبجەش ئەتىر پۇرىقى، ئەتەي ئۇخلىغاندەك تۇسكە كىرىپ يېتىۋالغان ئايىمنىسانىڭ كۆڭلىنى بەسكەندۈرۈۋەتتى.

بېشىغا كەلگەن بۇ ئېغىر كۇلپەتكە ھېچقانداق چارە قىلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن ئايىمنىسا ئەتىسى سابىق ھاكىمنىڭ ئۆيگە كىرىپ، ئۇنىڭ خوتۇنىغا ھەممە دەرد ـ ئەلەمنى بىراقلا دەۋەتتى. شۇ دەم ئۇنىڭ قارا كۆزلىرىدىن ياش يامغۇردەك تۆكۈلەتتى.

— مەن ئەمدى قانداق قىلىمەن، ئاچا؟ بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا دەي دېسەم، تېخى ئېغىز ئاچالمىسام، ئاجرىشىپ كېتەي دېسەم يا... بالىلىرىمنىڭ يېتىم بولۇپ كېتىشىگە زادى چىدىمايمەن...

— ئاخماق چوكان، مۇشۇنىڭغىمۇ شۇنچىلىك قىلىش كېتەمدىكەن، — ئايىمنىساغا ئانا يوللۇق بۇ ئايال تەمكىن سۆزلەيتتى، — قىزىم، بۇ دېگەن سىز چوڭ بولۇپ ئۆسكەن سەھراغا ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىزنىڭ ئېرىڭىز ناھىيىنىڭ ھاكىمى. سىز بىلمەيسىز، ئېرىڭىز ھاكىم بولدىمۇ، ئۇ ئارىلاشمايدىغان قايسى بىر ئىش بار دەيسىز؟ ناھىيىنىڭ چوڭ ـ چوڭ قۇرۇلۇشلىرى، چوڭ يىغىنلىرى، ھەر قانداق چوڭ ئىشلىرى ھاكىمسىز ئۆتەمدۇ؟ بۇ يۇرتتا، خەقنىڭ يوتقان ئېچىدىكى جېدەللىرىدىن باشلاپ، تا مەركەزنىڭ پىلانلىرىنى يولغا قويۇشقىچە قايسىبىرى ھاكىمنىڭ ئالدىدىن ئۆتمىگەن. راست گەپنى ئېيتسام، مەنمۇ ئاكىڭىز ھاكىم بولغان دەسلەپكى چاغلاردا سىزگە ئوخشاش نۇرغۇن ـ نۇرغۇن دەردلەرنى تارتىپ كۆرگەن، سىز تېخى ئۇلارنى كۆرمەيسىز. ھاكىم تانسا ئوينىسا نېمە بوپتۇ، تانسا ئوينىغانغا ئۇنىڭ بىر يېرى كاملاپ قالامتىمۇ؟ سىزمۇزە، خەق دەي ـ دەيگە سالسا، ئىشنىڭ تېگى ـ پېيىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ، ئۆزىڭىزچە ئۇچۇپ كەتسىڭىزمۇ بولمايدۇ. سىز دېگەن ھاكىمنىڭ خوتۇنى، ھازىر دېگەن نەۋاق؟ كادىر دېگەن خەقچۇ قارالڭ، 50 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى 60 ـ يىللارنىڭ بېشىدىمۇ تانسا ئوينايتتى. ھازىر دېگەن ئېچىۋېتىلگەن دۇنيا تۇرسا، تانسا ئوينىمايتتىمۇ؟ شۇمۇ گەپ بولدىمۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىزنىڭ ئېرىڭىز ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن تۇرسا، شۇنىڭغىمۇ ھەيران قالغۇلۇقمۇ؟ ھاكىم ئاكىڭىز سەھرالىق تومپاي تۇرۇپمۇ تانسىنى مەندىن ياخشى ئوينايدۇ ـ دەڭا!

— سىلمۇ تانسا بىلەمدىلا؟ — ئەتىدىن بېرى ئۇستاز ئالدىدا ئەدەب بىلەن ئولتۇرغان ئوقۇغۇچىدەك ئۈن ـ تىنسىز تىڭشاپ ئولتۇرغان ئايىمنىسا ئاران دېگەندە زۇۋانغا كەلدى:

— بىلمەمدىكىن، — سابىق ھاكىمنىڭ خوتۇنى سېمىز گەۋدىسىنى سەل كۆتۈرۈپ قويۇپ دېدى: — ئۇ چاغلاردا مەن دېگەن ھازىرقىدەك مۇنداق كالامپاي ئەمەس، شۇنداق چاققان، قورغۇيدەك چوكان ئىدىم. تانسا بار دېدىمۇ، قاتنىشاتتىم ـ دە، مەيداندا كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چىقىرىۋېتەتتىم. ئەمدى قېرىدىم، ماغدۇردىن كەتتىم، ھەتتاڭەي!

— مۇنداق دېسىلە.

— شۇنداق، سىزمۇچۇ، ئېرىڭىزنىڭ كەينىدە گەپ تېپىپ يۈرىدىغان ساجىدەكتەك نېمىلەرنىڭ گېپىنى ئاڭلىماڭ. ھە، قېنى، چايغا بېقىڭ، ئۆزىڭىزنى ئازادە تۇتۇڭ. سىزمۇ مەكتەپ كۆرگەن ھاكىم خېنىم بولغاندىكىن، ۋاقىت چىقىرىپ تانسا ئۆگىنىڭ، ئېرىڭىزغا ياندىش بولسىڭىز، ھېچكىم

ئۇنى سىزدىن تارتىۋالالمايدۇ.

— مەن تانسا ئۆگىنەمدىمەن؟!

— ئەلۋەتتە، بۇنىڭ ھېچقانداق يامىنى يوق.

— ...

—بولمىسا مۇنداق قىلساقمۇ بولىدۇ، بىزنىڭ خاسىيەتقىز سىزگە تانسا ئۆگىتىپ قويسۇن، ھاكىم كاماندىروپكىغا كەتكەن ئەپچىل پەيتتىن پايدىلىنىپ، سىزگە شۇنداق ئۆگىتەيلىكى، ھاكىممۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سىزنى كۆرۈپ ھاڭ-تاڭ قالسۇن. قانداق، بولامدۇ؟ شۇنداق قىلايلى، شۇنچىلىك ئىشقىمۇ كۆڭلىڭىزنى بۇزۇپ، دەرد-ئەلەم چېكىپ يۈرمەڭ. يېڭىچە ئادەم دېگەن يېڭىچە ياشاشنى بىلىشى كېرەك، توغرىمۇ؟

— چۈشەندىم، — ئايىمنىسانىڭ غەشلىككە تولغان كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى. ئەمدى ئۇنىڭغا ھاكىمنىڭ بۇ مېھمانخانىسى تېخىمۇ ئىللىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. داستىخاندىكى نازۇ-نېمەتلەردىن تارتىپ، تامدىكى سۈرەتلەرگىچە بارلىقى ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەۋاتقاندەك قىلاتتى.

مانا، كۈتكەن پەيت ئاخىرى يېتىپ كەلدى. تۇرسۇن ھاكىم يۇقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە تيەنجىنگە ئۈچ ئايلىق ۋەزىپە بىلەن نۇقتىدا تۇرۇشقا كەتتى. ئايىمنىسا ئېرىنى ئىنتايىن خۇشال-خۇرام ۋە قىيالماسلىق ئىچىدە ئۇزاتتى. تۇرسۇن ھاكىم كەتكەندىن كېيىن، سابىق ھاكىمنىڭ قىزى خاسىيەت ئانىسىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ئايىمنىساغا تانسا ئۆگىتىشكە كىرىشتى. نېمىلا دېگەن بىلەن ئوقۇغان ئايال-دە، ئۇ ناھايىتى تېز ئۆگىنىۋېلىشقا باشلىدى. «ئەسلىدە تانسا دېگەن بۇ نەرسە ئۇنچىۋىلا قىيىنمۇ ئەمەسكەن، نومۇسچانلىقىمدىن ئۆگىنىشكە قىزىقمىغانىكەنمەن-دە. قېنى، ئەمدى كۆرۈڭ تۇرسۇنجان، پىششىق ئۆگىنىپ، كەلگىنىڭىزدە كۆزىڭىزدىن ئوت چىقىرىۋەتمەيدىغان بولسام ئاتامنىڭ قىزى بولماي كېتەي ئىلاھىم»، — ئايىمنىسا دائىم دېگۈدەك شۇنداق ئويلايتتى-دە، ئىختىيارسىز ئېرى بىلەن ئۆتكەن بەختلىك تۇرمۇشنىڭ لەززەتلىرىگە چۆمۈپ كېتەتتى.

ھايت-ھۇيت دېگۈچە ئۈچ ئايمۇ ئۆتۈپ كەتتى. تۇرسۇن ھاكىم قايتىپ كېلىپلا خىزمەت قايىنىمىغا چۆكۈپ كەتتى. ئايىمنىسا بولسا ئادەتتىن تاشقىرى خۇشال كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ پاك يۈرىكى بولغۇسى بىر «كارامەت» نىڭ «خاسىيىتى» دىن گويا باھار پەسلىدە كۆكلەمدە چېپىپ يۈرگەن توشقاندەك ئويناقلايتتى.

شەنبە كۈنى كەچ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تانسا زالى مۇشۇ ناھىيىدىكى تانسا ھەۋەسكارلىرى بىلەن لىق تولغانىدى. چوڭ، ئازادە زال رەڭگارەڭ چىراغلار بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇراتتى. ئۇدۇلدىكى سەھنىدە مۇزىكانتلار ئۆزلىرىنىڭ سازلىرىنى سازلاۋاتاتتى. بىر-بىرىدىن چىرايلىق ۋە رەتلىك كىيىنگەن ئەر-ئايال مېھمانلار بىرىدىن-ئىككىدىن كېلىپ، تام بويلىتىپ قويۇلغان ئورۇندۇقلاردىن جاي ئېلىشماقتا ئىدى. ئەرلەرنىڭ كاستيۇم بۇرۇلكىلىرى ئەستايىدىللىق بىلەن قىرچىقىرىلىپ دەزماللانغان بولسا، ساقال-بۇرۇتلىرىمۇ ئۆزلىرىگە خاس ئۇسۇلدا ئېلىنىپ، ئاياغلىرى پارقىرىتىپ مايلانغانىدى. خىلمۇ-خىل كىيىنگەن ئاياللارنىڭ تۈرلۈك بوياقلار بىلەن بېزەلگەن چىرايلىرىغا قاراپ، ئۇلارنى كاتتا بىر رەسسامغا ئوخشاتسىڭىز، ئۇلارنىڭ بەستىدىن گۈپۈلدەپ كېلىپ دىمىقىڭىزغا ئۇرۇلۇۋاتقان ئەتىر پۇراقلىرىدىن ئۆزىڭىزنى گويا بىر گۈلزارلىققا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىسىز. سەھنىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئورۇندۇقلارنىڭ ئالدىغا چاي شىرەسى

قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سوغۇق ئىچىملىكلەر تىزىقلىق ئىدى. بۇ يەردە ناھىيىنىڭ «چوڭ» لىرى ئولتۇرۇشاتتى. تۇرسۇن ھاكىم يېنىدىكى سەپداشلىرىنىڭ ئۆزىگە بويۇنلىرىنى سوزۇپ قىلىشىۋاتقان گەپلىرىگىمۇ ئانچە پەرۋا قىلماستىن، ئەتراپتىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ساھىبجامالارغا سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تازا خۇشچاقچاق «تانسا خۇمار» بولۇشىغا قارىماي، بۇ يەرگە كېلىدىغان دائىملىق ساھىبجامالارنىڭ ھەممىسى بىلەن تولۇق تونۇشۇپ بولۇشقا ئۈلگۈرەلمەيتتى. يەنە كېلىپ، بۇ ساھىبجامالارنىڭ ئىچىگە دائىم دېگۈدەك يېڭىدىن - يېڭى ساھىبجامالار قوشۇلۇپ تۇراتتى. ئۇ، شۇنچىلىك ئالدىراش تۇرسا، ھەر كۈنى ئۇلپەت تېپىشقا نەدە ۋاقىت دەيسىز. پاھ! مۆجىزە يۈز بەردى، ھاكىم سەپنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىۋاتقاندا، بۇ يەردە ھەقىقەتەن مۆجىزە يۈز بەردى: سابىق ھاكىمنىڭ قىزى خاسىيەت بىلەن بىر ئايال كىرىپ، زالنىڭ سول تەرىپىگە قويۇلغان ئورۇندۇقلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بوش قالغان ئورۇندۇقلارغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. ھاكىمنىڭ كۆزى شۇ ھامان «يېڭى مېھمان» غا ئاغدى. «مېھمان» نىڭ كىيىنىشى ئۆزگىچە بولۇپ، بېشىغا ئارتىلغان ئاق رومال بىلەن ئىككىلا يۈزىنىڭ يېرىمىنى يۆگەپ بوينىدىن چىگىۋالغانىدى. بۇرنىغا سۇس ھالرەڭ ماسكا ئارتىۋالغان بولۇپ، كۆزىگە كەڭ گىرۋەكلىك قارا كۆزەينەك تاقىۋالغانىدى. ئۈستىگە بولسا بەدىنىگە چاپلىشىپ تۇرىدىغان ئۇزۇن، كەڭ ئېتەكلىك ئاق كۆڭلەك كىيگەنىدى. ئۇنىڭ كۆكسى ئالدىغا روشەن ھالدا چىقىپ تۇراتتى. ئۇ، پۇتىغا ئەترەڭ پايپاق، ئېگىز پاشنىلىق ئاق بەتىنكە كىيىۋالغان بولۇپ، بۈگۈنكى سورۇندىكى بىردىنبىر «غەلىتە» كۆرۈنۈشلۈك ئايال ئىدى. يىراقتىن قارىغاندا، شۇ تاپتا ئۇ، بە جايىكى گۈلگە قونغان ئاق كېپىنەككە ئوخشايتتى. بىراق، ئەجەبلىنەرلىكى، سورۇندا ئۇنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرگىلى بولمايتتى. ئۇ، بۇ سورۇندىكى مېھمانلارنى مەنسىتمىگەندەك، ئۈن - تىنسىز مەغرۇر ئولتۇراتتى. تۇرسۇن ھاكىم ئۇنىڭغا قاراپ ئويغا چۆكتى: «دەسلەپتە شۇنىڭ بىلەن ئويناي، قېنى، قەيەردىن كەلدىكىن؟ ئوقۇپ باقمىسام ...» رىياسەتچىنىڭ سۆزى بىلەن ئۇنىڭ خىيالى بۇزۇلدى. ئوركېستىر مۇزىكا ئورۇنلىماقتا، ساكس، چاتما دۇمباق ۋە جاغنىڭ قولاقنى يارغۇدەك ئاۋازى زالنى تىترەتمەكتە ئىدى. تۇرسۇن ھاكىم ئادىتىنى بۇزۇپ، ئىككىلەنمەيلا بېرىپ، ئاۋۋال ئۆزى بۇ «كېپىنەك» نى تانسىغا تەكلىپ قىلدى. «كېپىنەك» مۇ تۈزىتىسىزلا ئورنىدىن تۇردى. «نېمە دېگەن قاملاشقان تانسىكەش بۇ، نېمانچە ئەپلىك بەدەن بۇ، تانسا دېگەننى سۈيىدىكەن - دە كاساپەت، ۋاھ، نېمە دېگەن يېنىك، ئەۋرىشىم بەدەن، نېمە دېگەن يېنىك قەدەم ... خۇددى باغدا ئۇچقان كېپىنەكنىڭ ئۆزى، ئوينىساڭ مۇشۇنداقى بىلەن ئوينا، ئارماندا قالمايسەن! » ھاكىمنىڭ كەيپى ئېچىلىپ كەتتى.

— سىز قەيەردىن؟

— ...

— ناھىيىمىزگە قاچان كەلگەنتىڭىز؟

— ...

— مەن مۇشۇ ناھىيىنىڭ ھاكىمى بولىمەن، ناھىيىمىزنىڭ ئىشلىرى سىزگە ياقتىمۇ؟

— ...

— نېمىشكە گەپ قىلمايسىز؟

— ...

تۇرسۇن ھاكىم شۇنچە كۆپ ئىشلارنى سورىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ «كېپىنەك» بىر ئېغىزمۇ جاۋاب بەرمىدى، مۇزىكا توختىدى. ئۇلار ئايرىلىشتى.

«نېمە دېگەن تەكەببۇر خوتۇن بۇ، تۇرسۇن هاكىمنىڭ هەر بىر ئېغىز سۆزى بۇ ناھىيىدە ھېچقاچان جاۋابسىز قالغان ئەمەس، ئەجەبا بۇگۈن بۇ خوتۇن ئۇنىڭ سۆزىنى بىر ئازمۇ پەسەنتكە ئالمىدىغۇ. بولدىلا، بۇ نۆۋەت ئېنىقلىمىسام...» تۇرسۇن هاكىمنى چۈشىنىكسىز خىيال قىينايتتى.

مۇزىكا باشلاندى، هاكىم هېلىقى «كېپىنەك» بىلەن يەنە تانسىغا چۈشتى. جىددىي، ئەمما لەرزان ۋالىس ئۇسۇلىنىڭ چۆرگىلەتمىسىگە كەلگەندە بۇ ئىككەيلەن گويا بىر مەركەزدە ئايلانغان چاقپىلەكنىڭ ئىككى قانىتىغا ئوخشاش پىرقىرايتتى. جامائەت بۇ ئىككەيلەننىڭ كارامىتىگە زوقمەنلىك بىلەن قاراپ قېلىشتى.

— بۇ يۇرتتا تۇغقانلىرىڭىز بارمۇ؟

— ...

— سابىق هاكىمنىڭ ئۆيىدە تۇرامسىز؟

— ...

— قانداق خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىسىز؟

— ...

تۆت - بەش مەيدان تانسا شۇ تەرىزدە داۋاملاشتى. هاكىم شۇ ئارىلىقتا باشقا ھېچقانداق ئايال بىلەن تانسا ئوينىمىدى. ئۇ، ئالدىدىكى چايدىن بىر ئوتلىدى - دە، يەنە ئويغا چۆكتى: «ئۆزىغۇ تازىمۇ كېلىشكەن نېمىكەن، ئەپسۇس، سۆزلىمىدى - دە، گاچىمىدۇ - يا؟ توغرا، گاچا ئوخشايدۇ. شۇنداق گۈزەل بىر ئايالنىڭ قاراپ تۇرۇپ گاچا بولۇپ قالغىنىنى قارىمامدىغان، «سۈيى بارنىڭ ئوتى يوق، ئوتى بارنىڭ سۈيى يوق، تەڭشەلمىگەن ئالەم دېگەن شۇ - دە!».

مۇزىكا دېسكوغا يۆتكەلدى. هاكىم هېلىقى ئاق كىيىملىك «كېپىنەك» كە قارىدى. ئۇ كۆرۈنمەيتتى. هاكىم سەۋرچانلىق بىلەن كۈتكەن بولسىمۇ، تا سورۇن ئەھلى تاقىغۇچە ئۇنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. ئۇ، ئاستا ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى:

— شۇنچە بالدۇر كېتىپ، نەگە بارماقچىدى- كىن بۇ سەنئەتلىك.

تۇرسۇن هاكىم ئەتىسى ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرۇپ، يۈز - كۆزىنى يۇيۇپ بولۇپ، ئەينەك ئالدىغا كېلىپ چاچلىرىنى تاراۋاتقاندا، كۆزى ئۇشتۇمتۇت شىرە ئۈستىدە تۇرغان كەڭ گىرۋەكلىك قارا كۆزەينەككە چۈشتى. ئۇ، بىر پەس داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن ئېسىگە كېلىپ، كۆزەينەكنى قولىغا ئالدى ۋە ئويلىدى: «شۇ، ئاخشامقى "كېپىنەك" تاقىغان كۆزەينەك مۇشۇ. ئۇ، قانداق بولۇپ بىزنىڭ ئۆيدە پەيدا بولۇپ قالىدۇ؟»

— ئايىمنىسا!

ئۇ، خوتۇنىنى چاقىردى، ئايىمنىسا هايالسىز ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى.

— بۇ كۆزەينەك كىمنىڭ؟ — تۇرسۇن هاكىم سورىدى.

— مېنىڭ، — ئايىمنىسا تەمكىن جاۋاب بەردى.

— سەنمۇ كۆزەينەك تاقامسەن؟

— هەئە، مېنىڭمۇ باشقىلاردىن قالغۇچىلىكىم يوق.

— ئۇنداقتا، بۇنى سەن قەيەرلەردە تاقاپ يۈردۈڭ؟

— تانسىدا.

— قاچان؟

— ئاخشام.

— قەيەردە؟

— سىز بارغان يەردە.

تۇرسۇن هاكىم ئايىمنىسانىڭ جاۋابىدىن ئويلىنىپ قالدى:


— ۋوي، ئاخشامقى «كېپىنەك» سەنمىدىڭ؟

— شۇنداق.

— هەي، كاساپەت!

ئايىمنىسانىڭ كارامىتىنىڭ تېگىگە يەتكەن تۇرسۇن هاكىم قاقاقلاپ كۈلگىنىچە ئۇنى باغرىغا چىڭ باستى.

تەھرىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان



ئابدۇلئەھەد قادىرى

# ئەجەب تۇيغۇلار

## سۆيگۈ قەسىدىسى

جانان ساڭا كۆيمىسەم، سۆيەلمىسەم، سۆيمىسەم،
دېيەلمەيمەن قانداقمۇ ئۆزەمنى چىن ئاشىقمەن؟
ۋىسالىڭغا تەلمۈرۈپ، ھىجرانىڭغا كۆنمىسەم،
بولمامدىمەن ئالدىڭدا يۈزى قارا پاسىقمەن!

قاچان سۆيدۈم مەن سېنى، شۇندىن بېرى بىھۇشمەن،
دىلىم ئويغاق، تىلىمدىن نامۇ - زىكرىڭ ئۆچمىدى.
ھېجران - قەپەس، مەن ئاشۇ قەپەستىكى بىر قۇشمەن،
تاغلار كۆچتى، بېشىمدىن لېكىن ئازاب كۆچمىدى.

سېنىڭ شەھلا كۆزلىرىڭ مېنىڭ بەخت يۇلتۇزۇم،
جامالىڭغا چوقۇنۇپ كەلگىنىم راست ئۇزاقتىن.
ئەقىدەمنى بىر خۇدا بىلەر يەنە بىر ئۆزەم،
يالغان بولسا قاغىشەت، ئورۇن ئالاي دوزاختىن.

يۈتتى سەۋرىم شۇندىمۇ سەندىن ئۈمىد ئۈزمىدىم،
جانان ھامان بىر كۈنى قۇچاق ئېچىپ كېلەر دەپ.
تاق قالسامۇ غەيرىلەر بىلەن ئىشرەت تۈزمىدىم،
جاپايىمنى بىلمىسە، ئەقىدەمنى بىلەر دەپ.

سۆيمەس ئىدىم كۆيمىسەم، جانان ماڭا ئىشەنگىن،
ئىشىنىشتىن ھاسىلدۇر ئاشىقلارنىڭ مۇرادى.
سەن ئۈچۈنلا تەۋرىگەن يۈرىكىمنى چۈشەنگىن،
چۈشىنىشنى ئىزدىمەس بۇ ھاياتتا كىم زادى؟

ئىنتىزارمەن يولۇڭغا، جانان چاپسان كەلگىنە،
چاڭقاق دىلىم ۋىسالىڭ شەربىتىگە بىر قانسۇن.
تەنھالىقتىن زېرىكتىم، كەل، قولۇڭنى بەرگىنە.
جۈپ يۈرەكنىڭ تەپتىدىن مۇز تاغلارمۇ ئوت ئالسۇن!

## ئۆلمەس مۇھەببەت

تۇغۇلدۇڭ دۇنياغا، سەن بىلەن تەڭلا،
تۇغۇلدى بوۋاقتەك مەسۇم مۇھەببەت.
ئۆلغايدىڭ، ئۆلغايدى، قېرىدىڭ ئەمما،
ئۇ تېخى ياش پېتى، قېرىماس پەقەت.

كېلىدۇ ئادەملەر، كېتىدۇ بىراق،
يىرتىلسا ئۆمۈردىن ئاداققى بىر بەت.
ياشايدۇ جاھاندا ئۆمۈردىن ئۇزاق،
ئادەملەر ياراتقان ئىشقى - مۇھەببەت!

## ۋىجدانغا تەبىر

كۆكۈمدىكى ھەسەن - ھۈسەن ئۇ،
ۋە تاغدىكى ئىلاھى قۇياش.
چېقىنلارغا قىلماس پىسەنت ئۇ،
خۇيى ئەمما چېقىنغا ئوخشاش.

بولاي دېسەڭ چېقىن دۇنيادا،
يۈرىكىڭدىن ئۇنى ئىزدىگىن.

تاپالمىساڭ ئىزدەپ ناۋادا،
«تىرىك مۇردا» ئىكەنمەن - دېگىن!

## ئادەم ۋە ئالەم

شادلىق بىلەن قايغۇ قوشكېزەك،
بەخت بىلەن بەختسىزلىك ھەم.
بىرى بىرەر بىرىدىن دېرەك،
ھەم بىرىنى بىرى قىلار يەم.

قايغۇسى بار شادلىقنىڭ دېمەك،
كۈلۈپ - يىغلاپ ياشايدۇ ئادەم.
بىراق، قىسمەت ئەمەستۇر مۇتلەق،
نىسبىيلىكتە مەۋجۇتتۇر ئادەم!

## رەستىدىكى كۆلكە

(ھەجۋىي)

ئۇستۇمگە مودىلىق كاستۇم كىيىپ،
بوينۇمغا چىرايلىق گالىستۇك چىگىپ،
چۇشكەندەك ھازىرلا چەتئەلدىن كېلىپ،
چىققانتىم رەستىگە «ساياھەت» قىلىپ.
يېنىمدىن بەزىلەر ئۆتتى زەڭ سېلىپ،
بەزىلەر كېتىشتى يان يولغا ئەگىپ.
توساتتىن بىر بوۋاي ئالدىمغا كېلىپ،
(كەيپىمنى قاچۇرۇپ، چىشىمغا تېگىپ).
قويىندىن سوزۇنچاق لىپاپىنى ئېلىپ،
«كۆرۈپ باق، ئوغلۇم ...» دەپ ئىلتىجا قىلىپ،
تۇرماسمۇ كۆزۈمگە مىقتەك قادىلىپ.
چاندۇرماي لىپاپىنى قولىدىن ئېلىپ،
«ئوقۇدۇم» دۇدۇقلاپ بىرپەس زەڭ سېلىپ.
«يېزىپتۇ لاھوردىن سىزنى سېغىنىپ،
قالغىدەك ئوغلىڭىز يېقىندا كېلىپ ...».
شۇ ھامان مويسىپىت كۆلدى تېلىقىپ،
(قاپتىمەن كۆلكىدىن مەنمۇ داڭ قېتىپ).
«ياق...» دېدى ئارقىدىن دۇلامنى قېقىپ،
«ئوبدانراق قاراپ باق، كەتتىڭغۇ ئېزىپ.
بىر قىزىم ياپونغا ئوقۇشقا چىقىپ -
كەتكەنتى، يېقىندا قالدى خەت كېلىپ.
خەتنىڭغۇ سېلىپتۇ ئۇيغۇرچە يېزىپ،
ئوقۇپلا كۆڭلۈممۇ قالدى ئېچىلىپ.
جاۋابەن قىزىمغا خەت، خالتا قىلىپ،
كەلگەنتىم ياناي دەپ پوچتىغا سېلىپ.
يازمىسا ئادرېسنى لاتىنچە قىلىپ،
"تەگمەيدۇ" دېگەن گەپ يادىمغا كېلىپ،
قىزىمنىڭ خېتىگە ئوبدان سەپ سېلىپ،
ئۆز ئەينى كۆچۈرۈپ چىققانتىم يېزىپ،
بولمىسۇن غەلەت دەپ ئەندىشە قىلىپ،
كۆرۈپ باق، - دېگەنتىم ئالدىڭغا كېلىپ.
نەبلەي، كەتتىڭغۇ ئەجەب قىزىرىپ،
كەچۈرگىن، قويدۇممەن خىجالەت قىلىپ ...».
ئەتراپقا ئادەملەر ئولاشتى كېلىپ،
شۇ تاپتا يەر - جاھان ماڭا تار كېلىپ،
(بوۋاينىڭ كۆلكىسى بەكمۇ ھار كېلىپ)،
ئۆلمىدىم، باشقىسى بولدى ئىشقىلىپ...
رەستىگە نېمىشقا چىققىنىم كېبىدىيىپ،
ئېيتىڭلار، مەندىمۇ، بوۋايدا ئەيىب؟!

**تەھرىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان**

مۇھەممەترۇزى ئابدۇقادىر

# سالام موما

(لىرىك داستان)

سالام موما، يانتۇارنىڭ كۈنى،
مەن يېقىلدىم قەبرەڭ ئالدىغا.
سېنى ئاچچىق سېغىنىپ تۇرۇپ،
قول ئۇزاتتىم بالىلىقىمغا.

ئەسلىمىدۇر تۇرغىنى كۆكلەپ،
پىشايۋانلىق ھويلا ئىچىدە.
يادلىنىدۇ شوخلۇقۇم تەكرار،
قۇشقاچلارنىڭ تاتلىق ئۈنىدە.

ئوت كۆيۈۋاتقان ئوچاق ئالدىدا،
پەرىشتىدىن ئۇلۇغۋار تۇرقۇڭ.
چاچلىرىمنى سىلايسەن ئاستا،
يۈرىكىمنى پاكلار دۇرۇتۇڭ.

بىر ئۇلۇغ كۈي ياڭرىدۇ لىپ - لىپ،
سېنىڭ ئىسسىق قۇچاقلىرىڭدا.
سۆيگۈ نۇردەك تۇرىدۇ تەۋرەپ،
مۇھەببەتلىك تىنىقلىرىڭدا.

ئاقياغلىقىڭ ۋە ئايىتاق چېچىڭ،
خىجىل قىلار ئاينى، قۇياشنى.
قانغىشلىقىم پاك مېھرىڭ بىلەن،
ئۆگەتكەنتىڭ قانداق ياشاشنى.

چۇش دېمەيمەن يىگىرمە بىر يېشىم،
جۇش ئۇرماقتا ئۈندە مۇھەببەت.
يۈرىكىمنى ياقتىم خاداڭغا،
بەردى قەلبىڭ يەنە ھارارەت.

قەبرەڭدىكى قىلىن ئوت - چۆپلەر،
ئايان قىلدى تەبەسسۇمىڭنى.
بەخت بۇندىن بولمايتتى ئارتۇق،
تۇتۇۋالغان بولسام قولۇڭنى.

روھىڭ بولۇپ كۆكتىكى تورغاي،
سادا بەردى قەلبىمگە ئۇزاق.
لەۋلىرىمگە سىڭگەن تۇپراقتىن،
ئايان بولدى سېغىنىش پىراق.

يېنىكلىدى قەلبىم پۈتۈنلەي،
ئىرغىپ چۈشتى بارچە دەرد - ئەلەم.
ئوخلاپ قالغۇم كەلدى نۇر بولۇپ،
تىرەكلەرنىڭ ئۈچىدا بىغەم.

يىڭناغۇچنىڭ قاناتلىرىغا،
بولغۇم كەلدى ھېرىسمەن بالا.
قۇچاقلىغۇم كەلدى ھاساڭنى،
چۆچىكىڭگە سىڭگەنچە ئاستا.

ئاق ئۇجمىگە ئامراقتىڭ ئەجەب،
بەرگۈم كەلدى بىر ئاياق تېرىپ.
ئىسسىڭدىمۇ ئۈنۈپ بولغىچە،
ئالغانلىقىم سۇتۇڭنى ئىچىپ.

تا يانغۇچە توپاق ھارۋىسىغا -
چۆل ئىچىدىن لىق ئوتۇن بېسىپ.
گۇلە سېلىپ ئەتكەن ئېشىكنى،
سەن چىقاتتىڭ نەچچە ئىسسىتىپ.

يۆتىلەتتىڭ كېچە - كېچىلەر،
ياش تۆكەتتىم ساڭا پايلىماي.
جايىنامازدىن قوپمايتتىڭ ئۇزۇن،
تەسۋىي سىرىپ چىقاتتىڭ تىنماي.

قىش كۈنلىرى مىس چۆگۈن بىلەن،
سۇ توشۇيتتىڭ سۇغىغا① سەھەر.
خامان تاسقاپ يازدا ئېتىزدىن،
قايتمايتتىڭ تا گۇگۇمغا قەدەر.

باھار بولار ئىدى ئاخشىمى،
قۇچىقىڭغا چىقسام ئۆمىلەپ.
يۇلتۇزلارنىڭ خىياللىرىنى،
شۇنچە سىرلىق بېرەتتىڭ سۆزلەپ.

شائىر بولۇپ قالدىم ئاخىرى،
سېنىڭ نۇردەك روھىڭنى كۈيلەپ.
لېكىن ھازىر پەغەزلىرىڭدە،
كەپتەرلىرىڭ تۇرمايدۇ ئۈنلەپ.

كۈلبەڭنىمۇ باستى غېرىبلىق،
تور قاپلىدى تۈرۈسنى قويۇق.
ئاسلىنىڭمۇ يوقتۇر مۇلايىم،
قوشۇقۇڭمۇ ياتىدۇ سۇنۇق.

كەنتتىكى ھاۋالىق كۆلمۇ،
سۇسىز ياتار، قۇرىدى گۈللەر.
ياشلىقىڭنى تۇرغۇچى سۆيۈپ،
يوقتۇر گۈزەل مەشرەپلىك تۈنلەر.

چۆچەكچىسى يوقتۇر كەنتنىڭ،
يېتىمسىراپ ئۇخلار باللار.
پۇل ۋە گىرىم ئۈچۈن ئالدىراش،
باردۇر سانسىز يۈرگەن ئانىلار.

قىزىمايدۇ بۇرۇنقى دوقمۇش،
بوۋايلار يوق پەيغەمبەر سىياق.
رەت - رەت كەتكەن ھاراق بوتكىسى،
يۈرىكىمگە پۈتۈلگەن سوراق.

يوق راست موما تارتىنچاق قىزلار،
پەيدا بولغاچ بىزدە ساختىلىق.
شۇ بىچارە مەزىنىنىڭ قىزى،
يۈرەر ئىمىش شەھەردە سىرلىق.

چىغىر يول ۋە يېشىل ئوت - چۆپنىڭ،
كۈيلىرىنى ئاڭلىماس شەھەر.
شۇنچە سۆرۈن يۈرەر ئادەملەر،
گويا ئىچىپ سالغاندەك زەھەر.

كەچۈر موما، مېنى، ھەممىنى،
دۇئا بەرگىن يەنە قايتىدىن.
ئاڭلاپ قانسۇن ئازغۇن بەندىلەر،
سادايىڭنى يوللا شامالدىن.

باللىقىم قېچىپ كەل ئاستا،
موما ئۇنى بەرگىن ياندۇرۇپ.
ئولتۇرايلى يەنە يانمۇ - يان،
قىش كۈنىدە ئوتقا قول سۇنۇپ.

---

① چوڭ تىپتىكى ياغاچ چېلەك

تۇيۇقسىزلا تاتلىق بىر ئاۋاز،
قۇلىقىمغا ئۆتتى شىۋىرلاپ.
قەلبىمدىكى يىغلاڭغۇ تۇرمۇش،
كەتتى يانغان يۇلتۇزدەك پارلاپ.

سۆكۈناتىڭ چوغدەك مېھرىلىك،
سۆيۈپ قويدى ئاستا لېۋىمدىن.
نۇر ئىچىدە ئۈزىدىم ئاستا،
قوياش ئۆتكەن ئۇلۇغ قەبرەڭدىن.

تەھرىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

ئازاتجان روزى

# دېھقان ئەجرىدىن كۆكلىگەن زېمىن

— ھاكىم ئېزىز قۇربانىنىڭ باشچىلىقىدا، «ئۈزۈنشور» قاتارلىق ئېچىش رايونلىرىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇق. بۇ جايلارنى تۇنجى قېتىم كۆرگەنىدىن كېيىــن، تەۋەللۇت بولۇش ئالدىدا تۇرغان گۈزەل بوستانلىقنىڭ قۇرغۇچىلىرى — بۇ يۇرت ئەھلىگە ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمىدىم.

"ئۈزۈنشورنىڭ ئالۋىڭى يامان،
بوغداي تېرىپ ئالىسەن سامان"...
بولۇنغانتى ئاشۇنداق گەپلەر،
ئاڭلىغانتىم ئۆتكەن بىر زامان.

سېلىنمىلار سىلىنسا يەرگە،
دېھقان ئىشلەپ پىشىلسا تەرگە.
تەگمەسمۇ نەپ تەر تۆككەن ئەرگە،
چۈشتى ئاستا كۆڭلۈمگە گۇمان.

بۇ گۇماننى يەشمەي بولمىدى،
كونا گەپنى تەشمەي بولمىدى.
(دېھقان دېگەن شۇنداق گولمىدى؟!)
سەپەر قىلدۇق ئۈزۈنشور تامان.

مىڭ ئاڭلاپمۇ كۆرمەپتىمەن بىر،
كۆرۈپ دىلدىن يۈتتى گۇمان - كىر.
بۇ جاي ئەمەس ئېكەن تىلسىم - سىر،
كەچۈر مىنى ئەي ئېزىز ماكان.

پايانسىزكەن قوينۇڭ ياپىرىم!
شورتاڭ - زەيلىك بوپتىمغۇ تېرىم.
بۇ تېرىمدىن دېھقانغا كىرىم،
ئالتۇن چەشكە تولغاندا خامان.

دېھقان ئەجرى ئەيلەپ شورنى يوق،
مۇنبەت يەردە ئېكىنزار بولۇق.
سۈيى، توكى، ئۆيى ھەم تولۇق،
غەم - غۇسسە يوق، ئەل كۆڭلى ئامان.

چىلىك كەپ قىلاي ئۈزۈنشورلۇق ئەل،
ئەمەس تېخى توققۇزۇڭ ھەم تەل.
ھاللىنىشقا باغلىغىن چىلىك بەل،
تولۇق ۋىسال تاپقۇچە ئارمان.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ
50 يىللىقىغا سوۋغا

ئابدۇلئەھەت ھەسەن بارچۇقى

# ئىككى شېئىر

## ئىزگۈ خىياللار

(مۇۋەششەھ)

ئاقار دىلىنىڭ سۆيگۈ دەرياسى،
سىرلىرىمنى ئىزھار قىلغاندەك.
چۆمۈلسەم گەر بولسەمەن بىھۇش،
مەۋھۇم چۆشلەر يۈرەك تىلغاندەك.

يارقىن سۆزلەر قىلىپ مىنى لال،
دىلخانەمنى قىلىدۇ تۇتقۇن.
ۋىسال تاپماق مۈشكۈل ھەممىدىن،
باش ئېگىدۇ سۆيگۈگە ئۇيقۇن.

ئاي شۇمگەندەك زەرنى قۇياشتىن،
مەن ئالىمەن سۆيگۈدىن نەپەس.
سۆيگۈ ئۈچۈن تۇغۇلغاندەك مەن،
چىن سۆيگۈگە قىلىمەن ھەۋەس.

لەۋنى لەۋگە چىلاپ يېقىشقاندەك،
كۆكسۈڭ دىلغا سۈركىلەر سىلىق.
بولسام ئەگەر مەن دېڭىز سۈيى،
سەن سۇدىكى ئەركىن، شوخ بېلىق.

لەرزان ساباھ شۇۋىرلىغاندەك،
سۆيگۈ ھىدى كېلىدۇ سەندىن.
سەندىن ئالسام ۋىسال شەربىتى،
سەن ئالىسەن سۆيگۈنى مەندىن.

ئايجامالىڭ قىزارغان ئۈپۈق،
بويۇڭ ئوينار شۇنچە ئەۋرىشىم.
يۈرىكىمنى قىلىدۇ قامال،
دىلخانەمگە سىڭىپ كىرىشىم.

روھ ئىلمىدىن شىرنە يىغقاندەك،
بىر جىلۋەڭدىن زورايدى بېشىم.
تۇمان كەبى ئۆزگەرسە چېھرىڭ،
غەم - غۇسسىدە تۆكۈلدى يېشىم.

ھەسەت، غەيۋەت سەندىن مۇستەسنا،
تىلىڭ شەربەت، ئۆزۈڭ گۈل قامەت.
تىرىش، تىرماش ۋىسالنى ئىزدەپ،
بۇئاي، بۇ كۈن بىزلەرگە ئامەت.

ئۆرنەك ماڭا يۈسۈپ - زۈلەيخا،
سىنەلىرىم لاۋۇلدىغان ئوت.
سۆيگۈ دېگەن ئىنچىكە - نازۇك،
پەرۋىش قىلسام كېلەر بەخت، قۇت.

رۇخسارىمدا ئوتلۇق بىر سىما،
سۆيگۈلەرگە قىلدىم ۋاپانى.
سۆيگۈ ئۈچۈن بولدۇم مەن پەرھات،
سەن بىلەمسەن چەككەن جاپانى.

پىژقىرىمدا چاڭقىغان قۇشتەك،
دېڭىز ئىچرە سۇغا قانمىدىم.
چاڭقاق لەۋگە تەشنالىق ئىزدەپ،
ئەقىدەمدىن زىنھار يانمىدىم.

«ئەزۋەيلىشىپ مۆگدىگەن يۇلتۇز»،
بولدى ماڭا سۆيگۈ — پەرىشتە.
ۋىسال ئۈچۈن يول بەرسە گەر كىم،
شۇ ياشىسۇن جەننەت — ئەرىشتە.

رەڭدار چېچەك رەڭ ئىزلىگەندەك،
گۈل ئىچىدىن گۈلنى كۆرىمەن.
قاچانغىچە سۆيگۈنى ئىزدەپ،
سۇكۇناتتەك خىيال سۈرىمەن.

ئىرقىي ئايرىپ ئۆلتۈرماس سۆيگۈ،
گاداي بولسۇن يا مىليونېر — باي.
سۆيگۈ دېگەن بىر خىل ئىنتىلىش،
كۆكتە ئۈزگەن نۇرلۇق ھىلال ئاي.

زىلال سۇدەك شېرىندۇر ھايات،
چىن سۆيگۈگە ساداقەت بولساڭ.
ساڭا نېسىپ بولماس مۇھەببەت،
دوستلار ئارا ئاداۋەت قىلساڭ.

ئاتەش — ئوتتەك چاپلاشتى سەۋدا،
بۇ قىسمەتتىن بولماسمەن بىمار.
يۈرىكىمدە ئىشەنچ ناخشىسى،
سۆيگۈم ئارا كۈلگۈسى باھار.

تىلسىم كەبى كۆز ئالدىمدا سەن،
يېتەلمەيمەن چەكمىسەم جاپا.
چىن سۆيگۈدىن ۋىسال قۇچقاندا،
مۇھەببىتىڭ چاچار نۇر — زىيا.

# تاغ قاپتىلى خۇددى بىر شېئىر

تاغ قاپتىلى يۇمران سۇكۇتتە،
ئۆلتۈرىدۇ غېرىبسىنىپ تاش.
خىلۋەت ئىچرە سالام دېگەندەك،
ئېلىپ كەتكىن بالام دېگەندەك،
ئاقتۇرىدۇ كۆزلىرىدىن ياش.

تاغ قاپتىلى قىرلىق چاسا تاش،
تاش قوراللار چۈشەر ئېسىمگە.
مايمۇن شۇئان ئۇۋغا ماڭغاندەك،
پالتا يۇدۇپ ئۆيگە يانغاندەك،
تاشلىنىدۇ سىما كۆزۈمگە.

تاغ قاپتىلى قەبرىگاھلاردەك،
جىلۋە قىلار كۆزۈمدە غىل - پال.
دۆمچەك - دۆمچەك قەبرە كۆلگەندەك،
ئۆلۈك جانلار ھەم تىرىلگەندەك،
مەۋھۇم قەبرە قىلار مېنى لال.

تاغ قاپتىلى ئۆمۈچۈك تورى،
خىرە - شىرە كۆرۈنەر ئاسمان.
يامغۇر كەبى سۇڭگۈچ بۇلاقتىن،
زەر ئۈنچىلەر شەبنەم شىۋاقتىن،
تامچىلايدۇ بولۇپ بىر ۋولقان.

تاغ قاپتىلى چۆچەك ئېيتقاندەك،
جاۋاھىرلار توسار يولۇمنى.
مېنى سۈزۈپ ئالغىن دېگەندەك،
مۇشۇ يەردە قالغىن دېگەندەك،
ياش تۆكىدۇ تۇتۇپ قولۇمنى.

تاغ قاپتىلى ناخشىدەك كۈلۈپ،
تارتىدۇ ئەكس بىر سادا.
نار تۆگىلەر ئازناۋاتامدۇ؟
بازغانچىلار ئىشلەۋاتامدۇ؟
ئاڭلىنىدۇ غەيرىي مۇزىكا.

تاغ قاپتىلى غەمكىن بىر گەۋدە،
قىش بوۋايدەك ئولتۇرار قېتىپ.
ھەمدۇ - سانا ئوقۇپ چېكەتكە،
ئېلىپ كەتكىن دەيدۇ بىكەتكە،
يىغلايدۇ ئۇ شوپۇرغا بېقىپ.

تاغ قاپتىلى تاشنىڭ باغرىغا،
قونۇۋاپتۇ كوكات بوپ بىزەك.
ئاڭلىنىدۇ مىسكىن بىر ئاھاڭ،
قوي كۆزلىكىم قىلغاندەك پاراڭ،
سېھىرلەنگەن خۇش سابا، چېچەك.

تاغ قاپتىلى خۇددى بىر شېئىر،
سېھىرىي كۈچى ئاجايىپ دۇنيا.
بىر كۆرۈنەر ۋەھىمىلىك تۈن،
بىر كۆرۈنەر سانغۇچىمان كۈن،
بولۇر ئىنسان ئۇنىڭغا شەيدا.

تەھرىرى: دىلنۇر ئابلىز

ئۆمەرجان ئىسمايىل

# ئىككى شېئىر

## كەلدىڭ دىلبەر - باھارىم

تەۋرىنەر دولقۇن ياساپ يېشىل مايسا،
چايقىلىپ چاقنىغاندەك كىمخاپ يوپۇق.
شوخ شامال تاڭ بىلەن تەڭ قانات يايسا،
بەزمىگە چۈشەر قۇشلار بۇ توغرۇلۇق.

گۆكىرەپ پولات تۇلپار كەڭ دالادا،
زېمىننى ئويغىتىدۇ تىلغىشىدىن.
شوخ تىنىپ قىز - ئاياللار ساپ ھاۋادا،
مول ھوسۇل كۈتەر ئوزۇق ئىلغىشىدىن.

يەر بىلەن ئادەم بۇ دەم بىر تىنىقتۇر،
زوق - ھەۋەس دېسىمۇ بىر جان ۋە تېنى.
يەر، دېڭىز، ئادەم گويا بىر بېلىقتۇر،
ھەر نېمە بەرگەن زېمىن — ئۆز ۋەتىنى.

مەرھابا! ھۆر دىيارنى كىرزىلىڭ باھار،
يەنە زور خۇشخەۋەرگە ئىنتىزار بىز.
رەڭ تۈزۈلۈڭ ۋادىلارغا بار ئىختىيار،
گۈلدىمۇ، بۇلبۇلدىمۇ بەختىيار بىز.

ئويغىنىپ يەر ئۇيقىدىن گۈزۈۋۈنمەكتە،
تارتىنىپ يېپىنماقتا يېشىل لىباس.
نەغمىچى قۇشلار كۈلۈپ سۆيۈنمەكتە،
جىلۋىدار جىمى مۇھىت كۆكلەمگە خاس.

## پاھ، خوتەن!

قەھرىمانغا پەرمان بولدى زاماندىن،
— ماھارەتكە مەيدان كەڭرى، كۆرسەت، — دەپ.
بەس - بەس بىلەن ھۆررا توۋلاپ ھەر ياندىن،
مەرتلەرچىقتى، بىزگەكەپتۇپۇرسەت، —دەپ.

چېلىش بىلەن ئۆتتى شۇنداق ئون بىر يىل،
نامايەندۇر بۇگۈن يېڭى قىياپەت.
نېمە كۆردۇڭ، دوستۇم ئوبدان پىكىر قىل،
جاۋاب بەردى مانا بۇنداق شاراپەت.

—پاھ، - لا ،يەن بىرلا كۆرسەڭ ئىلچىنى،
پارىلدىغان كوچىلارغا تولغاندۇر.
يەرگە يوپۇق قىلساڭ ئەتلەس، زىلچىنى،
ئېشىپ دەيمەن: قانداق توقۇپ بولغاندۇ.

كۆرگىنىمچە قامىشىدۇ كۆزلىرىڭ،
بىر كوچىدىن چىقماي تۇرۇپ بولۇر كەچ.
تەرىپىگە يەتمەس بىلگەن سۆزلىرىڭ،
ئەقلىڭ ئاجىز كەلگىنىدىن تىل كېكەچ.

كۆز كۆرمىگەن، قول تەگمىگەن ئابىدە،
خىيالىمدا ئۆزگە كوچا سىياقى.
بىر مۆجىزە بولغىنىدەك ئاپىرىدە،
قوزغىلىدۇ كۆرۈش - ئىستەك پىراقى.

مەۋجۇد مىزان تېپىلمايدۇ دۇنيادىن،
گۈزەللىكنىڭ قىممىتىنى ئۆلچەشكە.
ھەيرەتلىنىپ قىياپەت — نۇر - زىيادىن،
دەيمەن: شۇنچە قۇدرەت باركەن ئۆرلەشكە.

ھېچبىر مەۋجۇد مىزان بىلەن ئۆلچەنمەس،
ئىلچىدىنلا دەۋرىمىزنىڭ قىممىتى.
مۇقىملىشىپ بىرلىك، ھۆرلۈك، ئاڭ - ھەۋەس،
قوندى يۇرتقا ئىجاد، ئەمگەك زىننىتى.

ئۆرلەپ ئىلھام ھاۋاسىغا خىيالىڭ،
ئۇچقىنىدا قانات قېقىپ ئېگىزلەپ.
كۆرۈنىدۇ زۇمرەت بولۇپ دىيارىڭ،
سادابېرەر: پەرۋىشىڭ كۆپ ئېزىز، —دەپ.

ئۇتاش كەتكەن قەۋەت - قەۋەت ئىمارەت،
باش تېرەيدۇ بولۇتلارغا مۇناردەك.
كۆرسەتكەندەك قۇياش ئايغا ماھارەت،
نۇر چايقىلار گويا يۇلتۇز قونارداك.

كومپارتىيە ئاتا قىلدى كۈچ - قۇدرەت،
يۇلتۇزلاردىن - يۇلتۇزلارغا ئۆتكىدەك.
يوللار داغدام، ئىلگىرىلەشكە بار پۇرسەت،
تەقدىرىمىز — تەدبىر - ھىممەت كۆتكىدەك.

بىلدى ئىلچى ئەمدى بۇ ئاي، يىللاردا،
ھاياتتىكى قانۇنىيەت — مىزاننى.
ئىلگىرىلەشنىڭ كۆيى ياڭراپ تىللاردا،
ئىگەللىدى مەرت - باھادىر مەيداننى.

قاقاس تاغلار ۋۇجۇدىدىن ئالماقتا،
ئالتۇن-كۈمۈش، ئۇران، نېفت، كۆمۈرنى.
دەريا - ئۆستەڭ، يولنى رەتكە سالماقتا،
ئۆزارتماقتا شاد بەختىيار ئۆمۈرنى.

ئىلچىمىزدىن بېيجىڭگىچە بىر تۇتاش،
ئورالماقتا دەشتلەر كىمخاپ يوپۇقتا.
سالام بېرىپ قوندى سەھەر زەر قۇياش،
ناز - كەرەشمە جىلۋىسىدە ئۇيۇقتا.

تۈمەن رەڭلىك گۈل - چېچەككە تولغان جاي،
بىز ئۈچۈندۇر ھەر تاماشا، شوخ ناۋا.
نېسىپ بوپتۇ ئېسىل يىللار، ئېسىل ئاي،
بۇ ئۆمۈرنىڭ مىنۇتىمۇ بىباھا.

كىيىم يېڭى، نېنىڭ پۈتۈن، پۇلۇڭ بار،
قانۇنىڭ بار، قوغدىلىدۇ ئادالەت.
ئۆرلەش ئۈچۈن داغدام، تۈپتۈز يولۇڭ بار،
لازىملىقى ئىجادىي تەر، ماھارەت.

شۇنداق تۇزۇم، ئادىل قانۇن - نىزامىدىن،
چېچەك ئاچتى يۇرتتا ھىممەت - ئەقىدە.
جاراڭلىدى شاد ناخشا ھەر يېزامىدىن،
تۇغدى ئامەت، تەردە ھەر بىر دەقىقەت.

— شۇنداق دوستۇم، بۇ سۆزلىرىڭ جايىدا،
— ئىشلىگەننىڭ چىشلەيدىغان ۋاقتى - دە!

پۇرسەت كېتەر يازدا يۇرسەڭ سايىدا،
ھۇرۇنلىقىم مېنى چەتكە قاقتى - دە!

قايىل قىلدى شاراپەتنىڭ جاۋابى،
پاھ، خوتەن! دەپ رۇخسارىغا سۆيۈندۇم.
ئىچسە ھەر كىم شۇنداق ئەقىل شارابى،
قانداق ياخشى، دېدىم ئاڭا كۆيۈندۇم.

تەھرىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

ئابدۇغېنى سېيت

# ئەخمەقنىڭ پەريادى

يۇرت دېدىم، يۇرتداش دېدىم، كۆيۈپ پىشتىم،
يۇرتدېشىم مەن ئۇچۇن غەم يەپ باقتىڭمۇ.
بەزىلەر غاجاپ مېنى سۆكسە - كۇچەپ،
بولدى بەس، ئاغزىڭنى يۇم، دەپ باقتىڭمۇ.

دوست دېدىم، يۇرتداش دېدىم، كۆيۈپ پىشتىم،
ھارمىدىم چېلىپ سىنىڭ دۇمبىقىڭنى.
كۇچىدىم دولقۇنلاردا تەرلەپ پىشىپ،
بىر ئۆمۈر ھەيدەپ كېمە قۇلۇۋىقىڭنى.

بىراۋلار سېنى سۆكسە، ئۆتۈم تاشتى،
سالمىدىم غەيۇتىگە قۇلاق ئەسلا.
ئويلىدىم، ھەي ئاينىڭمۇ دېغى بارغۇ،
ئەمەس ئەيىب يۇرتدېشىم شۇ دوستقا خاسلا.

تاتلىق سۆز ئىزدەپ يۇردۇم تەۋسىيىڭگە،
قىل كەبى ئوتتۇقىڭنى پىلدەك قىلىپ.
بېشىڭغا كەلسە مۇشكۇل ئازابلاندىم،
قەلبىمنى بىر ئېچىنىش ھەسرەت تىلىپ.

مېۋەڭنى يېمىسەممۇ ماختاۋەردىم،
سۆيۈندۇم ھېچ كۆرمىگەن بىنلىرىڭدىن.

كويلىدىم، تەرىپلىدىم ئوتتۇقىڭنى،
يېيىلىپ سەن شادلانغان چاغلىرىڭدىن.

سەن ئۇچۇن ئىزدەپ تېخى گۆھەر - سەدەپ،
شۇڭغىدىم گاھ تىرەنگە لىۋىم گەز - گەز.
سوزۇلۇپ كەلدى بىردىن تىمساق ماڭا،
دېدىم مەن: كۆزۈڭ يوقمۇ يېرتقۇچ مەرەز.

بىلەمسەن مەن كىم ئۇچۇن كەتمەن چاپتىم،
دوست ئۇچۇن جاپالارنى بىلدىم راھەت.
دېسەم ئۇ بىلجىرلىما ئەخمەق، دەيدۇ،
يەيمەندە كەلگەندە پەيتى - سائەت.

شۇئان مەن سوئال قويدۇم ئۇز - ئۆزەمگە،
بۇ مەخلۇق نىچۇن مېنى ئەخمەق دەيدۇ.
شۇئان بىر سادا كەلدى سۇ تېگىدىن:
— سەن چەككەن جاپالارنى بىلەمدۇ ئۇ؟

ئېيتقىنا، سەن ئۇنى دەپ كۆيۈپ پىشتىڭ،
شۇ دوستۇڭ يېدى سەنچۇن قانچىلىك غەم.
ئەيىبىڭ — سېنىڭ ساددا ئەخمەقلىقىڭ،
نادانلار دەردلىرىگە بولدۇم ھەمدەم.

يايغۇسىنى يايدىڭ ئۇنىڭ بىر ئۆمۈر،
كەلدىمۇ بىرەر پارچە ئىسەنلىك خەت.
بالىنىستا ياتتىڭ بىتاب ئايلاپ، يىللاپ،
يەتتىمۇ يوقلاشقا ئاھ ۋاقتى - نۆۋەت.

ئىيتقىنا، نان پىشامدۇ بىر يۈزىچە،
ئۇنىلەمدۇ چاۋاك ئالقان جۈبلەشمىسە.
نەچچەرەت ئىزدەپ باردىڭ زۆرۈر ئىشقا،
ئۇ باش بوپ يا بىر ئىشىڭ ئەپلەشمىسە.

دېمىسە ئارقاڭدا ئۇ تەۋسىيىڭنى،
كەلمىسە ئىزدەپ ئىللىق گەپلەشمىسە.
سۆيۈمەن دېگىنىڭگە ئۇ سۆيەمدۇ،
سۆيۈسەن قانداق لەۋلەر جۈپلەشمىسە.

*

مەھەللىگە قايتتىم تازا ھېرىپ ئېچىپ،
«ئۇلپەت» لەر ئۆتۈپ كەتتى ئىرەنسىزلا.
يوق ياكى ھاردۇق سوراش، سوغۇق سۇيى،
باقمايدۇ يابىر ئىللىق تونۇش قىزلار.

ئىتلىرى يات كۆردىمۇ، قاۋاپ كەتتى،
توسىمدى ھېچكىم چىقىپ ھوجرىسىدىن.
بەزىلەر قاراپ قويدى يوچۇنغىنا،
دەرۋازا يوچۇقىدىن - ھويلىسىدىن.

*

سەن ئۇنى سۆيسەڭ ئۇ ھەم سېنى سۆيسە،
ئۆتۈشسەڭ خوشلۇق، غەمدە بىللە ئورتاق.
تولامدۇ مېۋە - بالغا دوستلۇق بېغى،
ئۆلغىيىپ دىلدا سۆيگۈ چىن ئىتتىپاق.

تەھرىرى: مەتسېلىم مەتقاسىم

جاسارەت جاپپار

## ئىككى شېئىر

### ئوقۇتقۇچى دوستۇم خاتىرىسىگە

كىسەڭ ئالتۇن چىقماس ئۆيۈڭدىن.
چىقار لېكىن قامۇس، كىتابلار.
«شاللانمايمەن دېسەڭ جاھاندىن،
تىنماي ئىزدەن!» دېگەن خىتابلار.

يالتىرىماس بېشىڭدا كۈمۈش،
ئاق رەڭلەنگەن بورنىڭ توزانى.
پەخىرلەنگىن، چۈنكى ئۇ سېنىڭ،
ۋۇجۇدۇڭنىڭ ئەينەن سىماسى.

ئۇسەك ساقال، جۇدەڭگۈ چىراي،
ئورۇق گەۋدەڭ قاتتى كۆزۈمدە.
مەنمۇ سەندەك بىخلىنىش ئۈچۈن،
ئاستا - ئاستا قايتتىم ئۆزۈمگە.

### بەزمىلەرگە چىللىما

قايسى كۈنى ئۈچۈق قاپتىكەن،
خاتىرەمنى كۆرۈپتۇ دادام.
«نەزمە بىلەن ئىچىشتۇق» دېگەن،
تەپسىلاتنى ئوقۇپتۇ تامام.

بۇ ھەقتە گەپ قىلمىدى، ئەمما،
ئۆز - ئۆزىمچە كەتتىم ئويلۇپ.
پۇشايماندا ئاققان تەر ئارا،
بۇ قىلمىشىم كەتسۇن يۇيۇلۇپ.

نەزمىلەرگە قېتىپ ئىچ، دېمە،
بەزمىلەردە نەزمەم يوق ئەمدى.
ئۆلپەتدېشىم پەقەت رەنجىمە،
بەيگىلەردە بولاي ئۇق ئەمدى.

تەھرىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

مۇتەللىپ ناسىر



## ئىككى شېئىر

### جاھالەت قاتىلى

سوكۇناتقا چىلاشقان كېچە،
ئەسىر بولغان چۈشلەرگە دۇنيا.
تۈن باغرىدا ياندى بىر نۇر،
ئىنتىلگەندەك سۈبھىگە گويا.

ئۇ ئىشخانا بىلىم ئۇچىقى،
بار ئۇنىڭدا ھۆرمەتلىك بىر تەن.
ئىلىم بىرلە مەشئەل ياندۇرۇپ،
نادانلىققا توقۇيدۇ كېپەن.

جۈپلىنىشتىن يىراق كىرپىكى،
تاپشۇرۇقلار سىردىشى پەقەت.
جاھالەتنىڭ قاتىلى مەڭگۈ،
بار ئۇنىڭدا شۇنداق مۇھەببەت.

### پىنھان سۆيگۈ

كىرپىكىمدىن شەبنەم تامچىيدۇ،
ئۇ ئازابىم شاھىدى كۆز ياش.
ئىچ ـ ئىچىمدىن ئۆرتەيدۇ ژۇلقان،
كۆكرىكىمگە پاتقاندەك قۇياش.

بىر سېنى دەپ سولدى گۈلزارىم،
سەن قەلبىمگە بولغاچ ھۆكۈمران.
جۇنۇن بولدى ساغلام خىيالىم،
قارچۇقىمدا سىمايىڭ جانان.

سىردۇر ئەبەد ساڭا كۆيگىنىم،
بۇ قەلبىمدە تونۇش شۇ ئىسىم.
چەكسىز كەتكەن ھىجران چۆلىدە،
ئۇچرىدىمۇ يا ماڭا تىلسىم؟

تەھرىرى: تۇرسۇنجان مۇھەممەت


## ئېلان

ژۇرنىلىمىزغا پوچتىدىن يېزىلالمىغانلارنىڭ ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن، 3 ـ ساندىن باشلاپ پارچە سېتىشنى يولغا قويىمىز. ژۇرنال سېتىۋالماقچى بولغانلارغا پوچتا ھەققى ئالماي ئەۋەتىپ بېرىمىز.

سېتىۋالىدىغانلار تەھرىر بۆلۈمىمىزدىن مەتسېلىم مەتقاسىم بىلەن ئالاقىلىشىڭ.

تېلېفون نومۇرى: 2023792

# مەرھۇم جاپپار ئەمەتكە تەزىيە

بىلدۈرىمىز



ئاتاقلىق شائىر، پېشقەدەم مۇھەررىر، تۆھپىكار تەتقىقاتچى جاپپار ئەمەت ئەپەندى كېسەل سەۋەبىدىن 1999 — يىلى 13 — فېۋرال ئەتىگەن سائەت سەككىزدىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە 70 يېشىدا ئورۇمچىدە، ئۆز ئۆيىدە بەختكە قارشى ئالەمدىن ئۆتتى.

جاپپار ئەمەت 1929 — يىلى 6 — دېكابىردا، خوتەن شەھىرىنىڭ گۈلباغ مەھەللىسىدە ئوقۇمۇشلۇق كىچىك سودىگەر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1938 — يىلىدىن 1941 — يىلىغىچە خوتەندە باشلانغۇچ مەكتەپتە، 1941 — يىلىدىن 1942 — يىلىغىچە خوتەن دارىلمۇئەللىمىندە، 1942 — يىلىدىن 1945 — يىلىغىچە ئۈرۈمچىدە ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان. 1945 — يىلىدىن 1949 — يىلىغىچە خوتەن شەھەرلىك 1 — باشلانغۇچ مەكتەپ (چايخانا مەكتەپ)تە ئوقۇتقۇچى، خوتەن ۋالىي مەھكىمە مائارىپ باشقارمىسىدا مۇپەتتىش، ياشلارنىڭ جەمئىيەتكە خىزمەت قىلىش ئىدارىسى باشقۇرغان «تەكلىماكان گۈلى» گېزىتىدە باش مۇھەررىر، خوتەن دارىلمۇئەللىمىندە تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولغان. 1950 — يىلىدىن 1970 — يىلىغىچە «يېڭى خوتەن» گېزىتى، قەشقەردە چىقىدىغان «جەنۇبىي تىيانشان» گېزىتى، «شىنجاڭ گېزىتى»، خوتەن ۋالىي مەھكىمە مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمى قاتارلىق ئورۇنلاردا مۇھەررىر، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر، تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1970 — يىلى ئاپرېلدا «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ زىيانكەشلىكى بىلەن قولغا ئېلىنغان. 1979 — يىلى سېنتەبىردە نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ تۈرمىدىن چىققان. روھىي ھەم جىسمانىي ئەركىنلىككە ئېرىشكەن شائىر «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنى تەسىس قىلىش يولىدا، ئۇنتۇلماس ئەجىر سىڭدۈرگەن ۋە 1981 — يىلىغىچە بۇ ژۇرنالدا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. شۇ يىلى ئۆكتەبىردە ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە يۆتكىلىپ، 1990 — يىلىغىچە «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە شېئىرىيەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. 1990 — يىلى مارتتا پېنسىيىگە چىققان.

جاپپار ئەمەت «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1944 — يىل 21 — ئۆكتەبىردىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان «ۋەتەن ئوغلى» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىيات سېپىگە قېتىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ «خۇشتار» تەخەللۇسى بىلەن «شۇنداق ماڭ»، «ئوتلۇق يۈرەكتىن» قاتارلىق شېئىرلارنى ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىپ، كىتابخانلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان. شائىر 1945 — يىلى مايدا ئۆز يۇرتى خوتەنگە قايتىپ، پىكىرداش دوستلىرى ۋە ئىلغار زىيالىيلار ئارىسىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ئاكتىپ تەشۋىق قىلغان. «تەكلىماكان گۈلى» گېزىتىگە بېسىلغان «ياشلىقىم»، «سۆيىمەن»، «تاڭ ئالدىدا» قاتارلىق شېئىرلىرى ئارقىلىق ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى قوللاش پوزىتسىيىسىنى ۋە ئازادلىققا بولغان تەشنالىقىنى ئىپادىلىگەن. بۇنىڭدىن قاتتىق ھۈركىگەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى شۇ يىلى نويابىردا شائىر جاپپار ئەمەتنى قولغا ئالغان. 1946 — يىلى ئىيۇندا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ دائىرىلىرى ئوتتۇرىسىدا 11 ماددىلىق بىتىم ئىمزالىنىپ، قاماقتىكى بارلىق سىياسىي مەھبۇسلار قويۇپ بېرىلگەندە، شائىرمۇ ئازادلىققا ئېرىشكەن. تۈرمىدىن چىققان ھەم قاتتىق غەزەپلەنگەن شائىر «تەپتىش ئۈمىكىگە داد»، «قاراقاش ناھىيە ئۈستىدىكى بۇلۇت»، «مىللەت ۋە تىل» قاتارلىق سىياسىي، ئەدەبىي ماقالىلارنى يېزىپ، گومىنداڭنىڭ فاشىستىك ھۆكۈمرانلىقىغا قاتتىق زەربە بەرگەن. بۇ ماقالىلار جەمئىيەتتە كۈچلۈك

ئىنكاس قوزغىغان.

1947 ‒ يىلى ئىيۇلدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى جاپپار ئەمەتنى يەنە تۇتقۇن قىلغان. شائىر تۈرمىنىڭ ئېغىر ھەم قاتمۇ ـ قات ئازابلىرىغا مەردانىلىق بىلەن بەرداشلىق بېرىپ، ئازادلىق، ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيىنى تەلەپ قىلىش مەيدانىدا قەتئىي چىڭ تۇرغان. «پەلەككە خىتاب»، «ئانامنىڭ چاقىرىقى»، «بىر شائىرغا» قاتارلىق شېئىرلارنى يېزىپ، جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇلۇقىنى، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئېچىنىشلىق قىسمىتىنى، ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ زالىم، قانخورلۇقىنى قاتتىق پاش قىلىپ، ئويغانغان خەلق، جۈملىدىن ئىلغار زىيالىيلارنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىش روھىنى نامايەن قىلغان.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، جاپپار ئەمەتنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىش باسقۇچىغا قەدەم قويغان. ئۇ 1950 ‒ يىلىدىن 1961 ‒ يىلىغىچە 150 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، داستان، ھېكايە، ئوچېرك، دراما، فېلىيەتونلارنى يېزىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇن ھەم شەكىل جەھەتتىن رەڭدارلىشىشىغا تۆھپە قوشقان. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى، ئانا ۋەتەننى، ھەرمىللەت خەلقىنى، يېڭى دەۋرنىڭ خىسلىتىنى، يېڭى تۇرمۇشنىڭ شادلىق تەنتەنىسىنى، قەد كۆتۈرگەن دېھقانلارنىڭ خوجايىنلىق تۇيغۇسىنى، يۇرتىنى گۈللەندۈرۈش ئىرادىسىنى قىزغىن كۈيلىگەن.

شائىر جاپپار ئەمەت 1957 ‒ يىلى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسىنى قۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش يىغىنىغا قاتناشقان ھەمدە بۇ يىغىندا شۆبە جەمئىيەتنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىنغان. بىراق ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمەيلا، «سول» ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، مەتبۇئات ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغان. ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئۇنىڭ بېشىغا تېخىمۇ ئېغىر كۈلپەتلەر چۈشكەن. ئۇ 1968 ‒، 1969 ‒ يىللىرى «ئازاد گۈلىستانىڭ قېنى»، «جەڭ ئالتۇن» قاتارلىق شېئىرلارنى يېزىپ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ مەدەنىيەت مۇستەبىتلىكىگە ئاشكارا قارشىلىق كۆرسەتكەن. شۇڭا «نەق ئەكسىلئىنقىلابچى» قالپىقى كىيدۈرۈلۈپ، 1970 ‒ يىلى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىغا ھەيدەلگەن. شائىرنىڭ قەددى پۈكۈلگەن بولسىمۇ لېكىن، ۋەتەن ۋە خەلققە سادىق قەلبى ئۆزگەرمىگەن. ئۇ «پەنجىرە ئالدىدا»، «قۇشقاچ بىلەن سۆھبەت»، «قورقامدۇ سوراقچىغا»، «ئۇچرىشارمىز»، «ھەسرەت»، «بەختىمنى ئىزدەپ»، «زىيارەت»، «ئارمانىم» قاتارلىق شېئىرلارنى يېزىپ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ چېكىدىن ئاشقان زوراۋانلىقىنى غەزەپ بىلەن ئەيىبلىگەن. «ھەقىقەت ئېگىلىدۇ، لېكىن سۇنمايدۇ» دەپ جاكارلاپ، «قارا زۇلمەتنى ھەقىقەت نۇرى تارمار قىلىدۇ» غانلىقىغا بولغان ئىشەنچىسىنى ئىپادىلىگەن.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، شائىر جاپپار ئەمەت جىسمانىي ھەم مەنىۋى جەھەتتىن تولۇق ئازادلىققا ئېرىشكەن، ئىجادىيەت قىزغىنلىقى جۇش ئۇرۇپ، ئىلھامى قايناپ تاشقان. ئۇ 1979 ‒ يىلى ئۆكتەبىردە تۈرمىدىن چىقىپلا يازغان «سايرا، بۇلبۇل» ناملىق شېئىرىدا «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ تۆمۈر قەپىزىدىن قۇتۇلغان «خۇشناۋا بۇلبۇل» غا خىتاب قىلىش ئارقىلىق، كوممۇنىستىك پارتىيە يارىتىپ بەرگەن «گۈلباھار پەسلى» نى ئۆمۈرۋايەت كۈيلەش ئارزۇسىنى ئىزھار قىلغان.

جاپپار ئەمەت ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلەتكە ئىگە، ئىنزدىنىش روھىغا باي ئەدىب ئىدى. ئۇ 50 نەچچە يىللىق ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتىدا ئەدەبىياتنىڭ ھەممە تۈرى بىلەن دېگۈدەك شۇغۇللىنىپ، نۇرغۇن ئەسەرلەر يازغان. ئەپسۇسكى، ئۇ كۆپ قېتىم ۋە ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت مەتبۇئات ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، ئەسەرلىرىنى تولۇق ئېلان قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىغان. «مەدەنىيەت زور

ئىنقىلابى» نىڭ مۇدھىش بورانلىرى قوزغىلىۋاتقان يىللاردا، ئۇنىڭ نۇرغۇن ئەسىرىنىڭ قوليازمىسى مەدەنىيەت «سول»چىلىرى تەرىپىدىن بۇلاپ كېتىلىپ، يوقىتىۋېتىلگەن. شائىر كېيىنكى يىللاردا گېزىت - ژۇرناللارنى ئاختۇرۇپ، بۇرۇن ئېلان قىلىنغان شېئىرلىرىنىڭ بىرقىسمىنى تاپقان ۋە ئۇلارنى رەتلەپ، «سايرا، بۇلبۇل» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى تۈزگەن. بۇ توپلام 1985 — يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشىر قىلىنغان. 1991 — يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ئۇنىڭ «تۇپراق ۋە تەر» ناملىق 2 — شېئىرلار توپلىمىنى نەشىر قىلغان. ئۇ 1993 — يىلى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتىغا «بوستان نەزمىلىرى» ناملىق 3 — شېئىرلار توپلىمىنى يوللىغان. ئۇنىڭ «گىلەمچىنىڭ قىزى»، «دوستلۇق ئۆلگىسى»، «مېنىڭ يېزام» قاتارلىق 20 پارچىگە يېقىن داستان ھەم شېئىرى ھەر خىل توپلاملارغا كىرگۈزۈلگەن. «چاپ كەتمەننى، دېھقانلار»، «زىيارەت» قاتارلىق شېئىرلىرى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە، نەجمىدىن سىدىق بىلەن بىرلىشىپ يازغان «يېمىرىلگەن قۇللۇق» ناملىق درامىسى جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە قانات يايدۇرۇلغان باھالاش پائالىيىتىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

جاپپار ئەمەت كۆمۈلۈپ ياتقان ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى مىراسلىرىنى قېزىش، رەتلەش ھەم يورۇقلۇققا چىقىرىش؛ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئالەمشۇمۇل تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن پارس - تاجىك كىلاسسىك ئەدەبىياتى نامايەندىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى خەلقىمىزگە تونۇشتۇرۇش جەھەتتە، ئالاھىدە كۆچ چىقارغان تەتقىقاتچىلارنىڭ بىرى. ئۇ، پېشقەدەم شائىر ۋە تېببىي ئالىم داموللا ئابدۇلھېمىت يۈسۈفى بىلەن بىرلىكتە «فۇزۇلى غەزەللىرىدىن تاللانما» نى؛ زوھىرىدىن بابۇر، ھۆۋەيدا (خوجا نەزەرغايىپ نەزەر ئوغلى)، سوفى ئاللايار قاتارلىقلارنىڭ غەزەل ۋە شېئىرلىرىدىن تاللانمىلارنى؛ پارس - تاجىك ئەدەبىياتى پېشۋالىرىدىن ئابدۇراخمان جامىنىڭ «سەلامان ۋە ئەپسال» داستانىنى؛ جالالىدىن رومى، كامال خوجەندى، ئەبۇ ئابدۇللا رۇداكى قاتارلىقلارنىڭ شېئىر، غەزەللىرىدىن تاللانمىلارنى؛ ئابدۇللا ئىنسارى، خوجا نەجمىدىن كۇبرا، سابىر تىرمىزى ۋە ھەكىم سانائى رۇبائىلىرىدىن تاللانمىلارنى؛ ئوتتۇرا ئاسىيادا قۇدرەتلىك ئىمپېرىيە قۇرغان ئاتاقلىق سەركەردە، ئەمىر تېمۇر كوراگان ھەققىدە ئىران تارىخچىسى شەرەفىددىن ئەلى يەزدى تەرىپىدىن 1424 —، 1425 — يىللىرى يېزىلغان «زەپەر نامە» ناملىق ئەسەرنىڭ بىرقىسمىنى؛ «شەرق كىلاسسىكلىرىنىڭ رۇبائىلىرىدىن تاللانما» نى؛ ئابدۇللا ئەۋلانىنىڭ «تۈركى گۈلىستان ياخۇد ئەخلاق» ناملىق كىتابىنى؛ ئەمىر خۇسراۋ دېھلەۋىينىڭ «چاھار دەرۋىش» ناملىق قىسسىسىنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتى — مىرئەمام دېھلەۋى تەرىپىدىن 1803 — يىلى تولۇقلاپ يېزىلغان «باغۇ باھار» قىسسىسىنى نەشرگە تەييارلىغان. بۇ ئەسەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى «بۇلاق» ژۇرنىلى ۋە ھەرقايسى نەشرىياتلار ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشكەن.

جاپپار ئەمەت خەلق ئەدەبىياتىنى قېزىش، رەتلەش، نەشرگە تەييارلاش جەھەتتىمۇ مول تۆھپە ياراتقان. ئۇ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، 3000 كۇبلېتتىن ئارتۇق بېيت، قوشاق، 1500 دىن ئارتۇق ماقال - تەمسىل، «ئەر - يىگىتكە يەتمىش تۈرلۈك ھۈنەر ئاز»، «ۋاپاسىز ئوغۇللار» قاتارلىق نۇرغۇن چۆچەكلەرنى توپلىغان. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى «بۇلاق»، «مىراس» ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىنغان؛ بىر قىسمى ئۈرۈمچى تيانشان رايونى ۋە ئۈرۈمچى سايباغ رايونى تەرىپىدىن نەشىر قىلىنغان خەلق ئەدەبىياتى توپلاملىرىغا كىرگۈزۈلگەن.

جاپپار ئەمەت ئۆزبېك تىلىدىن تەرجىمە قىلغان ئىزوپ مەسەللىرى، كىرىلوپ مەسەللىرى «دۇنيا ئەدەبىياتى»، «تارىم» قاتارلىق ژۇرناللاردا كەينى - كەينىدىن ئېلان قىلىنىپ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ جانلىنىشىغا، تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسەتكەن.

جاپپار ئەمەت دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىنمۇ قەلىمىنى تاشلىمىغان. ئۇ خېلى يىللاردىن بۇيان كېسەل ئازابىنى تارتىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن شېئىر يېزىشنى زادىلا توختىتىپ قويمىغان. ئۇ

كېيىنكى يىللاردا يەنە ئەجدادلىرىمىزدىن مىراس قالغان مىللىي ئۆرپ - ئادەت ۋە ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقىي - پەزىلەتلەرنى تونۇشتۇرىدىغان ئىلمىي ماقالىلارنى كەينى - كەينىدىن يېزىپ، ياشلارنى ئىرادىلىك، ئەدەب - ئەخلاقلىق يېڭى زامان كىشىلىرىدىن بولۇشقا ئىلھاملاندۇرغان. ئۇنىڭ 1991 — يىلىدىن بۇيان «شىنجاڭ ياشلىرى» ، «شىنجاڭ گېزىتى» ۋە «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» گە بېسىلغان «بىزنىڭ ئەنئەنىۋى ھېيت، بايرام ۋە مۇراسىملىرىمىز» ، «سالاملىشىش، كۆرۈشۈش ۋە ھال - ئەھۋال سوراش قائىدىلىرى» ، «مېھماندارچىلىق خىسلىتى، خەلقىمىزنىڭ ئۇلپىتى» ، «ياخشى كىشىلەرنىڭ پەزىلەتلىرى» ، «ئاتا - ئانىلارنىڭ پەرزەنت ئالدىدىكى بۇرچى» ، «ئەر - خوتۇن مۇناسىۋىتىدە نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك» ، «ئائىلە نەسەپنامىسىنى تۇرغۇزۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى» ، «سالامەتلىككە پايدىلىق ئۆرپ - ئادەتلىرىمىز» قاتارلىق ماقالىلىرى ياشلار ئارىسىدا زور قىزىقىش پەيدا قىلغان.

ئاتاقلىق شائىر، پېشقەدەم مۇھەررىر، تۆھپىكار تەتقىقاتچى جاپپار ئەمەت، يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت داۋاملاشقان جاپالىق ئىجادىيەت سەپىرىدە شۇنچىۋالا مول ئىجادىيەت مېۋىلىرىنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن تەكەببۇرلۇقتىن، تەمەننادىن، شۆھرەتۋازلىقتىن، ھەسەتخورلۇقتىن خالى ئىدى. ئۇ ئىنتايىن كەمتەر، چىقىشقاق، مەسئۇلىيەتچان، بىلىملىك، تىرىشچان، ھارماس، ئۈمىدۋار قەلەمكەش بولۇپ، كەسىپداشلىرى، بولۇپمۇ ياش ئاپتورلار ئارىسىدا يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ ئۆلۈمى ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈن زور يوقىتىش. خەلقىمىز ئۆزىنىڭ بۇ سادىق پەرزەنتىنى، نوپۇزلۇق، ھارماس ئىجادكارىنى، ئۇنىڭ مول ھەم ئۆچمەس ئىجادىي تۆھپىلىرى بىلەن بىللە مەڭگۈ ياد ئېتىدۇ!

سەپدىشىمىز، جاپپار ئەمەت، ياتقان يېرىڭىز جەننەتتە بولغاي.

— تەھرىر بۆلۈم

نۇرمۇھەممەت توختى

# ئەلۋىدا، جاپپار ئەمەت ئاكا!

يولۋاس يىلىدىن توشقان يىلىغا ئۆتۈشكە ئىككى كۈن قالغاندا، ئۈرۈمچىدىن يەنە قايغۇلۇق خەۋەر كەلدى. تونۇلغان، ئۇستاز جاپپار ئەمەت ئاكا مەڭگۈلۈككە كۆز يۇمۇپتۇ. 70 يېشىدا ئالەم بىلەن ۋىدالىشىپتۇ ... كۆڭلۈم يەنە بىر قېتىم قايغۇغا تولدى. ئۆزەمنى تولىمۇ مىسكىن، بىچارە ھېس قىلدىم. شائىر روزى سايىت: «يولۋاس يىلى يەنە بىر ئۇستازنى يەپ كېتىپتۇ» دېدى ھەسرەت بىلەن. ئويلاپ كۆرسەم راست شۇنداق ئىكەن. يولۋاس يىلى يىل بېشىدا مەشھۇر تارىخچىمىز «تارىخىي ۋەتەن، ۋاقىئاتى خوتەن» نىڭ ئاپتورى مۇھەممەت ئابدۇللا بەگھاجىمنى يەپ كەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي روزى ھېيت شادىيانىسى ياڭراپ دەپ قالغاندا، دوستىمىز، ژۇرنالىست، قەدىمكى ئەسەرلەر تەتقىقاتچىسى مۇھەممەت تۇرسۇن باھاۋىدىن ئەپەندىمۇ يولۋاسنىڭ ئاغزىغا كىرىپ كەتتى. ئەمدى يەنە جاپپار ئەمەت ئاكا كېتىپ قاپتۇ. زوردۇن سابىر ئەپەندى، ئەرشىدىن تاتلىق ئەپەندى، قۇربان ئىبراھىم ئاكىلارنىمۇ يولۋاس يىلى يەپ كېتىپتۇ. يولۋاس يىلى يەپ كەتكەن ئۇستازلار ھەقىقەتەن ئاز ئەمەسكەن. يولۋاسنىڭ نەپسىمۇ ئۇ توغرىدا ئېقىپ يۈرگەن رىۋايەتلەردىكىدەكلا بەكمۇ چوڭ ئىكەن. ئۇ شۇنچىۋالا كۆپ نادىرلىرىمىزنى يەپ كېتىپتۇ. كۆڭۈللەر نېمىشقىمۇ قايغۇغا تولمىسۇن! بىر - بىرلەپ، بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى كېتىپ قالىدىغان دۇنيانى كۆرۈپ، بىلىپ، ھېس قىلىپ تۇرساڭ، ئۆزەڭنى مىسكىن، بىچارە ھېس قىلماسلىققا ئامال بارمۇ؟

جاپپار ئەمەت ئاكىنىڭ كۆڭلىدىكىدەكلا سۈزۈك چىرايى، مېھرىبان ۋە تەلەپچان چوڭ - چوڭ كۆزلىرى، ئاق سۆڭەكلەردەك ئېسىل سۈپەت قامىتى كۆز ئالدىمدا ئايان بولدى. ئۇنىڭ مەشھۇر نامىنى ئاڭلىغان، ئۆزىنى تونۇغان، بېرىش - كېلىش قىلغان، ئۇنىڭ قەلب سىرلىرىنى، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى بىلگەن چۈشەنگەن چاغلىرىم يادىمغا كەلدى. بىر ئۇلۇغ ئادەم بىلەن باردى - كەلدى قىلىپ ئۆتكىنىمگە پەخىرلەنگەندەكمۇ بولدۇم. تولۇقسىز ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا، مىللەتنىڭ تاجلىرى بولغان شائىر

ـ يازغۇچىلىرىمىزنى دەرسلىك ئارقىلىق بىلىشكە باشلىغان ئادەم ئىدىم. ئوت يۈرەك ئوقۇتقۇچىلىرىمىزدىن جېلىل ئىسمايىل، ساھىپ خانىم، تۇرۇپ تاھىر، ئىمىن مەھەممەت، خانسايىپ قارىلەر خانېرىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ خام كېسەكتىن سېلىنغان، ئورۇندۇقسىز، كېچىسى مەكتەپتىكى بارلىق ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتقى، كۈندۈزلىرى بولسا يىغىن زالى رولىنى ئۆتەيدىغان ئەسكى زالىدا، شائىر - يازغۇچىلارنىڭ خاتىرە كۈنلىرىگە ئاتاپ يوبىلىلەرنىمۇ ئۇيۇشتۇرۇپ تۇراتتى. ئاشۇنداق يوبىلىلەرنىڭ بىرىدە، چېخ يازغۇچىسى، ئىنقىلاپچىسى يولىيوس فۇچىككە قويۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان ئوقۇتقۇچىمىز جېلىل ئىسمايىلنىڭ ئاجايىپ ياڭراق ۋە مۇڭلۇق ئاۋازدا ھېزىم ئىسكەندەرنىڭ «نېگىر بالىسى» دېگەن شېئىرىنى دېكلاماتسىيە قىلغانلىقى ھېلىمۇ يادىمدا. ئاشۇ چاغدا، ئورۇندۇقسىز زالدىكى سوغۇق تۇپىغا تىزلىنىپ ئولتۇرغان، جۇل - جۇل كىيىملىك يۈزلىگەن دېھقان بالىسى، ئاشۇ شېئىردا تەسۋىرلىنىۋاتقىنىنىڭ ئۆزلىرى ياكى «نېگىر بالىسى» ئىكەنلىكىنى ئايرىيالماي قېلىشقان ئىدى. مەنمۇ شۇنداق ھېسسىياتتا ئىدىم. جېلىل ئىسمايىل مۇئەللىمنىڭ دېكلاماتسىيىسىدىن كېيىن، مەن ھېزىم ئىسكەندەر دېگەن خوتەنلىك شائىر بولسا كېرەك، «نېگىر بالىسىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، بىزگە ئىشارە قىلىۋاتقان بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدىم ۋە ھېزىم ئىسكەندەر توغرىسىدا مۇئەللىمدىن سورىدىم. مۇئەللىم ماڭا ئالمۇتىدا نەشر قىلىنغان «سوۋېت ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرى» دېگەن كىتابنى بەردى. ھېزىم ئىسكەندەرنىڭ سوۋېتلىق ئىكەنلىكىنى، خوتەنلىك ئەمەسلىكىنى بىلگىنىمدە، كۆڭلۈم تولىمۇ يېرىم بولدى. ئەدەبىيات دەرسلىكىمىزدە ئەسىرى بېرىلگەن، تونۇشتۇرۇلغان يازغۇچى - شائىرلار ئىچىدە خوتەنلىكلەرنىڭ يوق ئىكەنلىكىمۇ ئۆزۈندىن بېرى كۆڭلۈمنى يېرىم قىلىپ كېلىۋاتقان ئىش ئىدى. مەن شۇ چاغدا جېلىل ئىسمايىل مۇئەللىمدىن:

— «خوتەنلىك شائىر يوقمۇ؟» — دەپ سورىدىم.

— «بار» — دېدى مۇئەللىم.

— «ئۇ كىمكەن؟» دېگەن سوئالىمغا مۇئەللىم: «جاپپار ئەمەت»، — دەپ جاۋاب بەردى. مېنىڭ كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ قالغاندەك بولدى. ئاشۇ «جاپپار ئەمەت» دېگەن ئىسىم قەلبىمگە غۇرۇر ۋە ئىپتىخار تۇيغۇسى بىلەن قوشۇلۇپ ئورنىشىپ قالدى. كېيىن مۇئەللىم ماڭا خوتەننىڭ ئاشۇ بىردىنبىر شائىرىنىڭ مەتبۇئات ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغانلىقى توغرىسىدا، يېڭى يېتىشۋاتقان مەمتىمىن نۇرى قاتارلىق ياش شائىرلارنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈلپەتلەر توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى. ئۇچاغلاردا تېخى نۇرغۇن نەرسىلەرنى چۈشەنمەيتتىم. جاپپار ئەمەت ئاكىنىڭ شۇنداق بىر مەشھۇر ۋە بىردىنبىر شائىرنىڭ نېمىشقا شۇنداق كۈنلەرگە قالىدىغانلىقى بولسا تېخىمۇ ئەقلىمگە سىغمايتتى. شۇنداق بولسىمۇ «جاپپار ئەمەت» دېگەن ھۆرمەتلىك ئىسىمنى قەلبىمنىڭ تۆرىدە ساقلاپ يۈردۈم.

تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا، ئېھتىمال 1963 — يىلى كۈز ياكى 1964 — يىلى ئەتىياز بولۇشى مۇمكىن، بىر كۈنى ئەدەبىيات دەرسى باشلىنىش ئالدىدا بىر يېقىملىق ئادەم سىنىپىمىزغا كىرىپ، ئارقا رەتتىكى ئورۇندۇقتا بېرىپ ئولتۇردى. ئۇ كىشى ناتونۇش ئىدى. مەكتەپتىكى 40 ـ 50 نەپەرچە ئوقۇتقۇچىنىڭ ھەممىسى بىزگە تونۇش بولغاچقا، بىز ئۇ كىشىنىڭ سىرتتىن كەلگەنلىكىنى دەرھال بىلىۋالدۇق. خىزمەت تەكشۈرۈپ كەلگەن بىرەر ئەمەلدار بولسا كېرەك، دەرس ئاڭلاپ باققىلى كىرگەن ئوخشايدۇ، دەپ پەرەز قىلىشتۇق. لېكىن ئۇكىشىدە ئەمەلدارلىق كىبىرى يوقتەك كۆرۈنەتتى. دەرسكە كىرىش قوڭغۇرىقى چېلىنىپ بولغان ئىدى. ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىمىز مەريەم مۇھەممەت سىنىپقا كىرىپ دەرسنى باشلىدى. ئۇ كۈنى يېڭى دەرس ئۆتۈلمىدى. خانىم مەشىق ئىشلەيدىغانلىقىمىزنى، قىسقا ھېكايە يېزىپ چىقىدىغانلىقىمىزنى ئۇقتۇردى. بىز ھەيران بولدۇق. ئادەت بويىچە، بىرەركىم، بولۇپمۇ سىرتتىن كەلگەن بىرەر تەكشۈرگۈچى دەرس ئاڭلىغىلى كىرگەندە، چوقۇم يېڭى دەرس ئۆتۈلۈشى، ئوقۇتقۇچى ئۆزىنىڭ دەرس سۆزلەش ماھارىتىنى ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا ئەمەس، ئاشۇ سىرتتىن كەلگەن ئاڭلىغۇچى، تەكشۈرگۈچى ئالدىدا نامايەن قىلىشى كېرەك ئىدى. خانىم ئاشۇ ئارقىدا ئولتۇرغان كىشىنى كۆرمەي قالغانمىدۇ؟ بىز بىر بىر خانىمغا، بىر بۇرۇلۇپ ئارقىدا ئولتۇرغان ناتونۇش ئادەمگە قاراپ قوياتتۇق. خانىم خۇددى ئۇ ئادەمنى كۆرمىگەندەك مەشىق ھېكايىسىنى يېزىشقا باشلىشىمىزنى ئۇقتۇردى. بىز نېپىز ئاق قەغەزنى ياكى پاتلىق خوتەن قەغىزىنى تېشىپ تىكىۋالغان دەپتەرلىرىمىزنى (ئۇ چاغلاردا ھېچكىمنىڭ

تىترەت دەپتەر سېتىۋالغۇدەك پۇلى يوق ئىدى) ئېلىپ، ئۆزىمىز بىلگەنچە بىر نەرسىلەرنى يېزىشقا كىرىشتۇق. ئارىدا بىرەر ۋاراق قەغەزنى بوياپ چىققان ياكى يېرىمى خەت يېزىلغان ۋاراقنى يىرتىپ - پۇرلاپ پارتا تېگىگە تاشلىغان بولۇشىمىز مۇمكىن. مەن پات - پات كەينىمگە بۇرۇلۇپ ھېلىقى ئادەمگە قاراپ قوياتتىم. بىر چاغدا ھېلىقى ئېسىل سۆپەت ناتونۇش ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ، پارتىمۇ - پارتا بېرىپ، يازغانلىرىمىزغا قاراشقا باشلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن مەريەم خانىم بىلەن نېمىلەرنىدۇر دېيىشتى. خانىم بىزنى بىردەم قەلەمنى قويۇپ قويۇشقا چاقىردى ۋە ھېلىقى ناتونۇش ئادەمنى بىزگە تونۇشتۇرۇپ:

— ساۋاقداشلار، ئازراق ۋاقتىڭلارنى ئالماقچىمىز، سىلەرنىڭ يېزىقچىلىق مەشقىڭلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، مەن داڭلىق شائىر جاپپار ئەمەتنى تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەنتىم. ئۇ ھازىر سىلەرگە ھېكايىنى قانداق يېزىش توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىدۇ، ئۇنى تەكلىپ قىلايلى! — دېدى.

بۇ چاغدا مېنىڭ كۆزلىرىم پىيالىدەك ئېچىلىپ، ئالدىمدىكى ئېسىل سۆپەت ئادەمگە قادىلىپ قالغان ئىدى. ئۆزەمنىڭ كۆزلىرىگە ئىشىنەلمەيۋاتاتتىم. مەن ئۇزۇندىن بېرى كۆرۈشكە ئىنتىزار بولغان داڭلىق شائىر جاپپار ئەمەت ئاكا ئاشۇ ئىدى. مەن ئۆزەمنى كىتاب يۈزىدىكى ياكى سۈرەتتىكى شائىرنى ئەمەس، راستىنلا ئالدىمدا تۇرغان شائىرنى كۆرۈش بىلەن، يەنە كېلىپ خوتەندىكى بىردىنبىر تىرىك شائىرنى كۆرۈش بىلەن چەكسىز بەختلىك سېزەتتىم. قەلبىمدە ھۆرمەت ئېھتىرام ئارىلاش بىر خىل ھاياجان لاۋۇلدايتتى. بۇ مېنىڭ كونا ژۇرناللار ۋە بىرلەشمە توپلاملاردىن جاپپار ئەمەت ئاكىنىڭ كۆپلىگەن شېئىرلىرىنى ئوقۇغان، ئۇنىڭغا بولغان چوقۇنۇشۇم خېلىلا كۈچەيگەن چاغلار ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئاشۇ كۈنى شائىرنى تۇنجى قېتىم كۆردۈم. شۇ كۈنى، ئۇ بىزگە يازماقچى بولغان تېمىنى قانداق تاللاش ۋە رەسمىي يېزىشقا كىرىشىشتىن ئاۋۋال، پىلاننى قانداق تۈزۈش توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى. سۆزلىرى ئاددىي، چۈشىنەرلىك ۋە راۋان ئىدى. ئېھتىمال، مەن ئاشۇ كۈنى تۇنجى قېتىم، ئىلھامنىڭ قوزغىلىشى توغرىسىدىكى قۇرۇق گەپلەرنىڭ مەنىسىزلىكىنى، يېزىقچىلىق دېگەننىڭ مەقسەتلىك، پىلانلىق، جاپالىق ئېلىپ بېرىلىدىغان ئاڭلىق ئەمگەك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان بولۇشۇم مۇمكىن. يېزىقچىلىققا بولغان دەسلەپكى ئاڭلىق ئىشتىياق، بەلكىم قەلبىمدە شۇ كۈنى بىخلانغان بولۇشى مۇمكىن. مېنىڭ تىرىك شائىرنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى داڭلىق شائىرنى شۇنداقلا خوتەنلىكلىرىمىزدىن چىققان تۇنجى ھازىرقى زامان شائىرىنى كۆرۈشۈم، ئەنە شۇنداق بولدى. كېيىنكى چاغلاردا، مەن 80 — يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ياشىغان ۋە ھازىرمۇ ياشاۋاتقان بارلىق داڭلىق ئۇيغۇر شائىر - يازغۇچىلىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك كۆردۈم ۋە ئۇلار بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇلار بىلەن كۆرۈشكەن چاغلىرىمدا خۇشال بولغان، ھاياجانلانغان بولۇشۇم مۇمكىن. لېكىن جاپپار ئەمەت ئاكىنى كۆرگەن ئاشۇ تۇنجى قېتىمقىدەك كۈچلۈك ھاياجان ھالىتىدە بولدۇممۇ - يوق، بۇنى ئېنىق ئەسلىيەلمەيمەن. جاپپار ئەمەت ئاكىنى تۇنجى كۆرگەندىكى ئاشۇ ھاياجان تۇيغۇسى، تاھازىرغىچە قەلبىمدە ساقلىنىپ تۇرىدۇ...

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دېگەن ئاپەتلىك ھەرىكەت باشلىنىپ كۆپ ئۆتمەي، بىر قېتىم خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ قورۇسىغا (ھازىرقى قورۇ ئەمەس) كېلىپ، ئۇ يەرگە چاپلانغان چوڭ خەتلىك گېزىتلەرنى كۆردۇق. ئاشۇ يەردە شائىر جاپپار ئەمەت ئاكا ئۈستىدە يېزىلغان دازىباۋلارمۇ بار ئىكەن. گومىنداڭ ۋاقتىدا ئەركىنلىك، ئازادلىق ئىنتىلىشلىرى ئۈچۈن 2 قېتىم ھەپسىگە تاشلانغان شائىرنىڭ بېشىغا يەنە كۈلپەت چۈشكەنلىكى ئېنىق ئىدى. مەن شۇ كۈنى شائىرنىڭ دازىباۋ قىلىنغان «ئازاد گۈلىستانىڭ قېنى» دېگەن شېئىرىنى ۋە شۇ شېئىر توغرىسىدىكى تېتىقسىز تەھلىللەرنىمۇ كۆردۈم. بۇ شېئىر كېيىنرەك — «4 كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلغاندىن كېيىن مەتبۇئاتتا ئاشكارا ئېلان قىلىندى. بەزىلەر شېئىرنى «4 كىشىلىك گۇرۇھ» قا قارىتىلغان دېيىشىپ يۈردى. مېنىڭچە: بۇنداق دېيىشمۇ بولۇشى مۇمكىن، لېكىن شائىرنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك پىكىر، ئىرادە ۋە ئىزدىنىش ئىزچىللىقىدىن قارىغاندا، بۇنداق دېيىش شائىر ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ، ئۇنى كىچىك، يۈزەكى ئىشلارنى ئويلايدىغان، مېغىزغا ئەمەس، شاكالغا ئەھمىيەت بېرىدىغان دەرىجىگە چۈشۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن. مېنىڭ كېيىنكى ئۇزۇن يىللاردا شائىر بىلەن قىلغان باردى - كەلدىلىرىم ۋە ئۇنى چۈشىنىشىمدىن قارىغاندا، جاپپار ئەمەت ئاكا جەمئىيەتنى چوڭقۇر چۈشىنەتتى، مەسىلىنىڭ ماھىيىتىگە بەكرەك ئېتىبار بېرەتتى.

1969 — يىلىدىن كېيىن مىليونلاپ «زىيالىي ياشلار» يېزىلارغا ئەۋەتىلگەندە، مەن جاپپار ئەمەت

ئاكىنىڭ چوڭ ئوغلى ئىلھامجان بىلەن بىر يېزىدا «چېنىقىش» نى باشتىن كۆچۈردۇم. بىز يېقىن «دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق. بۇ ھالەت مېنىڭ جاپپار ئەمەت ئاكىنىڭ ئەھۋالىنى، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنى بىلىشىمگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. مەن ئىلھامجاندىن جاپپار ئاكىنىڭ ئەھۋالىنى پات - پات سوراپ تۇراتتىم. كېيىنكى يىلى «قىزىل دىكتاتورا» ئەۋجىگە چىققاندا، ئون نەچچە يىلدىن بېرى يېزىش - ئېلان قىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغان جاپپار ئەمەت ئاكا، يەنە بىر قېتىم تۈرمىگە تاشلاندى. ۋىلايەتتە ئېچىلغان 30 مىڭ كىشىلىك چوڭ يىغىندا قولغا ئېلىنىدى. نەق مەيداندا بولغانلارنىڭ ئېيتىشىچە، مىلتىق - پىلىموتلار تەرەپ - تەرەپتىن يىغىن مەيدانىدىكى ئاممىغا قارىتىپ بەتلەنگەن، «قىزىل دىكتاتورا» يۈرگۈزگۈچىنىڭ «دۈشمەن» يۈرىكىنى جىغىلدىتىدىغان، «ئۆزىنى مەلۇم قىلىشقا» قىستايدىغان، «ئون مىنۇت» ، بەش مىنۇت ... ئۈچ مىنۇت، بىر مىنۇت ... دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى جاھاننى بىر ئالغان مەيداندا، كىشىلەر ئۈنلۈكرەك تىنىشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي قالغانمىش. قورقۇنچىدىن ھوشىدىن كەتكەنلەرمۇ بولغانمىش. لېكىن جاپپار ئاكا ھېچنېمىنى پەرۋايىغا ئالماي ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. «قىزىل دىكتاتورا» نىڭ ئەڭ ئاخىرقى «بىر مىنۇت» ى توشقاندا، قوراللىق دىكتاتۇرچىلار شائىرنى تۇتۇپ، سەھنىگە سۆرەپ چىققانمىش ... ئاشۇ قېتىمدا شائىر تۈرمىدە ئون يىلدەك يېتىپ قالدى. ئۇنىڭغا چېتىلىپ ئوغلى ئىلھامجانمۇ قولغا ئېلىنىدى. ئايالى زورەم خانىم ۋە كىچىك ئۈچ ئوغلى خوتەندە ياشاشقا ئىلاجىسىز قېلىپ، ئايىم ئەزىزى خانىمنىڭ ياردىمىدە، ئۈرۈمچىگە كېتىشكە مەجبۇر بولدى. شائىرنىڭ ۋە شائىر ئائىلىسىنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر كەلدى. بۇ تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىشلار ئىدى. ئەڭ ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، شائىرنىڭ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئالتۇن چاغلىرىدىن 20 يىلدەك ۋاقىت ئەنە شۇنداق تۈرمە ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەقىپلەر ئارىسىدا بىھۇدە ئۆتۈپ كەتتى. بۇنىڭ شائىر ئائىلىسىگە كەلتۈرگەن كۆلپەتلىرىدىن كۆرە، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا كەلتۈرگەن زىيىنى تېخىمۇ چوڭ بولدى.

20 يىلغا سوزۇلغان تەقىپ ۋە تۈرمە ھاياتى شائىرنىڭ ئىرادىسىنى سۇندۇرالمىدى ... شۇ يىللاردا، مەن خوتەننىڭ تۇنجى ھازىرقى زامان شائىرىنى پات - پات ئەسلەپ تۇردۇم. ياش شائىر مەتتۇردى نايىپ ۋە مۇسا سالىجانلارنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغانلىقىنى ئاڭلىغان چېغىمدا، جاپپار ئاكىمۇ ئاشۇ يولغا مېڭىپ قالارمۇ؟ دەپ ئەنسىرەيتتىم. شۇ يىللاردا بولسا كېرەك، «قايتا تەربىيە» قوبۇل قىلىۋاتقان يەردىن بىر قېتىم شەھەرگە كەلگىنىمدە، بىلىقىزخان ئىسىملىك بىر ياش چوكاننىڭ جەسىتىنى «تۈرمىدە ئېسىلىپ ئۆلۈۋالدى» دەپ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىشكەنلىرىنى كۆرۈشكە شاھىت بولدۇم. جاپپار ئاكىدىن تېخىمۇ بەكرەك ئەنسىرەپ قالدىم. شائىرنىمۇ ئاشۇ چوكاننى ئاچىقىپ بېرىشكەندەك «ئېسىلىپ ئۆلۈۋالدى» دەپ ئاچىقىپ بېرىشسە - ھە، دېگەنلەرنى ئويلىغان چېغىمدا، كاللامدىن بىر قاپاق مۇزلۇق سۇنى قۇيغاندەك شۈركىنىپ كېتەتتىم ...

خۇداغا شۈكرى، «4 كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلغاندىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەپ ئاتالغان ئاپەتلىك ھەرىكەت ئۈستىدىن توغرا يەكۈن چىقاردى. خوتەننىڭ داڭلىق شائىرى جاپپار ئەمەت ئاكا ئاقلىنىپ، تۈرمىدىن چىقتى. تۈرمە ھاياتى ئۇنىڭ ئىرادىسىنى قىلچە بوشاشتۇرالمىغان ئىدى. ئۇ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن يەنە زور غەيرەت بىلەن ئىجاد قىلىشقا كىرىشتى. خوتەن «يېڭى قاشتېشى» ئەدەبىي ژۇرنىلىنى نەشر قىلىش ئىشلىرىنى تەشكىللەپ ۋە ئۇنىڭ تۇنجى شتاتلىق تەھرىرى بولۇپ، نەچچە مىڭ يىللىق تارىختا بىر قېتىممۇ ژۇرنال نەشر قىلىنمىغان خوتەن ئۈچۈن، ئاشۇ ئەپسۇسلۇق تارىخقا خاتىمە بەردى. ياش ئاپتورلارنى تەربىيىلەشكە ئالاھىدە ئېتىبار بەردى. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، كېيىنكى يىللاردا خوتەندە باش كۆتۈرگەن شائىر - يازغۇچىلار ئىچىدە ئۇنىڭ تەربىيىلىشىگە، ئۇنىڭ ئىلھام بېرىشىگە ئېرىشمىگەنلەر يوق دېيەرلىك. ئادەتتە «مېنىڭ ئۇستازىم يوق» دەپ تۇرۇۋالىدىغان روزى سايىتمۇ، جاپپار ئەمەت ئاكىنى تىلغا ئالغاندا، «جاپپار ئاكام مېنىڭلا ئەمەس، پۈتۈن خوتەنلىكلەرنىڭ ئۇستازى» دەيدۇ ۋە ئۆزىنى قاراڭغۇ تاغدىن يۆتكەپ كېلىش جەريانىدا جاپپار ئاكامنىڭ ماڭغان يوللىرىنى ئەسلەپ كېتىدۇ ...

ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، خوتەن شەھىرىدىن 135 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى دۆۋا كان رايونىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان چېغىمدا (79 — يىل بولۇشى مۇمكىن) يازغان بىر قىسىم شېئىرلىرىمنى كۆتۈرۈپ، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە كەلدىم. شۇ قېتىم مەن جاپپار ئاكا بىلەن تۇنجى

قېتىم يۈز تۇرانە سۆزلەشتىم. ئۇ شېئىرلىرىمنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئافغانىستاندىكى سوۋېت ئىشغالىيەتچىلىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقان قەھرىمانلارغا بېغىشلاپ يازغان بىر ئۇزۇن شېئىرىم توغرىسىدا پىكىر بەردى. شېئىر خاھىشىنىڭ سەل يوشۇرۇنراق بولۇشى توغرىسىدا توختالدى. ئەدەبىي تەربىيىلىنىشنىڭ مۇھىملىقى، كۆپ تەرەپلىمە تەربىيىلىنىشنىڭ پايدىسى توغرىسىدا توختىلىپ، مېنى كۆپرەك بىلىم ئىگىلەشكە ئىلھاملاندۇردى. شۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا، مەن جاپپار ئاكا بىلەن دائىملىق ئالاقىنى ساقلاپ تۇردۇم. ئۇ ئۇرۇمچىگە يۆتكىلىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ، ھەر يىلى دېگۈدەك كۆرۈشۈپ تۇردۇق. ئەگەر مەن ئۆزەمنى ئەدەبىيات ساھەسىدە بىرەر نەرسىلەر يازالىدىم دېيىشكە جۈرئەت قىلسام، بۇلاردا جاپپار ئەمەت ئاكىنىڭ تەربىيىلىشى، يېتەكلىشى، ئىلھام بېرىشى مۇھىم رول ئوينىغانلىقى ئېنىق. بولۇپمۇ مەن 1984 — يىلى نەسرى ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن، ئۇ دائىم پىكىر ۋە ئىلھام بېرىپ تۇردى. يېزىقچىلىق قىلىدىغان ئادەمنىڭ ئالدى بىلەن ئۆزىنى ئىرادىلىك، ۋىجدانلىق، دۇرۇس ئادەم قىلىپ تەربىيىلىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا، ھەق - ناھەق قارشى ئېنىق ۋە كۈچلۈك بولۇشى توغرىسىدا، ئادالەتسىزلىكلەر ئالدىدا باش ئەگمەيدىغان روھقا ئىگە بولۇشى توغرىسىدا دائىم تەربىيە بېرەتتى. ئۇنىڭ ماڭا بىر قېتىم، قەلەم ھەققىگە تايىنىپ باي بولۇشقا ئۇرۇنماسلىق ھەققىدە، قەلەمنىڭ پاكىزلىقىنى، پىكىر ئىزچىللىقىنى ھەردائىم ساقلاش ھەققىدە نەسىھەت قىلغانلىقى ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. ئۇ ھېلى ئۇنداق، ھېلى مۇنداق تېمىلاردا يازىدىغانلارنى، كىتاب چىقىرىپ، ئەسەر ئېلان قىلىشنى پۇل تېپىشنىڭ ۋاستىسىگە ئايلاندۇرۇۋالغانلارنى، يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئەمەل - مەنسەپكە كۆتۈرۈلۈشنىڭ «سەكرەش تاختىسى» ئورنىدا كۆرىدىغانلارنى زادىلا مەنسىتمەيتتى. ئۇ ماڭا دائىم تېما كۆرسىتىپ بېرىپ تۇراتتى. ئالدىنقى يىلى ئۇ خوتەنگە كېلىپ، بىزنىڭ ئۆيگە پاتىھەگە چىققاندىمۇ، بىز بىر قانچە تارىخىي تېمىلار ئۈستىدە كەڭ - كۇشادە پاراڭلاشقان ئىدۇق. ئەپسۇسكى، ئاشۇ قېتىمقى كۆرۈششىمىزنىڭ ئاخىرقى قېتىملىق كۆرۈشۈش بولۇپ قالىدىغانلىقىنى كىم ئويلىغان ! مانا ئەمدى ئۇ كېتىپ قاپتۇ، بىزنى تاشلاپ كېتىپ قاپتۇ! ئۆزى 55 يىل سۆيۈپ شۇغۇللانغان، ئۆزىنىڭ ياشاش شەكلىگە ئايلانغان ئەدەبىياتىمىزنى تاشلاپ كېتىپ قاپتۇ ...

جاپپار ئەمەت ئاكا خوتەن رايونىنىڭ ھازىرقى زامان مائارىپ ئۇسۇلى بىلەن تەربىيىلەنگەن، تۇنجى تۈركۈمدىكى زىيالىيلىرىنىڭ بىرى ئىدى. شۇنداقلا، ئاشۇ زىيالىيلار توپىدىن يېتىشىپ چىققان تۇنجى داڭلىق شائىر ئىدى. ئۇ 1944 — يىلى «ۋەتەن ئوغلى» ناملىق شېئىرىنى ئېلان قىلغاندىن باشلاپ، توپ - توغرا 55 يىل ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللاندى. ئەسىرلەردىن بىرى نادانلىقتا قالغان خەلقىمىزنى ئويغىتىش، ئۇلاردا ھازىرقى زامان ئېڭى يېتىلدۈرۈش، ئۇلارغا ئۆز قىسمەتلىرىنىڭ سەۋەبىنى بىلدۈرۈش يولىدا توپ - توغرا 55 يىل يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى. بۇ نېمە دېگەن سۇناس ئىرادە، نېمە دېگەن ئۇلۇغۋار روھ - ھە! ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ جەمئىيەتكە، ئۆز خەلقىگە تەقدىم قىلغانلىرى بىلەن ئۆلچىنىدۇ، ھەرگىزمۇ ئۆزى ئېرىشكەنلىرى بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ. جاپپار ئاكىنىڭ 70 يىللىق ھاياتىدا تەقدىم قىلغانلىرى بىلەن ئېرىشكەنلىرىنى سېلىشتۇرۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر ئۇنىڭ ئېرىشكەنلىرىنى تېرىقچىلىك دەپ پەرەز قىلساق، ئۇنىڭ تەقدىم قىلغانلىرى قارا قۇرۇمچىلىك چىقىدۇ. جاپپار ئاكىنىڭ ئادىمىلىك خىسلىتى بىلەن، ئۇنىڭ تەرغىب قىلغانلىرىنى سېلىشتۇرساق، بۇ يەردە دائىمى ۋە چەمبەرچەس بىردەكلىكنىڭ باشتىن - ئاياغ ساقلىنىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. ئۇ ئېسىل خىسلەتلىك، مەرىپەتپەرۋەر، خەلقپەرۋەر، ئەركىنلىك سۆيەر ئادەم ئىدى. ئۇ ئۆز ئىجادىيىتىدىمۇ ئىزچىل ئاشۇنداق خىسلەتلەرنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ پەقەت جاپپار ئەمەت ئاكىدەك ساناقلىق ئادەملەرنىڭلا قولىدىن كېلىدىغان ئىش. سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولۇش، ئۆمۈرۋايەت بىرمەقسەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىش، مەڭگۈ ئىگىلمەسلىك نۇقتىسىدىن ئالغاندا، جاپپار ئەمەت ئاكىنى بىر ئۇلۇغ ئادەم دەپ باھالاشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ خىسلەتلىرى مەڭگۈ بىزنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىمىز بولۇشقا مۇناسىپ.

— ئەلۋىدا، جاپپار ئاكا!

خوتەن.
10 . 3 . 1999

تەھرىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

ئىمىن تۇرسۇن

## مەرھۇم شائىرغا

— جاپپار ئەمەتكە مەرسىيە

شېئىرىيەت بوزلۇقىدا تەردىڭ گۈللەرنى، قانچە بارخان، توغراقلىقنى كېزىپ سەن ھارماي،
مەرىپەتنىڭ ھەرنە مۈشكۈل يولىدىن يانماي،
ئەر ئۆمرۈڭدە راھەت كۆرمەي تارتتىڭ جاپانى،
يۇرت ئىشقىدا تەرك ئەتمىدىڭ ھەرگىز ۋاپانى. ئىلىم ئىزدەپ قاش بويىدىن چىقتىڭ سەپەرگە،
ئۇغراچ تارتىنىڭ يان - باغرىدا يەتتىڭ زەپەرگە.
ئەھلى ئەدەب دېسە ھەر كىم سېنى كۆرسەتەر،
خوش - مۇلايىم خۇلقۇڭ - سۆزۈڭ ھەردەم ئەسلىتەر: قاش ئېلىدىن تارىملىققا سەن شەيدا بولدۇڭ،
جاندىن ئەزىز كۆرگەچ ئەلگە جان پىدا بولدۇڭ.
ئوغلانلىرىڭ جەۋلان قىلۇر ئىزلاپ سەنئەتتە،
يارانلىرىڭ ئەسلەر ھامان ئىشتا - سۆھبەتتە. قەلەم بىلەن قازدىڭ قانچە قانال - كۆللەرنى،

مەھمۇت زەئىدى

## شائىرغا مەرسىيە

(ئاتاقلىق شائىر جاپپار ئەمەت ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن)

سەمىمىي، ساپ ئىدىڭ ئاق دىل، ئۇلۇغ مەنزىلگە يول ئالغان، ئەلۋىدا، ئاھ، ئەزىز دوستۇم، ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدىڭ،
بولۇپ تۇن قويىنىدا چاقماق، باھارنىڭ سازىنى چالغان. بىنەھەل ئايرىلىپ بىزدىن، كۆڭلىمىزنى بەتتەر قىلدىڭ.

ئۆزەڭ خۇشخۇي، كىچىك پېئىل، تەڭ قارايتتىڭ ھەممىگە، شائىرلارنىڭ سىپىدە، سەن ياخشى بىر شائىر ئىدىڭ،
گۈزەل نەزمەڭ ئۈچمەس نەقىش بولغان كۆپلەر قەلبىگە. قامىتىڭ قارىغايغا ئوخشاش، ھەر ئىشتا ماھىر ئىدىڭ.

ۋۇجۇدۇڭ باغ، ئىدى سولماس، ئىلىم - سەنئەت پىداكارى، قەلەم دۇلدۇل ئىدى، ئاشقان ئىدىڭ مۈشكۈل داۋانلارنى،
سېنىڭ ئەشئارلىرىڭنىڭ كۆپ دائىم خېرىدارى. يۇلاقتەك ساپ قەلبىڭ خۇشال قىلغان دوستۇ - يارانلارنى.

«تارىم» نى قولغا ئالغاندا، كىتابخان سېنى ئەسلەيدۇ، دەرىخا، ئايرىلىپ سەندىن، قايغۇمىز ياش بولۇپ تاشتى،
ئەجرىڭدىن سۆيۈنۈپ، چوڭقۇر سۆكۈتتە دىلنى بەزلەيدۇ. ئېسىل خىسلەتلىرىڭ ئاخىر بېھىشنىڭ ئىشىكىن ئاچتى.

تۇرسۇنئاي ھۆسىيىن

## جاپپارئەمەتكەمەرسىيە

ئاڭلىغاندا شۇم خەۋەرنى ۋۇجۇدۇمنى قۇچتى غەم، خۇددى لوتۇندەك جاسارەت كۈچكە تولغان جىسمىڭىز،
كۆزلىرىمدىن ئاقتى شەبنەم، ياقىلىرىم بولدى نەم. ئەگمىگەن باش، يەلكىڭىزنى باسىمۇ زۇلۇم - سىتەم.

بىر ئۆمۈر مۈشكۈل جاپانىڭ دولقۇنىدا ئۈزدىڭىز، خۇددى يۇلتۇزدەك چېچىپ نۇر چاقنىغان ئەشئارىڭىز،
تارتتىڭىزغۇ ئۆمرىڭىزدە بەكمۇ نۇرغۇن دەرت - ئەلەم. خۇددى خەنجەردەك ئىدى قوللاردا سىز تۇتقان قەلەم.

كەلسەرىن ھەمدە مولايىم ئىدىڭىز، بەك ئاقكۆڭۈل،
بەك ئېسىل ئىنسان ئىدىڭىز ھەر يۈرەكتە مۆھتەرەم.

ئايرىلىپ قالدۇق ۋاقىتسىز سىزدىن ئاھ ئۇستازىمىز،
نامىڭىزنى يادلىغاي خەلقىم ئەبەتكە دەممۇ - دەم.

ئاشۇرار ئارزۇيىڭىزنى ئىشقا، ياش ئەۋلادىڭىز،
ياندۇرۇپ چىراغىڭىزنى ئۆتكۈسى زوھرە ھەددەم.

مەمتىمىن بارى

## ياشايدۇ ئەل بىلەن شائىر ئەبەدى

(جاپپار ئەمەتكە مەرسىيە)

كەلگەندە تۇيۇقسىز ماتەم خەۋىرى،
تاراملاپ يامغۇردەك تۆكۈلدى يېشىم.
يۈرىكىم ئازابتا ئۆرتەندى ھايھات،
شائىرغا ھۆرمەتتە ئېگىلدى بېشىم.

ئىشەنمەي زادىلا قۇلاقلىرىمغا،
گاڭگىراپ تۇردۇممەن سوكۇتتە شۇدەم.
چۈشكەچكە ئەرشتىن بىر يۇلتۇز ئېقىپ،
ئەل - يۇرتۇم ھازىدا ئىتەكلىرى نەم.

قوشۇلدۇم ئاق باغلاپ ماتەم ئەھلىگە،
جۇر بولۇپ يۇرۇڭقاش ئۆكسۈپ يىغلىدى.
كەتسىمۇ ۋاقىتسىز شائىر خوش دېمەي،
ياشايدۇ ئەل بىلەن زادى ئۆلمىدى.

ياشلىقى، ھاياتى، زېھنى - قۇۋۋىتى،
ئەل - ۋەتەن ئىشىغا ئاتالغان ئۇنىڭ.
خەلقىنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالغان—
ئىجادى ئەجرىدە يارالغان ئۇنىڭ.

قەيسەرلىك، چىداملىق قېنىغا سىڭگەن،
پەزىلەت بابىدا چاقنىغان يۇلتۇز.
چېھرىدىن كەتمەيتتى تەبەسسۇم، كۈلكە،
شېئىرى بەئەينى خۇشپۇراق يالپۇز.

كەتسىمۇ بىۋاقىت ئارىمىزدىن ئۇ،
ياشايدۇ ئەبەدى نامى - شەرىپى.
قالدۇرغان ئۇلۇغۋار تۆھپىسى بىلەن،
يېزىلار تارىخقا ھەل بىلەن ئېتى.

ئابدۇقادىر جالالىدىن

## شائىر يېشى دۇردانە

— ئۇستازىمىز جاپپار ئەمەتكە مەرسىيە

چىراغ ئۆچسە، نۇرى قالار پەرۋانىلەردە،
نۇر ئىشقىدا ۋەيران بولغان مەردانىلەردە.
يۇلتۇز بولۇپ يالتىرايدۇ شائىرنىڭ يېشى،
دولقۇن قەھرى ئايان بولۇپ دۇردانىلەردە.

گۈزەل ھايات ھەممىمىزگە پەقەت بىر تىنىق،
ياش ئېنىق، ئۆلۈم ئەمما، ئۇنىڭدىن ئېنىق.
سۇ ئېسىدە قالار ئەجەپ شېرىن بىر سېزىم،
سۇ قەدرىنى بىلىپ ھەر چاغ ئۈزسە گەر بىلىق.

مەرسىيەلەرنىڭ تەھرىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

تۇرسۇنگۈل نىياز

# ئىككى شېئىر

## مەن ۋە سەن

ئويلايمەن ھەمىشە: «مەن قانداق بەندە»،
ئاھ، تۇرمۇش سالدىغۇ ماڭا كۆپ رەندە.
يىگىنىم ئاش ئەمەس، دۇق، تاپا - تەنە،
كەيمىدىم ياخشىسى كۆلا ھەم جەندە.

نوچىلىق، پوچىلىق، بەڭۋاشلىق سەندە،
جىنىمغا سالدىڭ گاھ ئىكەك، گاھ رەندە.
ئېيتقىنا، ئەي تەنتەك نە ئەيىپ مەندە،
ياخشىلار نەزىرىدە سەن بىر چۆپرەندە.

## قەلبىمدىكى سۆيگۈلەر

ئاھ، ئاتەش سۆيگۈمگە تويماس سۆيگۈلەر،
قەلبىمنىڭ تۆرىدە سولماس سۆيگۈلەر.
شادلىققا باشلايسەن، باغاشلايسەن ھەم،
جىسمىمدە، روھىمدا يوتمەس سۆيگۈلەر.

سۆيگۈلەر چاقنىغان كۆزلەر جۇلالىق،
ئوت سالار قەلبىمگە باقسا خۇمالىق.
ياڭراتقان ناخشامنى ئەرشكە ئاڭلىتىپ،
ئىرادەڭ قايرىلماس ئالماس سۆيگۈلەر.

تەھرىرى: **مەتقاسىم ئابدۇراخمان**

ئايگۈل ئانايەت

## سەھرا كۈيى

باسقىنىمدا سەھراغا ئاياغ،
ئەسىر قىلدى خوپ لەزىز سىزىم.
تەكرارلىنار ئىچىمدە بىر كۈي،
«گۈزەل سەھرا» دېگەن بۇ ئىسىم.

سىلىپ نەزەر بۇ كەڭ زېمىنغا،
پاندىمۇ كۆردۈمكى جەننەت.
بېغىشلىغان قاينام - تاشقىنلىق،
بۇ سەھراغا ئۆزگىچە زىننەت.

جۇلالايدۇ يېشىل دالىلار،
دولقۇن كەبى مېنى لەيلىتىپ.
ئىغاڭلايدۇ يۇمران قىياقلار،
شامال بىلەن پۇراق ھىدلىتىپ.

ئويناشىدۇ بۇدرۇق باللار،
ئېرىق بويى، تاش ئۆستەڭدە.
تاقىشىدۇ سەھرا گۈلىنى،
ئۇلار كېلىپ سىنىڭ كۆكسۈڭگە.

ئۇزاقلارغا سوزۇلغان تۇتاش،
ئاۋات كوچا، پاھ راۋان يوللار.
بۇ سەھرانى گۈللەپ ياشناتقان،
قەلبى ئاتەش، ئۇيۇرماس قوللار.

يولغا سايە تاشلار سۆگەتلەر،
زىلال سۇغا شولىلار چېچىپ.
گۈدەك باللار ئوينار شادلىنىپ،
يۇتىغىچە سۇلارنى كېچىپ.

شۇڭغۇتۇپلا ئازما ئۆستەڭگە،
سۇ ئەكىلەر سۇداندا قىزلار.
زۇلپى بوستان، لەۋدە بوياق يوق،
ساڭا سالار سۆيگۈ - ئوت تىزلا.

ئىللىق ماكان، گۈزەل سەھرايىم،
ئەسىر بولدۇم سىنىڭ مېھرىڭگە.
يەتمەس ساڭا باشقا بىر ماكان،
مەدھىيىلەيمەن ياڭراق كۈيۈمدە.

تەھرىرى: **مەتقاسىم ئابدۇراخمان**

تۇرسۇن غوجىئابدۇللا

# تۈنجۈتقان سەھرا

(ھېكايە)

دەرەخزارلىقى كۆككە بوي تارتقان، پەلەك سەھنىسىدەك گۈزەل، بۈك - باراقسانلىق بۇ كۆجۈملۈككە بىر تالاي ئائىلە يوشۇرۇنغانىدى. ئالتۇن تەختلىك قۇياش ئاسمان ئالىمىگە كۆتۈرۈلگەندە، ئۆتكۈر نۇرلىرىنى چېچىپ، كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن بۇ ئەزىز تۇپراق يۈزىدىكى جەننەتۇل پىردەۋستىن نىشان بېرىدىغان سۇلماس چىمەنلەرنى، گۈزەللىكتە ھەسرەت تۇيۇلقىنى باغى ئىرەمنىڭ كۆزىگە چاچقان گىيالىرىنى، جەننەت بوستانىنىڭ كۆكسىگە ھەيرانلىق دېغىنى قويغان ئۆستەڭ ۋە ئېرىقلىرىنى، ئەتتارلارنىڭ ئۆيلىرىدەك خۇشخۇي شامالىرىنى، ياز پەسلىنىڭ ئاپتاپ ئوقىنىڭ شىددىتىدە كۆكۈش ياپراقلىرى ئارىسىدىن باش چىقىرىپ قاپارغان، مەي باغلاپ پىشقان مەرۋايىتتەك خىل ئۈزۈملەرنى كۆزدىن كەچۈرگەن ھەر بىر كىشى، بۇ ئىستىراھەت مەيدانىدا پاراغەت بېشىنى راھەت ياستۇقىغا قويىدۇ. خىيال قۇش مەقسەت لەۋھەسىگە بۇ گۈزەل ماكانىنىڭ رەسىمىنى پەردازسىزلا چوڭايتىپ سىزىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇرات غۇنچىسى خوشلۇق چىمەنىدە ئېچىلىدۇ. ئەمما، بەزى ئادەملەرنىڭ قەلبىچۇ؟ ...

ئۇلارنىڭ كۆڭۈل بىناسى ھىلە ئاساسىغا قۇرۇلغان، راستچىللىق، ئادىللىق جامالىنى ئەگرىلىك لىباسى بىلەن ياپقانىدى. «تېشى ھاي - ھاي، ئىچى قۇي - قۇي» غەلىتە مىجەزلىك، ياۋايى تەبىئەتلىك بۇ خەقلەرنىڭ كۆڭلى ساپ جاڭگالدەك ئېلىشاڭغۇ بولۇپ، مىسكىنلەرنىڭ چېھرىگە يورۇقلۇق بېرەلمەيتتى.

بۈگۈن جۇغراپىيە ئوقۇتقۇچىسىنىڭ دەرسى بار ئىدى. مەن ئۇ كىتابنىڭ بەش كويىنى «— ئۆگۈنلۈككە ئالغاچ كېلەي»، — دەپ ۋەدە قىلغانىدىم. «— كىتاب پۇلى قېنى؟»، — دېسە خورازنىڭ تاجىسىدەك قىزىرىپ قالماي دەپ، كۈندىن كۈنگە سۈرۈن تۈيغۇ بېرىۋاتقان ئاشۇ مەكتەپكە، ئامالسىز بارماسلىق قارارىغا كەلدىم. ئېتىزدا كۈنلەپ پاختا تېرىمەن دەپ، ئاپتاپقا قاقلىنىپ كۆسەيدەك قارىداپ كەتكەن ئانام، ئاخشام كەچتە ئاتمىشقا بارماي تۈرۈپ چىرايىنى يول - يول قورۇق باسقان دادامغا:

— ئەتە ئۆيدىكى تۆت خالتا پاختىنى سېتىپ چىقسىلا، ئاز - تولا ئۆيگە تىناۋۇل قىلساق دەيمىنا، — دېدى ئېغىر ئۇھ تارتىپ.

دادامنىڭ ماقۇللۇق بىلدۈرگەنلىكىنى ئاڭلاپ، يۈرىكىم شوخلۇق بىلەن ئويناپ كەتتى. «دادامنىڭ مەرتلىكى تۇتۇپ، پاختا پۇلىدىن شۇ ئىككى پەن ئوقۇتقۇچىسىنىڭ كىتاب پۇلىغا چۇشلۇق بەرسە ...» دېگەن ئۈمىدتە.

ئەتىسى ئوقۇتقۇچىدىن يالغاندىن رۇخسەت سوراپ، دادام بىلەن پاختا ئۈستىدە ئولتۇرۇپ سۇر بوز ئېشەكنى بولۇشىغىچە چاپتۇرۇپ، پاختا سېتىۋېلىش پونكىتىغا يۈرۈپ كەتتۇق. پونكىتقا

يېتىپ كىرگەندە دادام كەڭ ھەم ئۇزۇن بىر مەيدانغا پرىيومىلاتقۇزۇش ئۈچۈن پاختىنىڭ ھەممىسىنى تۆكۈپ يايدى. پونكىت ئىچى ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغانىدى. ئاسمان گۈمبىزىنى بىرەرى سۈرتۈپ تۇرۇۋاتقاندەك، ئەينەكتەك چاقنايتتى. زېمىنغا بىمالال چېچىلىۋاتقان كۈننىڭ ئۆتكۈر نۇرى دۈمبەمنى كۆيدۈرەتتى. باللىق ئاياللار بوۋاقىغا ئىسسىق ئۆتكۈزۈپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ، سايىلاردا ئولتۇرۇشاتتى. دېھقانلار تەرەپ - تەرەپتە پاختىنىڭ جاپاسى ھەققىدە مۇڭ تۆكۈشكەچ، قاققا ئوخشاش سولاشقان چىرايلىرىدىكى مۇنچاقتەك تەرلىرىنى سۈرتۈشكەچ پرىيومچىلارنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتىدى.

— خۇداغا شۈكرى، ئەنە پرىيومچىلار چىقتى، دېدى پاختىكار دېھقاندىن بىرى شاتلىنىپ. مەن ھەيران بولۇپ قاراپ قالدىم. جەڭدە قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ شاق قايتىپ كەلگەن جەڭچىدەك كۆكسىنى تۈز تۇتۇپ، گىدىيىپ كېلىۋاتقان پرىيومچىلارنى بىر نەچچە سالاپەتلىككەلەر ئارىغا ئېلىپ كەلمەكتىدى. بىر ھاجىم چىراي مويسىپىت كىشى ئوتتۇرا بويلۇق ياش بىر پرىيومچىنىڭ قولىقىغا يېقىن كېلىپ بىر نېمىلەرنى دېدى-دە، ئۇنى تۆگىنى يېتىلىگەندەكلا كەينىگە سېلىپ، ئاغزى بوغۇقلۇق بىر نەچچە خالتا پاختىنى ئىشارەت قىلىپ قويدى. مەن بوز خالتىلارنىڭ ئاستىنقى تەرەپلىرىدىن سۇ تامچىلىرىنىڭ تەپچىۋاتقانلىقىغا قاراپ بارمىقىمنى ئىختىيارسىز چىشلەپ سالدىم. پرىيومچى يىگىت ئۇ «پەن» لەشنىي كۆرمەسكە سېلىپ، پاختا سېتىۋېلىش ھۆججىتىگە بىر نېمىلەرنى يېزىپ بولۇپ كۆرسەتتى-دە، ھېلىقى ھاجىم چىراي مويسىپىتنى كۆلدۈرۈۋېتىپ كېتىپ قالدى. باشقا پرىيومچىلارمۇ ئاللىقاچان يۈزلۈكلەرنىڭ ئىتائەتچىسىگە ئايلىنىپ كەتكەن بولۇپ، شۇلارنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىش بېجىرمەكتە ئىدى.

— ئۇلار شۇنچە جىق ئەل - كۈن ئالدىدا ئۇۋا قىلمايدىكەن-يا؟ توۋا، ئۇلار نومۇس قىلىشنى بىلمەمدۇ زادى؟ بۇ دۆلەتكە خىيانەت قىلغانلىق، بۇ دۆۋىنى - دۆۋىگە يىغقانلىق، تونۇشلۇقى يوق كۆپ سانلىق دېھقاننىڭ رىسقىنى شۇ قەلەم ئارقىلىق قىرىپ، ئۇلارنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن شۇلۇپ، بېيىش ئورنىغا تېخىمۇ نامراتلاشتۇرغانلىق ئەمەسمۇ؟ بۇ «قەلەم بىچارە، موللا ئىستارە» دېگەنلىك، شەخسىي غەرەز ئارىلاشتۇرۇپ، ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتقانلىق ئەمەسمۇ؟!

بۇ غەلىتە مۇناسىۋەتلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر جۈپ كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ ئولگۇرەلمەي، يالاڭباش، ئۇزۇن بوي، چىرايى قارامتۇل 38 ياشلاردىكى پرىيومچىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭدىم.

— ئەنە ئاۋۇ تام تۈۋىدە قىزىم باشپىغىنى تۇتۇپ ئولتۇرغان پاقلاننى سىلىگە ئاتاپ ئېلىپ كەلدىم.

— كاۋاپ ئېتىشكە يارامدۇ؟

— يارىمامدىغان، تېخى ئەمچەكتىن ئايرىلمىغان، تولۇمدەك ئىتى بار دېسىلە.

— ھىم!...

ھېلىقى پرىيومچى ئاق پىشماق، ئوتتۇرا بوي، سېمىز كەلگەن بۇ كىشىگە باش لىڭشىتىپ كۆلۈمسىرىدى - دە، ئالدىدىكى تۆت خالتا تۆۋەن سورتلۇق نەم پاختىنى تۇتۇپمۇ كۆرمەستىن سورىدى:

— قانچە خالتا، ياكى مۇشىلمۇ؟

— 42 خالتا.

— قالغىنىچۇ؟

— ئەنە ئاۋۇ شۆپەكنىڭ كوزۇپدا.

ئۇ كىشى كىچىك تراكتورنىڭ كوزۇپىدىكى پاختىنى قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ كۆرسەتتى.

— بوپتۇ، بىرىنچىگە يازدىم ئەمىسە، ئىسىملىرى ...

— ھە، ئىسمىم كامال كۆنمەك.

— نېمە، «كۆنمەك» دېگەن بىر شەھەرنىڭ ئىسمى ئەمەسمۇ؟

— شۇنداق، بىلمەيلا، مەن كۆنمەكتە ئۈزۈم تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان لوبەن، ھېچكىم ئۈزۈم ئاپارماستا ئۈزۈم يۆتكەپ ئاپىرىپ، خەنزۇلارغا شىنجاڭ ئۈزۈمىنى داڭ كەتكۈدەك تونۇشتۇرۇپ ئېغىز تەككۈزگەنىدىم، ئىككى قاتناپ لۆممىدە بېيىپ قالدىم. تىجارەت دائىرەم كۆنمەك ئىچىنى چىپ ئالدى. شۇڭا تۇغقانلىرىم شۇنداق ئاتاشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن. تۇرپاندىن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمغا 50 توننا ئۈزۈم سېلىۋېتىپ چىققان ئىدىم، پات - يېقىندا كۆنمەككە قاراپ ئۇچىمەن.

— مۇنداق دېسىلە، پۇل تېپىشقا تاغدەك يۈرەكلىرى بار ئىكەن - دە.

— شۇنداق بولمامدىغان، ھازىر ئېپى بارلار پۇل تاپار، ئېپى يوقلار ئاچ قالار، «پۇلى بارنىڭ گېپى ئوڭ، پۇلى يوقنىڭ گېپى توڭ» بولۇۋاتامدۇ؟

— توغرا، توغرا دېدىلە، ھە - راست، تىجارەت توغرىلىق خۇسۇسىي بىر ئىشىم بار ئىدى، ھېلى كۆرۈشسەك قانداق؟

— بىراق مەن بەك ئالدىراش.

— قانداق زۆرۈر ئىشلىرى بار ئىدى؟

— ئاۋۇ قىزىم پاقلاننى ئۆزى يالغۇز ئۆيگە ئېلىپ كېتەلمەسمىكىن؟!

— نېمە، پاقلاننى...

پرىيومچىنىڭ شۇ ھامان دېمى ئىچىگە چۈشۈپ، چىرايى تاتىرىپ كەتتى. كامال كۆنمەكنىڭ ھەييارلىقىغا قاتتىق نەپرەتلەنگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ پاختىسىنى پرىيوملاپ بولغانلىقىنى تېز ئېسىگە ئېلىپ، چاندۇرماي ماڭدى. ئۇ بەش قەدەم ئالا - ئالمايلا ئۇزۇن بوي، سېرىق چىراي 30 ياشلاردىكى بىرسى ئۇنىڭ بېقىنىنى يېنىك نوقۇۋىدى، پرىيومچى ئۇنىڭغا لەپپىدە قاراپ، چىرايىدىن شادلىق نۇرلىرىنى چاقنىتىۋەتتى.

— قانداق ئەھۋالىڭ پاختىكار ئاغىنە، بۈگۈن تالىيىڭ ئوڭدىن كەلگەن ئوخشىمامدۇ؟

— تۈنۈگۈن سېنى بىزنىڭ كەنتتىكى ئىككى دېھقان راسا تىللاپ چىقتى. بۇنىڭ پايدىسى ماڭا بولدى دېگىنە. دېھقانلار سەندىن رەنجىسە، ماڭا ئەمەك بولىدۇ ئەمەسمۇ!

— ئىزانى مەن ئاڭلىسام، نەپنى سەن ئالساڭ ... قانداق تەڭشەلمىگەن جاھان بۇ!

— تىل دېگەن يەل، ئۇچۇپ كېتىدۇ، ئاداش چىداپ تۇر، مەن كۆپرەك پاختا ئېلىپ، پايدىسىدىن بىر ئۈلۈش بېرىپ كۆڭلۈڭنى خوش قىلمىسام ھېساب ئەمەس!

پرىيومچى ئۇنىڭغا مەنىلىك قارىۋالغاندىن كېيىن، قاپىقىنى سوزۇپ كولۇمسىرىدى.

— بۈگۈنمۇ پاختا ئەكىرگەن ئوخشىمامسەن؟

— مەن بىكار تەلەت ئادەم ئەمەستە، تولا كاشىلا قىلماي تېزراق بىر نەرسە يېزىۋەتسەڭچۇ؟

— ۋاي - ۋۇي نېمانچە چاققان ئادەمسەن، ئىككى كۈن ئىچىدە بىر كوزۇپ پاختا سېتىۋاپسەن، قانچە يۈەندىن ئالدىڭ؟

— تۆت كوي بەش مو.

پرىيومچى مەنىلىك كۆز قىسىپ قويۇپ، دەرىجە بىرلىكىنى كۆرسىتىپ قويۇپ مېڭىشقا تەمشىلىۋىدى، ئارقىدىنلا شەرتلەپ توختاتتى-دە، پەسرەك ئاۋازدا دېدى:

— ئاۋۇ ئاخۇنوم بىزنىڭ ئەترەتنىڭ ئىمامى، يازلىق تەلپەك كىيىۋالغىنى بولسا، بۇرۇن بىزنىڭ قوتاننى ھەق ئالماي ئېتىپ بەرگەن ياغاچچى، ئۇنىڭ يېنىدىكى باجامنىڭ باجىسى، ئاۋۇ مەن

بىلەن بىر مەھەللىلىك تۇخۇمچى ، ئىماۋۇ ئىسكەتسىز ، مايماق شەپكە كىيىۋالغىنى ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرىمىش . شىياۋدۇيجاڭچىلىك ئىناۋىتى بولسا كاشكى ، نېمە دەپ قۇرۇق نام ئالار ئىدىكى ، ئۇ قۇرۇق سوزمەن بىلەن كارىم نېمە ؟ ... يېنىدا تۇرغان يازلىق تەلپەك كىيىۋالغان قارا ساقال ئادەمنى كۆردۇڭمۇ ؟ ... ھە ، ئۇ دېگەن بىزنىڭ شىياۋدۇينىڭ ئورمانچىسى ، ئەتىيازدا كوللېكتىپنىڭ ئورمانلىقىدىن ئۈچ دانە ياغاچنى كېسىپ بەرگەن . ئۇنىڭ بىلەن تارراق بولسىمۇ ئۆزۈم ئاسىدىغان بىر ئېغىز ئۆي سالدۇرۇۋالدىم . مەن كۆرسەتكەنلەرنى كۆرۈۋالدىڭمۇ ، ئۇلارنىڭ پاختىسىنى يۇقىرى باھادا ئالمىساڭ بولمايدۇ .

پرىيومچى باش لىڭشتىپ ماقۇللۇق بىلدۇردى -دە ماڭدى . ئەڭ ئەۋۋەل يوغان سەللىلىك ئاخۇنۇمنىڭ پاختىسى يېنىدا توختىدى . بىر مەھەلدىن كېيىن نۆۋەت بىزگە كەلدى . ھېلىقى يالاڭباش ، قارامتۇل پرىيومچى ئاپتاپقا قاقلىنىپ ، قاقشال قوزۇقتەك ئولتۇرغان دادامنىڭ يېنىغا كېلىپ ئېڭىشتى - دە ، بىر تۇتام پاختىنى سىقىمداپ كۆردى .

— بۇ پاختا بەك ھۆلكەن ، ئۇچىنچى ، — دەپ تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ يۈزىنى پۈرۈشتۇردى-دە ، بېشىنى كۆتۈرمەي بىر نېمىلەرنى يازغىلى تۇردى .

— ئىنساپ قىلسىلىچا ئۇكام ، بۇ ساپ پىشقان مويلىق پاختا تۇرسا ، كەم دېدىلە ، مەن چىشىم چىقىپ شەبنەم چۈشكەن پاختىدىن تەرگىنىم ئېسىمدە يوق .

— نېمە دەيسەن ، قانمىساڭ باشقا بىرىگە پرىيوملاتقۇز ، مەن ھەر قاچان ئادىل ئىش بېجىرىمەن . پاختىنىڭ ھالى شۇ تۇرسا ، يۇقىرى باھادا ئالسام دۆلەتكە زىيان ئەمەسمۇ ؟

بىر يۇمىلىنىپلا ئۆزگىرىپ بىزنىڭ پاختىدىن قەستەن ئەيىب تېپىپ ، قائىدە - نىزامنى ئىجرا قىلىش تەرەپدارىغا ئۆتۈۋالغان بۇ پرىيومچىغا غەزىپىم قايناپ تاشتى . شۇنداق بولسىمۇ ئۆزەمنى بېسىۋېلىپ :

— ئوبدانىراق كۆرۈپ ئېلىڭ ئاكا ، بىز دېھقان خەقكە زىيان بولسىمۇ بولماس . قەيەردىندۇ بايىقى سەللىلىك ئاخۇنۇم باشچىلىقىدىكى بىر نەچچە كىشى مىژژىدە چۇلغاشتى-دە ، ئاخۇنۇم ھەممىنىڭ كۆڭلىدىكىنى ئىزھار قىلىپ دېدى :

— بۇلار تاش ، بىز ياڭاق ، نەدىمۇ تاش بىلەن ياڭاقنىڭ تەڭ بولغىنى بار ، باھاسى تۆۋەن بولسىمۇ پرىيوملاپ بەرگىنىگە مىڭ رەھمەت ئېيتساق بولىدۇ .

ئاخۇنۇمنىڭ سۆزىدىن ئەي تارتىپ ، روھىي جەھەتتىن بېشى ئاسمانغا تاقاشقان پرىيومچى گېدەيگىنىچە كېتىپ قالدى . شۇ ھامان يۈرىكىم «قارت ! ...» قىلىپ دەرەختىن يەرگە چۈشكەن ئالمىدەك زايا بولدى-دە ، يوپيورۇق جاھان كۆزۈمگە قاراڭغۇلۇق بىلىندى . كۆزۈمدىن ئىختىيارسىز ياش قويۇلدى . داداممۇ ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن ئىزا تارتقان چېغى ، يەرگە تېمىپ كېتەي دەپ قالغان كۆز يېشىنى كۆڭلىكىنىڭ يېڭى بىلەن سۈرتىۋەتتى - دە ، خالتىغا پاختىنى قاچىلاشقا تۇتۇندى . دادامغا قاراپ ئىچىم تېخىمۇ سىرىلىپ كەتتى . ئىچىمدە ئۇنىسىز خىتاب قىلدىم : «ئادىل نۇشىرۋاندەك خەلق سۆيۈپ سايلىغان ، يوپۇق يېپىش ، چىگىت تىكىش مەزگىلىدە ئېتىزمۇ - ئېتىز تەكشۈرۈش قىلغان ، نۇرغۇن نىسىي ۋەدىلەرنى بەرگەن خەلقپەرۋەر ھاكىملار قېنى ؟ پاختىكار دېھقانلارنى بېيىتىمىز ، ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزىمىز دەپ جار - جار توۋلىغان شۇجى ، يېزا باشلىقى قېنى ؟ دېھقانلارنى باھادا گوللىغان ئىشەنچلىك ئوچۇرچى مۇدىر - لىدىر قېنى ؟ تىلى باشقا ، دىلى باشقا كەنت باشلىقى ، گورۇپپا باشلىقى قېنى ؟ ئۇلار چالا

ساۋات، ھېزىم بوزەك دېھقانلارنى چۈشىدە خورەك تارتىپ باي قىلامدۇ؟ بېكىنمىلىك بىلەن ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزەمدۇ؟ ئۇلارنىڭ مەركەز بىلەن بىردەك مەيدانى، خەلق سۆيەرلىكى قېنى؟ ئەجەبا دېھقانىنىڭ مەنپەئەتى، دۆلەتنىڭ مەنپەئەتى زىيانغا ئۇچرىسا، قۇلاق يوپۇرسا بولامدۇ؟ دادامغا ئوخشاش كېچە - كۈندۈز تەبىئەت بىلەن جەڭ قىلىپ، پۇشتەك موللاق ئېتىۋاتقان، ھارغىن چىراي يۈرۈۋاتقان شۇ جاپاكەشلەرنى پرىيومچىغا ئوخشاشلار ئۇششۇك ھەرىسىدەك چېقىۋالسا ئۇۋال بولمامدۇ؟

مەن قاققان قوزۇقتەك ئورنۇمدىلا تۇرۇپ قاپتىمەن. دادام پاختىنى ئۆتكۈزۈپ بولۇپتۇ. ئۇ مېنى شەرەتلەپ چاقىرىۋالدى. بىز ھېسابات بۆلۈمىگە بېرىپ توختىدۇق. تار بىر ئۆيدە بانكىدىن بىر خادىم، كەنتىمىزدىن بوغالتىر بىلەن كاسسىر دېھقانلاردىن ئېلىشقا تېگىشلىك تۈرلۈك قەرز ۋە فوندى پۇللارنى ھېسابلاپ، پاختا پۇلىدىن تۇتۇۋېلىشقا ئولتۇرغانىدى. دادامنىڭ ئىسمىنى چاقىرغاندىن كېيىن، بانكا خادىمى خىمىيىۋى ئوغۇت بىلەن سولياۋ يوپۇق ئۈچۈن 323 يۈەن قەرز پۇلنى تۇتۇۋېلىپ، سېرىق ھۆججەتتىن بىرنى سۇنۇپ بەردى. ئارقىدىنلا بوغالتىرنىڭ بوم ئاۋازى ئاڭلاندى:

— 40 جىڭ قوناق ئۇرۇقى، 57 جىڭ چىگىت ئۇرۇقى ئالغان، شۇنداقمۇ؟ — دادامنىڭ چىرايى شۇ ھامان تاتىرىپ كەتتى.

— توۋا دېسىلە، مەن يىگىرمە جىڭ قوناق ئۇرۇقى، 17 جىڭ چىگىت ئۇرۇقى قەرز ئالغان تۇرسام، ئۇ دەپتەردە تۇرۇپ تۆۋلىدىمۇ قانداق؟

— تۆۋلىدىمۇ دەمسىز، مانا بۇ دەپتەردە رەقەملەر ئېنىق يېزىقلىق تۇرمامدۇ؟ — بوغالتىر زەردە بىلەن توۋلىغان ئىدى ئۆي ئىچى تىترىگەندەك بىلىندى. قەيەردىندۇ بىر دېھقان ئاستا دادامنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— كادىر بىلەن تاكاللاشساق ئوبدان ئەمەس، نېمە دېسە ماقۇل دېسىلە، ئۆتۈۋالىمىز.

— ھە، ئۆتۈۋالغۇدەكمەن، پاختا پۇلىنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇلارغا ئۆتكۈزۈۋەتكۈدەكمەن.

بوغالتىر بايىقىدىن پەسرەك ئاۋازدا ھېلىقى نەسىھەتچى دېھقانغا قاراپ دېدى:

— ھۆكۈمەت سىلەرنى باي بولۇۋالسۇن دەپ سېخىيلارچە قەرز بەرسە، ئارقىدىنلا تانساڭلار بولامدۇ؟

— مېنىڭ ھۆكۈمەتتىن قىلچە ئاغرىنىشىم يوق، قانۇن، سىياسەت يۇقىرىدىن سۈپسۈزۈك سۇدەك ئېقىپ كەلسە، بۇ تۆۋەنگە كەلگەندە لېيىتىپ بېلىق تۇتماقچى بولسىلەر ئەمەسمۇ بەگلىرىم!

— نېمە دەپ جۆيلۈيسەن؟ ساڭا مەن نېمە قىلدىم، پاكىتىڭ بولسا چىقارمامسەن؟، — بوغالتىر ئورنىدىن چاچراپ قوپۇۋىدى، يېنىدىكى كاسسىر ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ ئولتۇرغۇزدى. دادامنىڭ ساۋادى ئېچىلىپ قالغان چېغى، ئۇ يەنە پەرۋاسىزلا:

— پاكىت دەمسەن، بۇرۇنقىسىنى قويۇپ ھازىرقى ئۈچ ئاي ئالدىدىكى مۇشۇ قوناق ئۇرۇقىنى تىلغا ئالاي، كەنت بويىچە پۈتۈن يەرگە تېگى سېنىڭ قازنىقىڭدىكى، تېگى ئۇرۇقچىلىق شىركىتىدىكى قوناق ئۇرۇقى ئۈنۈپ، ئېگىز - پەس بولۇپ تەڭلەپ تۇغ چۈشۈپ كەتتى، بۇنىڭ مەسئۇلىيىتى سەندە. مانا بۇ پاكىت بولماي نېمە؟

— ھۇ ئاناڭنى، قازنىقىمدا ئۇرۇق چىقىرىدىغان زاۋۇتۇم بارمىدى مېنىڭ، شۇ زاخو ئۇرۇق چىقارغان شىركەتكە بېرىپ دېگىن. مەن پەقەتلا ھۆكۈمەتنىڭ ئەۋەتكىنىنى تەقسىملەپ بەردىم، شۇ!

بوغالتىر غەزەپتىن تىترەپ كەتكەنىدى.

دادامنىڭ ھەق سۆزى، ئۇنىڭ نەق يېغىرىنى ئېچىۋەتكەندى. ئۇ ھەر يىلى دېگۈدەك قەلەم تۇتۇش ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ سورتسىز قوناقلىرىنى شىركەتتىن يۆتكەپ كېلىنگەن سورتلۇق قوناقلارغا ئارىلاشتۇرۇپ، ھەر جىڭىنى ئۈچ يۈەندىن شىركەت باھاسىدا ھېسابلاپ دېھقانلارغا تېڭىپ ساتاتتى. قانۇنلۇق باج - سېلىقلارنى ئۆز خاھىشىچە ئاۋۇتۇپ، شەخسىي خەزىنە قۇرۇپ، بىر يۈرۈش چىرايلىق 10 ئېغىز ئۆي سېلىۋالغان، شەخسىي ئاپتوبۇستىنمۇ بىرنى سېتىۋېلىپ كىراغا سالغانىدى.

نەسىھەتچىلەر كۆپىيىپ دادامغا: «— ئۇلار تاش، بىز ياڭاق، ئۇلار گۆش - ياغ، بىز پىياز» دېيىشىپ، ھەر قانچە پاكىت سۆزلەپمۇ ئۇ يىلتىزى چوڭقۇر بوغالتىرغا ئاجىز كېلىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ قويۇشتى. بوغالتىر ئۇرۇقلۇق پۇللىرىنى ھېسابلىۋىدى، پاختا پۇلىنىڭ بانكا قەرزىدىن ئاشقان قىسمىنىڭ ھەممىسى كېتىپ، چىگىت ئۇرۇقىدىن ئون جىڭنىڭ پۇلى كېلەر قېتىم پاختا ئەكىرگەندە تۇتۇپ قېلىنىدىغان بولۇپ، ھۆججەت يېزىپ بەردى. تېخى سۇ ھەققى، مائارىپ فوندى، مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىغا ئەزا بولۇش ھەققى، ئۆمۈر سۇغۇرتىسىغا ئەزا بولۇش ھەققى، تال بېجى، چارۋا بېجى، يەر پۇلى، تۇرلۇك كىنىشكا پۇلى، ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلارغا ئىئانە پۇلى، ئوتلاق پۇلى، سۇ ئىسراپچىلىقى جەرىمانىسى، زىرائەت پەرۋىش جەرىمانىسى، ئائىلە ئوغۇتى توپلاش جەرىمانىسى، زىيانداش كىرپە تۇتۇپ تاپشۇرۇش جەرىمانىسى، يازلىق پىلە مەھسۇلاتىنى كېمەيتكەنلىك جەرىمانىسى ... قاتارلىق بىر تالاي ئالغۇلۇقلارنى قوشۇپ تۇتۇۋالىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ قويدى.

مەن دېھقان بولۇشنىڭ ھەقىقەتەنمۇ تەسلىكىنى تونۇپ يەتتىم. ئۆمرىنىڭ تولىسىنى دېھقانچىلىق بىلەن ئۆتكۈزگەن بىچارە دادامغا قاراپ، ھەسرەت ئىچىدە ئىچىم كۆيۈشكە باشلىدى. ئۇ كۆزۈمگە بەك ئالىيجاناب، مۆتىۋەر كۆرۈندى. ئۇ مۇشۇ جاپا بىلەن مېنى بېقىپ قاتارغا قوشقانىدى. مەن ئەقلىمگە كەلگەندىن بېرى ئۇنىڭ بىر مىنۇتمۇ ئارام ئالمىغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ كېلىۋاتاتتىم. ئۇ كېچىلىرىمۇ تىرىكلاپ، تۈزۈك ئۇخلىمايتتى. مېنىڭ تاماخور كۆڭلۈم جىمىپلا كەتتى. دادامنىڭ يانچۇقى ئەۋۋەلقىدەك قۇپقۇرۇق ئىدى. ئەمدى قانداقلارچە مەرتلىكى تۇتسۇن؟ مەن كىتاب پۇلى تەڭلىكىدىن دادامنىڭ كەينىدىن ماراپ كىرگەن ئەمەسمىدىم، نېمىلەرنى كۆردۈم، نېمىلەرنى ئاڭلىدىم؟... يىراق - يىراقلارغا كۆزۈمنى تىكتىم. تىنىقىمغا بۇ سەھرانىڭ ھاۋاسى كەملىك قىلىۋاتقاندەك، نەپەسىم قىستاپ كەتتى. سەھرا چۆلدەرەپ قالغاندەك مەنىسىز تۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئەمما يۈرىكىم «ۋەتىنىم» دەپ سوقاتتى. تومۇرلىرىمدىكى ئېقىۋاتقان قانلىرىممۇ شۇنداق دەپ ئۈنسىز خىتاب قىلاتتى. پىكىر - خىيالىم، كۆزۈم — غايىۋى گۈزەللىككە تەلپۈنەتتى.

توغرا، كۆزۈم ھەقنى — بەزى ئادەملەرنىڭ بولمىغۇر قىلمىشلىرىنى كۆرۈپ ئۈلگۈرگەن، مۇھەببەت - نەپرىتىمنى ئايرىپ بەرگەن ئەمەسمىدى؟

تەھرىرى: مەتسېلىم مەتقاسىم

شىن خوڭ

# ياز مەۋسۇمىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر تال ئەتىرگۈل

(ھېكايە)

خەيبىن ئايرودرومى، بۇ ئىن 747 تىپلىق يولۇچىلار ئايروپىلانى ئاستا پەسلىمەكتە.

خوڭ يې ئايروپىلان ئىشىكىدىن خۇشچىراي ھالدا چىقىپ تېز - تېز پەسلىدى. ۋاھالەنكى، چىقىش ئېغىزىغا كەلگەندە ئۇ ئەتراپقا ھەر قانچە سەپ سالغان بولسىمۇ، ئۆزى كېچە - كۈندۈز كۆرۈشنى ياد ئېتىپ كەلگەن ھېلىقى كىچىك قىزنى تاپالمىدى.

خوڭ يې خېلى ئىزتىراپتا قالدى. ئاخىرى خەتتىكى ئادرېس بويىچە قىزنى ئىزلەش قارارىغا كەلدى.

بۇ تولىمۇ كونا، ئەتراپى ئەتىرگۈل بىلەن قاپلانغان چوڭ ئولتۇراق قورۇ ئىدى. ئىشىك سىرتىدا خوڭ يې ناھايىتى ھاياجانلاندى. چۈنكى ئۇ ھېلىقى سەبى، بىغۇبار قىزنى، ئۆزىگە ھايات كۆچۈرۈش جاسارىتى بەرگەن ئاشۇ قىزنى كۆرۈش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئىشىك قوڭغۇرىقىنى باستى. ئىشىكنى ئوتتۇرا ياشلاردىكى بىر ئايال ئاچتى. ئۇ كۆز ئالدىدىكى بۇ چەتئەللىككە قىزىقىسىنغان ھەم تەئەججۇپلەنگەن ھالدا:

— كىمنى ئىزدەيسىز؟ — دېدى. خوڭ يې ئەدەب بىلەن تازىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن:

— كەچۈرىسىز، مالال قىلمىدىغان بولدۇم، مېنىڭ ياپونىيەدىن كېلىشىم ئىدى، شا فامىلىلىك بىر قىزچاقنى ئىزدەيتتىم، — دېدى. راۋان خەنزۇ تىلى بىلەن ئايال باش چايقاپ تۇرۇپ:

— بۇ يەردە ئۇنداق قىز يوق، — دېدى.

خوڭ يې ئەجەبلەنگەن ھالدا:

— بۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ ئۇنىڭ خېتىدە

مۇشۇ ئادرېس ئېنىق يېزىلغان تۇرسا، — دېدى.

— ئۇنىڭ ئىسمى نېمە ئىدى؟

— شاچاڭۋېي.

— بۇ يەردە شا فامىلىلىك بىرلا ئايال تۇرىدۇ. تېخى ئىككى يىل ئىلگىرى كۆچۈپ كەلگەنىدى، — دېدى ئايال باش چايقاپ قويۇپ. خوڭ يې تاقەتسىزلىك بىلەن سورىدى:

— ئەمىسە بۇ ئايال نەدە؟

— يوق، كاماندىروپكىغا چىقىپ كەتتى.

خوڭ يې تەڭسىز شۈبھى بىلەن قايتتى.

گۇگۇم، كەچكى قۇياش قان رەڭگىدە تاۋلىنىدۇ: قەدىمىي بوتخانىدا سانسىزلىغان ئەتىرلەر ئېچىلغان، ئەمما ئۇنىڭ كۆپ قىسمى سولغانىدى. خوڭ يې ئاشۇ سولغان ئەتىرلەر ئىچىدە ئىزتىراپتا قالغانىدى.

ئىككى يىل ئىلگىرى خىڭبىن دوختۇرخانىسى ئۇنىڭغا راك دەپ دىئاگنوز قويغانىدى. بۇ تېخى ئەمدىلا خىڭبىن ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكولتېتىنىڭ پروفېسسورلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن خوڭ يېگە نىسبەتەن ئىنتايىن دەھشەت بولدى. ئۇ ئەمدىلا تېخى ھايات مۇساپىسىنىڭ ئوتتۇز بەشىنچى بېكىتىدىن ئۆتكەنىدى. ئۇ ئۆز ئۆمرىنىڭ ئاز قالغانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە شۇ ۋەجىدىن جۇڭگوغا كېلىپ بىر ئارماننى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولدى. ئۇ بىر جۈپ نەپىس قەدىمىي فار - فۇز لوڭقىنى خەيبىن شەھەرلىك مۇزېينىڭ باشلىقىغا سوڭغاندا ئۇ

چەتئەل ئەدەبىياتىدىن

— بۇ ئاتامنىڭ ياپون ئارمىيىسىگە ئەگىشىپ، جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلغان ۋاقتىدا قولغا چۈشۈرگەن لوڭقىسى ئىدى. شۇنىڭدىن بېرى ئاتام ھەر قېتىم بۇ لوڭقىغا قارىغىنىدا، قەلبى پۇشايمان ئوتىدا ئۆرتەندى. ئاتامنىڭ قوللىرى جۇڭگو خەلقىنىڭ قان داغلىرى بىلەن بويالغاچقا، نومۇس كۈچى بىلەن جۇڭگوغا كېلەلمىگەندى. ئاتام كۆز يۇمۇش ئالدىدا، ئۇشبۇ لوڭقىنى قانداقلا بولمىسۇن چوقۇم جۇڭگوغا قايتۇرۇپ بېرىشىمنى ھەم بۇنىڭ ئۈچۈن ئەپۇ سورۇشۇمنى جېكىلىگەندى، — دېدى. خوڭ يې لوڭقىنى تاپشۇرۇپ بېرىپ يەنە مۇشۇ بۇتخانىغا كېلىپ، بۇتساتۋا ئالدىدا يۈكۈنۈپ تۇرۇپ، ئاتىسىنىڭ گۇناھىنى تىلىۋالغانىدى.

ياز مەۋسۇمى بۇتخانىدىكى ئەتىرلەر سولۇشۇشقا باشلىغان، يەر يۈزى گۈل بەرگى بىلەن تولغان. بۇ مەنزىرىدىن خوڭ يې يەنە ئۆز تەقدىرىنى ئويلىغان ھەم ئازاب ئىچىدە ياش تۆككەنىدى.

— تاغا، نېمە ئۈچۈن ھەسرەت چېكىسىز؟

ئۇ بۇرۇلۇپ ئون ئۈچ، ئون تۆت ياشلاردىكى بىر قىزچاقنى كۆردى. قىزنىڭ بىر جۈپ يوغان كۆزلىرى نۇرلۇق ئىدى. قىزغۇچ يۈزلىرى بولسا گويا گۈزەل بىر چۆچەكنى زىكرى قىلىۋاتقاندەك ئىدى. قىز خوڭ يېگە تولىمۇ سۆيۈملۈك بىلىندى. ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن ھەسرەتلىنىدىغانلىقىنى قىزغا چۈشەندۈرۈشكە ئامالسىز ئىدى. ئۇ قىزنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— ئىسمىڭىز نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— شاچاڭۋېي.

— چاڭۋېي (ئەتىرگۈل)، ئەجەب چىرايلىق ئىسمىكىنا.

— تاغا، يىغلاپسىزغۇ؟ نېمە ئۈچۈن ھەسرەت چېكىسىز؟

— مۇشۇ سولغان گۈللەرنى كۆرۈپ بولالمىدۇ، نېمە دېگەن ئەپسۇسلىنارلىق ئىش-ھە!

— كېرەك يوق تاغا، گۈل سولسا كېلەر يىلى يەنە ئېچىلىۋېرىدۇ.

— ئەمما بۇ يەردىن كېتىپ قالسام-دە، ئىككىنچى كۆرەلمەيمەن، — خوڭ يې توساتتىن قىزنى باغرىغا مەھكەم باستى.

— تاغا ئۆيىڭىز نەدە؟

— ئۆيۈم ناھايىتى يىراقتىكى ياپونىيىدە، قىزچاق.

شاچاڭۋېي بىر نەرسىنى ئويلانغاندەك تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن:

— تاغا، كېيىن يەنە كېلەمسىز؟ — دەپ سورىدى. قىز خوڭ يېنىڭ جاۋابىنى كۈتمەستىنلا يەنە سورىدى، — تاغا ئەگەر يەنە كەلسىڭىز مەن سىزگە چوقۇم مەڭگۈ سولماس ئەتىرگۈلدىن بىرنى سوۋغا قىلاتتىم، — خوڭ يې قاتتىق تەسىرلەندى. ئۇ:

— كېلىمەن، چوقۇم كېلىمەن، — دېدى. ئۇ شاچاڭۋېيگە بىر ئىسىم كارتوچكىسى بەردى.

دۆلىتىگە قايتىپ ئۈچ ئايدىن كېيىن خوڭ يېنىڭ كېسىلى يامانلىشىپ كەتتى. بۇ چاغدا ئۇ شاچاڭۋېينىڭ تۇنجى پارچە خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالدى. خەت تولىمۇ ئاددى، پەقەت بىر قانچە قۇرلا ئىدى:

«خوڭ يې تاغا، ياخشىمۇ سىز! مەن يولىڭىزغا، سىزنىڭ جۇڭگوغا كېلىشىڭىزگە كۈندە تەلمۈرىمەن. ئەگەر بىر كۈنلەردە جۇڭگوغا كەلسىڭىز، مەن سىزگە بىر سولماس ئەتىرگۈل سوۋغا قىلىپ، ۋەدەمنى ئەمەلگە ئاشۇراتتىم.

شاچاڭۋېي»

خوڭ يې بۇ سەممىي جۇڭگو قىزىدىن يەنە تەسىرلىنىپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى. ئۇ خەت يېزىپ قىزغا ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتىپ، ئۆزىنىڭ جۇڭگوغا ئەمدى بارالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئويلىمىغان يەردە ئۇ ھەپتىدىن كېيىن، شاچاڭۋېينىڭ يەنە بىر پارچە تېز پوچتا يوللانمىسىنى تاپشۇرۇپ ئالدى. خەتتە ئۇنىڭ قەيسىرانە ھالدا كېسەل بىلەن كۈرەش قىلىشىنى ئىلھاملاندۇرغانىدى. ھەمدە «سىز ئۆلۈپ كەتمەيسىز، ھەرگىز كۆز يۇممايسىز. سىز تېخى يەنە جۇڭگوغا كېلىسىز، چوقۇم كېلىسىز»

دېيىلگەنىدى . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خۇلۇ يې ھەر ھەپتىسى شاچاڭۋېينىڭ خېتىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ تۇردى . بۇ خەتلەر ئۇنىڭ ياشاشقا بولغان ئارزۇسىنى قايتا ئويغاتتى . ئۇ يېڭىۋاشتىن روھلاندى ، ئۆلۈم بىلەن كۈرەش قىلدى . ئوپېراتسىيە ۋە داۋالاش ئارقىسىدا ئۆلۈمدىن قۇتۇلدى ...

خۇلۇ يې ئاشۇ سولغان ئەتىرگۈللەر ئارىسىدا ئىزتىراپتا تۇرماقتا ئىدى . ئۇ شا چاڭۋېينى كۆرۈشكە شۇ قەدەر ئىنتىزار ئىدى . ئاشۇ سۆيۈملۈك جۇڭگو قىزىلا ، ئۇنىڭ قەلبىدىكى مەڭگۈ سولماس ئەتىرگۈل ئىدى . ئۇ بۇتخانىدىن چىقىشقا تەمشەلگەندە ، ئالدىدىن ئاق شايى كىيىم كىيگەن جەزبىلىك بىر ياش ئايال چىقىپ كەلدى . ئۇ قولىدا بىر قىزغۇچ ئەتىرگۈل ئالغان بولۇپ ، ئوتتاشتەك كەچكى شەپەقتە ، ئۇ شۇ قەدەر پاك ۋە نازاكەتلىك ئىدى .

خۇلۇ يې تورۇپلا قالدى . چۈنكى ئايال شاچاڭۋېيگە بەكلا ئوخشايتتى . ئەجىبا ئۇ ...

ياش ئايال خۇلۇ يېنىڭ ئالدىغا كېلىپ سۆس تەبەسسۇم بىلەن :

— كەچۈرۈڭ ، ئۆزىڭىز خۇلۇ يې ئەپەندى بولامسىز ؟ — دەپ سورىدى .

— شۇنداق ، ئۆزىڭىزچۇ ؟

— مەن شاچاڭۋېينىڭ ئاپىسى بولىمەن ، كاماندىروپكىدىن ھېلىلا قايتىپ كېلىشىم ئىدى .

— خۇلۇ يې شۇئان خۇشاللاندى :

— شۇنداقمۇ ، بەك ياخشى بولدى . چاڭۋېي قىز قېنى ، — دەپ سورىدى . ئايال تۇساتتىن ياش تۆكتى . ئۇ تەڭسىز ئازابقا چۆككەنىدى .

— چاڭۋېي قىز ئىرسىيەت خاراكتېرلىك يۈرەك كېسىلى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكىلى ئىككى يىل بولدى .

خۇلۇ يې تورۇپلا قالدى . ياش ئانا قولىدىكى ھېلىقى قىزغۇچ ئەتىرگۈلنى خۇلۇ يېگە ھۆرمەت بىلەن سۇنغاچ :

— بۇنى چاڭۋېي قىز ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر ھەپتىسى ئۆز قولى بىلەن ياسىغانىدى . ئۇ سىز بىلەن پۇتۇشۇپ قويغانىكەن ، ... — دېدى . ياش ئانا بوزۇلۇپ ، بىر توپ دەرەخكە يۆلەنگىنىچە يىغلاشقا باشلىدى . خۇلۇ يې تىترەڭگۈ ئاۋاز بىلەن :

— ئەمىسە ھېلىقى خەتلەرنى سىز يازغان ئىكەنسىزدە ؟— دېدى . ئايال بېشىنى لىڭشىتتى :

— شۇنداق ، بۇمۇ چاڭۋېي قىزنىڭ ئارمانى ئىدى .

تۈن پەردىسى ئاستا يېپىلماقتا ئىدى . قەدىمىي بۇتخانا ئاجايىپ تىنچ ئىدى . خۇلۇ يې مىدىر قىلماستىن قولىدىكى ئەتىرگۈلگە قارىغىنىچە ئۆز - ئۆزىگە :

— ئەتىرگۈل ، مەڭگۈ سولماس ئەتىرگۈل ...

— دېدى .

«مىكرو ھېكايىلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 92 - يىللىق 4 - سانىدىن ئېلىندى .

تەرجىمە قىلغۇچى : ئەسقەرجان ئەزىز

تەھرىرى : مەتقاسىم ئابدۇراخمان

# ماقال - تەمسىللەر

پولو قورۇغدا ئوخشار ، شورپا سورۇغدا (ئوخشار ) .

ئۆزەڭ تىنچ ، قوشناڭ تىنچ .

ئېشىمدا يوق پۇرچاق ، تەرتىمدە نېمە ئىش قىلسۇن .

مودۇكى بارنىڭ ، خودۇكى بار .

بالا - قازانىڭ ئانىسى يەتتە بىر توغقان .

ئۆيانغا باق ، بۇيانغا باق ، ئەتىسى قوپۇپ قوشناڭغا باق .

ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر

# ئىككى شېئىر

## ئانامغا ئىلتىجا

چىرايىڭنى قاپلاپتۇ قورۇق ،
ياشلىقىمنى بېرەيمۇ ئانا ؟
تاغدەك قەددىڭ ئوخشاپتۇ ياغا ،
ھاسا بولۇپ يۆرەيمۇ ساڭا ؟

ئۆڭۈپتۇ ئاق شايى ياغلىقىڭ ،
ئايدىن ياغلىق يىرتىپ كېلەيمۇ ؟
كۆڭلىكىڭنىڭ ئۆچۈپتۇ رەڭگى ،
تاڭ نۇرىدا يۇيۇپ بېرەيمۇ ؟

لەۋلىرىڭدە تەشنالىق ئىزى ،
كەلتۈرەيمۇ مەككىدىن زەمزەم .
غەملىرىڭنى قىلىشقا گۇمران ،
ياڭرىتايمۇ جۇشقۇن كۈي - ئەجەم .

يول يۈرمىكىڭ چۈشۈپتۇ تەسكە ،
ئۆچكەن چېغى كۆزۈڭنىڭ نۇرى .
مۇڭلانمىغىن ھاياتلا بولسام ،
مەن تۈنىڭنىڭ نۇرلۇق ئەختىرى .

زېرىكىشلىك ئۆيلارغا پاتساڭ ،
چىللاپ كېلەي تەڭتۇشلىرىڭنى .
كەچمىشلەرنى كۆرمەي ۋاراقلاپ ،
باشلا خۇشخۇي كۈلۈشلىرىڭنى .

ئىجازەت بەر ، پەرىشتەم ئانا ،
توققۇزىڭنى قىلاي مەن تېز تەل .
ئىككى ئالەم بولمىغىن رىزا ،
قىلمىسام گەر لەۋزىمگە ئەمەل .

## مۇڭلانما بوۋا

كەتتى ياشلىق — سۆيگەن قاياشىڭ ،
ئاپئاق قاردەك ئاقاردى بېشىڭ .
ئۆلمەس تارىخ سېنىڭ كەچمىشىڭ ،
مۇڭلانمىغىن مۆھتىرەم بوۋا .

ھايات دېگەن سىرلىق مۇئەممە ،
كۈندە شاۋقۇن سالمايدۇ دەريا .
قىش - يازى بار كۈلكىنىڭ شۇڭا ،
چۈشەن بۇنى قەدىردان بوۋا .

كۆزلىرىڭدە ھەسرەتلىك خىيال ،
ئېچىپ يۈرمە تەلىيىڭدىن پال .
دولقۇنلارغا سالما ئەمدى سال ،
تەقدىرىڭگە تەن بەرگىن بوۋا .

چاللىق يېتەر كىشىگە ھامان ،
يېپيېپ بولماس قۇياشقا چاپان .
ھېسلىرىڭنى قىلمىغىن تۇمان ،
ئازابلاردىن يىراق تۇر بوۋا .

سەن ئۆزەڭگە يۆلەيسەن سوراق ،
ئەنسىزلىكتە يۈرۈسەن ساياق .
ئەتراپىڭغا سىياقىڭغا باق ،
ئەمدى قۇمدەك چېچىلما بوۋا .

سەن خىسلەتلىك مەغرۇر تاغ ھامان ،
ھەممە تەل بىر كۆركەم باغ ھامان .
ئۈمىد ۋەسلى كۈلگەن چاغ ھامان ،
تەرسالىقنى تاشلىغىن بوۋا .

ئۆتتى ماڭا ئۆمرۈمنىڭ باھارى ،
مەندە بار چىن ياشاش خۇمارى .
ئېڭىمدا بار ئەجداد شوئارى ،
مېنى ئۇزات مەنزىلگە بوۋا .

ئۈمىد ئىشقىنىڭ ماڭا يادىكار ،
روھىمىڭ ھامان روھىمغا تۇمار .
ھاياتىڭنى قىلاي بەختىيار ،
ئىشەن ماڭا ئىشەنگىن بوۋا ...

ئابدۇراخمان ساۋۇت

# ئىككى شېئىر

1

سۇۋۇپ كەتتىمۇ كۆزلىرىڭگە سىغالمىدىم مەن ،
يىراقلارغا سۇرۇلدى ھەم يېنىڭدىن جايىم .
تاراپ كەتتى سۆيگۈلىرىڭ يىغالمىدىم مەن ،
ئاۋارە مەن ، بولدى ماڭا قىيامەت - قايىم .

ئۆمرۈم ئۆچۈن پاتاڭ سالدىم بۇ دېگەن سەۋدا ،
ئىچ ئاغرىتىپ خەيرىخاھتىن ئېچىپسەن يوچۇق .
دېيەلمىدىڭ سۆيىمەن دەپ ئەللەرگە ھەغدا ،
پۈتۈن ئەر مەن نىچۈن مېنىڭ نېسىۋەم پۇچۇق !

ئەسلى ساڭا كۆيمىگەنمەن ، كۆيدى دېدى خەق ،
ئۇ كۆيگەندە كۆيمەمدىمەن شۇ بولدى ئارمان .
بىر كۆرۈپلا كۆيدۈم مەنمۇ ، كۆيۈپسەن بەرھەق ،
خائىن كۆزۈڭ سىرلىرىڭنى پاش قىلدى شۇئان .

قىز دېگەنگە بۇنچە كۆيۈش چۈشەمدۇ ئاسان ،
نىچۈن مەنمۇ بېرەلمەيمەن ئاڭا ھارارەت ...
بۈگۈن بىلدىم مانا سۆيگۈڭ ئىكەنغۇ يالغان ،
چىن سۆيگۈ دەپ ئالدانغىنىم بولدى ھاقارەت .

توختىمايسەن تىرناقتىمۇ ، ئالقاندا ھەتتا ،
چىرايلىقتا كۆز قىرىم يوق سۆيگۈنۈم چەندان .
مۇشۇ سۆزچۈن ياشلىقىمنىڭ باھارى كەتتا ،
يات بېقىشلار يانچە قالدى كۆلمىدىم خەندان .

يىراقلاشتۇق ھالا بۈگۈن ئاشتى مۇساپە ،
بىلەلمىدىم كىمدە ئازراق ، كىمدە يوق سۈرئەت .
كېرەك ئەمەس بىلىشمۇ ھەم شۇدۇر ئىپادە ،
ئايرىلماقتا جۈپ گەۋدىلەر ، كېسىلدى سۈرەت .

بولدى جانان سۇۋۇپ كەتتىمۇ ئۆچۈلگەن ھاكتەك ،
ئېرىتسەممۇ يۈرىكىمنى ئاقارتالمايسەن .
بىر بولسامۇ سېنىڭ بىلەن ، يۈرەرمەن تاقتەك ،
ئېرىشسەممۇ جاراھەتنى ساقايتالمايسەن .

2

يېتەلمەيدۇ ، دېدى خەقلەر مىڭ قوغلاپ يۈرۈپ ،
ئۇ قىز دېگەن گۈزەل پەرى ، بۇ قالار پەستە .
قۇچاقلايدۇ ئارمانلارنى ھەم يىغلاپ يۈرۈپ ،
نادامەتتىن يۈرەكلىرى بولىدۇ خەستە .

چىدالمىدىم بۇ سۆزلەرگە چۆكمىدى بېشىم ،
(ئامەت دېگەن ھاياجانغا سالامدۇ شۇنداق) .
سۆكتى دۈشمەن ، تۆھمەت مېنىڭ بولدى سىردىشىم ،
شۇنداقتىمۇ تەقدىرىمگە پۈتمىدىم سۇنماق .

سۇندى تۆھمەت قورغانلارنىڭ ، تۆھمەتنىڭ بېلى ،
ئاسايىشلىق بولدى سۆيگۈم ئېچىلدى گۈلدەك .
ئامەت ! دېدىم مېنىڭ بولدى گۈلنىڭ سەرخىلى ،
بىلمەپتىمەن ئالدانسامىمۇ ، ئىكەنمەن گۇدەك .

ئۆزى سەرخىل ، ئويۇنلىرى ئاجايىپ ھەر خىل ،
ئۇ خوجايىن ، مەن چاكىرى بولدۇم پايپېتەك .
كۆزلىرىمدىن ئوت چاقنايتتى قالدى ئۇ پىل - پىل ،
تاپقىنىمنى سېنىڭ دېدىم ، تولمىدى ئېتەك .

تەھرىرى : مەتقاسىم ئابدۇراخمان

# ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر

بىر ئادەم تېۋىپ ئالدىغا بېرىپ ئېيتتىكى : — قورسىقىم ئاغرىيدۇ ، دورا بەرسىڭىز دېدى ، — تېۋىپ سورىدىكى : — بۈگۈن نېمە تائام يېگەنىدىڭ ؟ — ئاغرىق كىشى ئېيتتىكى : — كۆيۈپ كەتكەن نان يېگەنىدىم ، — دېدى . تېۋىپ ئاڭا كۆز دارىسىدىن بەردى . ئۇل كىشى ئېيتتى : — ئەي تېۋىپ ، قورساق ئاغرىقى بىلەن كۆز دارىسىنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى بار ؟ — تېۋىپ ئېيتتىكى : — ئەۋۋەل كۆزۈڭگە دارى قىلماق لازىمكى ، كۆزۈڭ ساق بولسا ئىدى ، كۆيگەن ناننى يېمەس ئىدىڭ . ناننىڭ كۆيگەنىنى يېسە ئادەم سىنى بولۇر . بىلگىنكى ، جەمئىي ئىشلارنىڭ بىناسى سەبىردۇر ، ھەقتەئەلانىڭ رىزاسى سەبىردۇر .

بىر كور كىشى ئاخشىمى قاراڭغۇدا چىراقنى قولىغا ، ئىدىشنى دولىسىغا ئېلىپ بازارغا باردى . بىر ئادەم ئۇنىڭدىن سورىدىكى : — ھەي ئەخمەق كور ، كېچە ـ كۈندۈز كۆزۈڭگە باراۋەر ئەمەسمۇ ، چىراقتىن ساڭا نېمە پايدا بار ؟ — كور كىشى كۈلۈپ ئېيتتىكى : — بۇ چىراق مەن ئۈچۈن ئەمەس سەن ئۈچۈندۇر ، ئېھتىيات قىلغىنكى ، ئىدىشىمنى سۇندۇرمىغايسەن .

بىر ئىت سۆڭەك تېپىۋېلىپ چىشلەپ كېتىۋېتىپ ، سۇغا قارىدى . سۇدا ئۆزىنىڭ شولىسىنى كۆرۈپ ، ئاغزىدىكىنى تاشلاپ ، كۆرۈنگەننى يېمەكچى بولۇپ سۇغا سەكرىدى . نەتىجىدە سۇدا كۆپ ئازاب چەكتى . تەستە قىرغاققا چىقسا ، ئەسلى سۆڭەكنى يەنە بىر ئىت ئېلىپ كېتىپتۇ .

بىر چۈمۈلە مېڭىپ ـ مېڭىپ ھارغىنلىقتا سۇغا چۈشۈپ كەتتى . سۇدىن قىرغاققا چىقىۋېلىشنى ئارزۇ قىلىپ ، شۇنچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ باققان بولسىمۇ ، سۇ ئۈستىدىن قىرغاققا يامىشىپ چىقىۋېلىشقا ئامال تاپالماي نائىلاج بولدى . دەل بۇ جايدىن ئۇچۇپ ئۆتۈۋاتقان بىر كەپتەر ، چۈمۈلىنىڭ سۇ ئىچىدە تەڭلىك تارتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، بىر تال قۇرۇق ئوت ـ چۆپنى چۈمۈلە قېشىغا تاشلاپ بېرىپ ، بۇ جايدىكى دەرەخ شېخىغا قونۇپ ئارام ئالدى . چۈمۈلە كەپتەرنىڭ ياردىمىدە ئوت ـ خەسكە يامىشىپ قىرغاققا چىقىۋالدى . بىراق ، بۇ جايدا قۇش ئوۋلاۋاتقان بىر كىشى دەرەخ ئۈستىدىكى كەپتەرنى نىشانلاپ ئاتماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن چۈمۈلە ، كەپتەرنىڭ ئەسلا سەزمەي بىخارامان ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ، دەرھال ئورنىدىن قوزغىلىپ قەدىمىنى تېزلىتىپ ماڭغانچە بېرىپ ئوۋچىنىڭ پاچىقىغا يامىشىپ چاقتىدە ، ئوۋچىنىڭ دىققىتىنى بۇزۇۋەتتى . نەتىجىدە ، كەپتەر ئامال قىلىپ ئۇچۇپ كەتتى . دېمەك «كىشىنىڭ ياخشىلىقى ، كىشىدە قالماس» دېگەن ئەنە شۇ .

## كىلاسسىك ئەدەبىياتتىن

بىئەزىزدۇر ھەر كىشى كۆپ سۆزلىسە ،
مەئنىسى يوق سۆزنى ھەركىم كۆپ دېسە .
قايسى ئەلدە گەپ تولادۇر ، بەركە ئاز ،
قايسى ئەلدە ئىش تولادۇر ، بەركە ساز .

فىتنە قىلماق ، خۇنى ناھەقتىن يامان ،
فىتنىچى قالماس جەھەننەمدىن ئامان .
خۇنى ناھەق فىتنىدىن پەيدا بولۇر ،
فىتنىدىن ئالەمدە كۆپ غەۋغا بولۇر .

خۇداۋەندا بۇ ئالەمنى نەدەپ ئەۋۋەل بىنا قىلدىڭ ،
ئۆلۈمنى نە سەۋەپتىن ئادەمگە ئاشنا قىلدىڭ .
ئۆلۈم تىغى بىرلە بارچەنىڭ كۆكسىن يارا قىلدىڭ ،
بۇ دۇنيا مېھرىنى ئادەمنىڭ كۆڭلى ئىچرە خار قىلدىڭ .
تىۋىپلار تاپمادى ئۇشبۇ ئۆلۈم دەردىگە دەرمانلار ،
دەرىخا ، كەتتى دۇنيادىن جەمئىي بەگ - سۇلتانلار .
قارا يەر ئاستىغا كىردى ھەممە خاقان - خاقانلار ،
نە مەردانلار ئۆتۈپ كەتتى بۇ دۇنيادىن خالايىقلار .
نە مىڭ يىلدا بىنا بولدى بۇ دۇنيا ئەي ئاقىللار ،
غەنىمەتدۇر بۇرادەرلەر بىزگە ئۇشبۇ دەۋرانلار .
ئەجەل بادى ، باھارى ئۆمۈرنى ئاخىر خازان قىلۇر ،
كۆڭۈلنىڭ ھالىنى ئۇشبۇ ئۆلۈم دەردى پىغان قىلۇر .
جەمئىي خەلقى ئالەمنىڭ يۈرەك باغرىنى قان قىلۇر ،
نە ئادەم دوستلارنى بۇ ئۆلۈم بى خانىمان قىلۇر ،
ھاياتنى بەك قەدىرلەيلى ئەي يار - يارانلار .

توپلىغۇچى : نىزامىدىن توختى
تەھرىر : مەتقاسىم ئابدۇراخمان

## ماقال - تەمسىللەر

ئېسىلنىڭ خاتاسى يوق ، بەتېپىئىلنىڭ ۋاپاسى (يوق) .
دەريادا بېلىق ئۇسسۇز .
خوتۇننى ئۇيىتوغراقتىن ئال ، ئېشەكنى سوقتىياقتىن .
شاھ چاقىرسا ئالدىغا بار ، بولمىسا ئۆزەڭنى دالدىغا ئال .
جىگدىنىڭ ئالاسى ، سۇنىڭ بالاسى .
ئارمانسىز ئادەم بولماس ، قاناتسىز قۇش .
زەھەرلىك يىلاننىڭ چوڭ - كىچىكى بولماس ، دۈشمەننىڭ يوۋاش - يامىنى .
كەلگىچە مېھمان ئۆيۈلدۇ ، كەلگەندىن كېيىن ساھىپخان .

# ھېكىم لوقماننىڭ پەرزەنتلىرىگە قىلغان نەسىھەتلىرى

قانداقلا نەسىھەت قىلماقچى بولساڭ، ئەۋۋەل ئۆزەڭ ئەمەل قىلغايسەن.

سۆزنى ئۆز قابىلىيىتىڭگە بېقىپ سۆزلىگەيسەن.

ئەخمەق، نادان ئادەملەردىن يىراق بولغىنىڭ، ئاقىل، زېرەك ئادەملەرنى دوست تۇتقايسەن.

ھەر قانداق ئىشنى ئاقىل ۋە مەسلىھەتلىك كىشىلەرنىڭ مەسلىھەتى بىلەن قىلغايسەن.

ياشلىق ۋاقتىڭنى غەنىمەت بىلگىنىڭ، ياشلىق چېغىڭدا دۇنيالىق ۋە ئاخىرەتلىك ئىشىڭنى راسلىۋالغايسەن.

ھەر قانداق سۆزنى دەلىل - ئىسپاتى بىلەن قىلغىن.

دوست يارانلىرىڭنى ئېزىز، مۆھتەرەم بىلگەيسەن.

خىراجەتنى كىرىم - چىقىمىنىڭ ئاز - كۆپلىكىگە قاراپ قىلغىنىڭ، ھەر قانداق ئىشتا ئوتتۇراھال بولغايسەن. ئەمما مەرتلىك ۋە سېخىلىقنى ئۆزەڭگە ھۈنەر قىلغىن.

ئۆيۈڭگە مېھمان كەلسە ياخشى كۈتۈۋال، ئەمما ھەر قانداق ئۆيگە بارساڭ، تىل ۋە كۆزۈڭنى ساقلاپ يەرگە قاراپ شۈك ئولتۇرۇش ئەۋزەلدۇر.

بالا - چاقا تاۋابىئاتلىرىڭغا ئىلىم - ئەدەب، ئىنساب - دىيانەت ۋە ياخشى ئەخلاق ئۆگىتىشكە تولىمۇ ئارتۇق سەي - سەۋەب قىلغايسەن. مۇمكىن بولسا تاۋابىئاتلىرىڭغا ئوق ئېتىش، ئات يۈگۈرتۈش قاتارلىق ماھارەتنى، مەشىق، مۇداپىئە - ھۇشيارلىق ھەرىكەتلەرنى ئۆگەتكەيسەن.

ھەر كىمگە سۆز ۋە مۇئامىلە قىلساڭ، شۇ كىشىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ قىلغايسەن.

ئاز تاماق يېيىش، ئاز سۆزلەش، ئازراق ئۇخلاشنى ئادەت قىلغايسەن.

كىشىنىڭ خەيرى ئېھسانىغا كۆڭۈل باغلاپ قالمىغىن، نائەھلى ئادەملەردىن ۋاپا، ئۈمىد كۈتمە.

ئۆزەڭ قىلمىغان ئىشنى «مەن قىلدىم» دېمە.

بۈگۈن قىلىدىغان ئىشنى ئەتىگە قويما.

ئۆزەڭدىن چوڭلارغا ئويۇن - چاقچاق قىلما.

ئۇلۇغ كىشىلەر (چوڭ ياشلىق مۆتىۋەر كىشىلەر) گە كۆپ سۆزلىمىگەيسەن.

كۆپچىلىككە ئۇستاتلىق قىلما.

ھاجەتمەنلەرنى نائۈمىد ياندۇرما.

ئۆتۈپ كەتكەن ئۇرۇش - تالاشنى بانا قىلىپ، ئاداۋەت قىلىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلما.

ئۆزەڭنىڭ پۇل - مالىنى دوست ياكى دۈشمەن بولسۇن كۆرسەتمىگەيسەن. ئەمما، دۇنيانى دەپ ئۇرۇق - تۇغقان، يار - بۇرادەرلىرىڭدىن ۋاز كېچىدىغان ئىشنى ئەسلا قىلما.

ئەستە ساقلىغىنىڭ، خالايىق ئالدىدا چىشىڭنى كوچىلىما، قاتتىق ئاۋاز بىلەن تۈكۈرۈپ مىشقىرما، چۈشكۈرۈك، ئەسنەك كەلگەندە ئېغىز - بۇرنۇڭنى قولۇڭ، ئالقان بىلەن ئوراپ - توسۇپ تۇرۇپ، ئاندىن چۈشكۈرگىن.

خالايىق ئالدىدا بۇرۇن كوچىلاش، ئەسنەش، كىرىلىش قاتارلىقلار ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ئىشى ئەمەس.

ھەر قانداق كىشىنى كۆپچىلىك ئالدىدا خىجىل قىلما. بولۇپمۇ قاش - كۆزۈڭ بىلەن ناز - ئىشارەت قىلىپ، بىرونى ئەيىبلىمە.

كىشىلەر ئالدىدا ئۆزەڭنى ۋە خوتۇنۇڭنى ماختىما.

كىشىنىڭ يامان سۆزىنى قىلغان يەردە قۇلاق سېلىپ، ياردەملەشمىگەيسەن.

بىر كىشىنىڭ تەجرىبىسىدىن ئۆتكۈزگەن نەرسىنى، ئىسپاتسىز - سالاھىيەتسىز گۇمان قىلما.

ئۆز نېنىڭنى كىشىنىڭ داستىخانىدا يېمىگەيسەن.

سۆزلەۋاتقان كىشىنىڭ سۆزىنى ئارىلاپ بۆلمىگىن.

مېھمان بار چاغدا بىرەرسىگە ئاچچىقلانمىغىن.

مۇمكىن قەدەر ئات - ئۇلاغلارغا يالىڭاچ مىنمىگىن.

مېھماننى ئىشقا بۇيرۇمىغىن.

ساراڭ، مەس كىشىلەرگە سۆز قىلمىغىن.

ئىشى يوق بىكار تەلەت ئادەملەر بىلەن كوچا ۋە دۇقمۇشلاردا بىللە ئولتۇرمىغايسەن.

ئۇرۇش جېدەل، فىتنە - پاسات بار جايدىن يىراق قاچقايسەن.

پۇلسىز، پىچاقسىز يۈرمىگەيسەن.

ئۆزەڭنى خارلىقتا سالمىغان ھالدا، باشقىلارنىڭ خاتىرەسىنى رىئايە ۋە جەمئىي قىلغايسەن.

ئاللاتائالاغا راس، ئىخلاس بىلەن، ئۆز نەپسىڭگە قەھرى - غەزەب قىلماق بىلەن، چوڭلارنىڭ خىزمىتىنى قىلماق بىلەن، كىچىكلەرگە مېھرى - شەپقەت قىلماق بىلەن، كەمبەغەللەرگە خەيرى - ساخاۋەت قىلماق بىلەن، دوست - يارانلارغا ۋە تاۋابىئاتلىرىڭغا ۋەز - نەسىھەت قىلماق بىلەن، دۈشمەنلىرىڭگە قەتئىي ھوشيار ۋە يۇمشاق بولۇپ مادارا قىلماق بىلەن، جاھىل - نادانلارغا خامۇشلۇق (ئېغىر - بېسىقلىق) بىلەن، ئۆلىما - ئالىملارغا ئەدەب، ھۆرمەت قىلماق بىلەن ئۆمرۈڭنى ئۆتكۈزگەيسەن.

ھېكىم لوقمان ئەلەيھىسسالام ئېيتىپدۇركى، ئۈچ كەلىمە سۆزنى تاللاپ يازدىم، ئىككىسىنى يادىڭدا دائىم تۇتقىن، بىرىنى ئۇنتۇپ قالغايسەن. يەنى: ئاللاتائالانى، ئۆلۈمنى يادىڭدىن چىقارما. ئەمما، قىلغان ياخشى ئەمەللىرىڭنى ئۇنتۇپ قالغايسەن.

خامۇشلۇق (ئېغىر - بېسىقلىق) تا يەتتە خاسىيەت باردۇركى، خامۇشلۇق — جابدۇقسىز زىننەتدۇر. خامۇشلۇق — ھۆكۈمەت سەلتەنەتسىز زىننەتدۇر. خامۇشلۇق — مېھنەت — مۇشەققەتسىز ئىبادەتتۇر. خامۇشلۇق — تامسىز سېپىلدۇر. خامۇشلۇق — ئۆزرەسىز پاراغەتتۇر. خامۇشلۇق — پەرىشتىگە نام - ئەمەل يېزىشتىن ئارام ئالدۇرماقتۇر. خامۇشلۇق — ئول كىشىنىڭ ئەيىب قوسۇرلىرىنى ياپقۇچىدۇر.

بىر كىشى لوقمان ھېكىمدىن سورىدىكى: — بالاغەتنىڭ مەنىسى نېمە؟ — جاۋاب بەردىكى: — بالاغەتنىڭ بىر مەنىسى، كىشىدىن ئابى مەنى كەلسە بالاغەتكە يەتكەن بولىدۇ؛ يەنە بىر مەنىسى، ھەر كىشى مەنمەنلىكنى تاشلاپ، ئۆزىنى كەمتەر تۇتۇپ، كىبىر-تەكەببۇرلۇقنى تاشلىسا، بالاغەتكە يەتكەن بولۇر.

ۋاقتىكى بىر كىشى بىلەن ئەھدى قىلىشقان بولساڭ مۇمكىنقەدەر ئاڭا ۋاپا قىلىشقا تىرىشقىنكى، تاكى دوست - دۈشمەنلەرنىڭ ئالدىدا ئىناۋەتلىك بولۇرسەن.

توپلىغۇچى: نىزامىدىن توختى

تەھرىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

# خەلق قوشاقلىرى

يارىم كەپتۇ قېشىمغا ،
بەخت قوندى بېشىمغا .
يامان كۆزلەر تەگمىسۇن
تومۇچۇقتەك يارىمغا .

قىزىل گۈل بولساڭ بول ،
سېرىق سەبدە بولساڭ بول .
يادىمدىن چىقىپ قېپسەن ،
كىمنىڭ يارى بولساڭ بول .

كۆك قومۇشقا ئوت يېقىپ ،
ئوتۇڭ كۆيمىدى دەمسەن ؟
ئايدا - يىلدا بىر كېلىپ ،
كۆڭلۈم قانمىدى دەمسەن ؟

ئىشىك ئالدى ئەتىرگۈل ،
ئەتىر گۈلنى پۇراملا ؟
كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ ،
گۆھەرنى تاشقا ئۇراملا ؟

دۆڭ مەلىدە ئۆيىڭىز ،
بارسام قاۋايدۇ ئىشتىڭىز .
ۋەدە قىلغان ئىدىڭىز ،
يالغانچىكەن ئۆزىڭىز .

دۇتارغا سۇزۇك تارى ،
راۋاپقا ئۇزۇك تارى .
سەن يارنى سېغىنغاندا ،
قىچقىرايمۇ ئاشكارى .

ئۆستەڭ بېشىدا جىق تال ،
شامال چىقسا ئەگىدۇ .
قىزىپ كەتكەن يۈرەكنى ،
قانداق قىلسا سەگىيدۇ ؟

ئىچىم بەك پۇشۇپ كەتتى ،
چالغىلى راۋاب يوقمۇ ؟
ساڭا شۇنچە خەت يازدىم ،
يازغىلى جاۋاپ يوقمۇ ؟

ياردەردىدە ئاۋارى ،
بولدى يۈرىكىم پارى .
ئۆزەڭ ئېيتقىنا يارىم ،
بۇ دەرتكە نېمە دارى .

ئىچمەڭلەر هاراق ئاچچىق ،
ئىچكەندىن كېيىن تاتلىق .
ئاغزىدا ناۋات بارمۇ ،
سۆيمەككە جۇۋان تاتلىق .

ئەجەپمۇ يارىشىپتۇ ،
ئەتلەس كۆينەك ئۇچاڭغا .
قاچانغىچە قارايمەن ،
دىۋانىدەك كوچاڭغا .

ئۇچچى پال - پال تىرىكىلىڭ ،
تۇۋى تال - تال تىرىكىلىڭ .
رەھمى قىلساڭ ئوتنى ئال ،
كۆيۈپ كەتتى يۈرىكىم .

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

ئالمىلار پىشىپ قاپتۇ ،
شاتۇتلارمۇ پىشقاندۇ ؟
چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ ،
يار مېنى سېغىنغاندۇ ؟

يارىمنىڭ قولىدىكى ،
گۈلە ئەمەسكەن ، قاق ئىكەن .
لەۋلىرى ئەجەب سۇزۇك ،
بېلەكلىرى ئاق ئىكەن .

سۇغا چىقتىم كۆلۈڭگە ،
بالداق سېلىپ مۈرەمگە .
دىيارىڭنى كۆرەي دەپ ،
نەچچە باردىم مەلەڭگە .

غورۇلايمۇ قۇشقاچكەن ،
تومۇچۇقمۇ قۇشقاچكەن .
سۆيۈپ قويۇڭ قارا كۆز ،
بويىمىزمۇ ئوخشاشكەن .

جان نەپەستىن چىقمىدى ،
قۇشقاچ قەپەزدىن چىقمىدى .
شۇ يارىمنىڭ سۆيگۈنى ،
زادى ئەستىن چىقمىدى .

ئېرىقنى ئويۇپ قويدۇم ،
ئەمدى سۇ تولۇپ ئاقسۇن .
يارغا يار كېرەك بولسا ،
ئۆمۇ بىر كېلىپ باقسۇن .

يىراق يولدىن قورقمايمەن ،
شامال يەتمەس ئېتىم بار .
لىۋەن يارغا ئۈچ بۇرجەك ،
قاتلاپ قويغان خېتىم بار .

توقاچ ياقتىم تونۇرغا ،
ئۆرلەپ چىقتى هۇپپىدەك .
ئامرىقىمنى چاي بىلەن ،
يۇتۇۋەتسەم گۇپپىدەك .

خىيال سۈرۈپ ئولتۇرسام ،
ئالما چۈشتى قېشىمغا .
يارىم ئەجەب ئىمز قاقتى ،
كۈن چۈشكەندە بېشىمغا .

لاي بۇلاقتا بارغاندا ،
ئوتنى ياقتىم قومۇشقا .
تۇتۇپ بەردى خۇدايىم ،
كۆلمەيدىغان گومۇشقا .

تاغ باغرىدا كۆرۈنگەن ،
ئارپا ئەمەس تېرىقكەن .
مېنىڭ يارىم سۆيۈشكە ،
ئەجەبمۇ بەك قېرىقكەن .

ئاق ئۆستەڭگە ئات سېلىپ ،
ئۆتەلمىدىم ئۇقاتتا .
مەيلى بولسا ئۆتمەمدۇ ،
مېنىڭ يارىم بۇقاتتا .

بەلباغ باغلىغان نوچى ،
بەلباغ سۆرۈلۈپ قاپتۇ .
ئۆزىنى داڭ قىلىپ پوچى ،
ياردىن ئايرىلىپ كەپتۇ .

ئېرىق چاپساڭ چوڭقۇر چاپ ،
سۇ كەلگەندە بويلايمىز .
بىز ئىككىمىز يار بولساق ،
باغدا خۇشال ئوينايمىز .

يارىم چالدۇ راۋاب ،
تارىسىنى ساز قىلىپ .
بىر سۆيۈپ قويۇڭ دېسەم ،
ئۇنىمايدۇ ناز قىلىپ .

قوغۇن - تاۋۇز تېرىدىم ،
قاتار - قاتار چۆنىكى .
ئەجەبمۇ يامان ئىكەن ،
قارا كۆزنىڭ كۆيىكى .

پەرداز قىلىپ چىقىپسەن ،
چوڭ بازارغا ماڭدىڭمۇ ؟
ماڭا قاراپ قويمايسەن .
ئەقىدەڭدىن ياندىڭمۇ ؟

تالدى بىلىكىم تالدى ،
خېنىمنىڭ چاقىنى چۆرۈپ .
كۆڭلۈمنى ئۇتتۇۋالدى ،
بىشىمدىن تۇما ئۆرۈپ .

قاپاق تېرەك ئالدىدا ،
سۆيۈۋالدىم دالدىدا .
دوزاخ ئوتى ئوتمىكەن ،
سېنىڭ ئوتۇڭ ئالدىدا .

ئاتلىرىڭنىڭ ئىچىدە ،
مىنگۇدەك ئېتىڭ بارمۇ ؟
يېنىپ تۇرۇپ قارايسەن ،
دەيدىغان گېپىڭ بارمۇ ؟

گۈلنى ئالغىن قولۇڭغا ،
پۇراپ باققىن بۇرنۇڭغا .
باغرىمنى يېقىپ ياتاي ،
كېلىدىغان يولۇڭغا .

ئاسماندىكى يۇلتۇزنى ،
سانىغىلى بولمايدۇ .
يېڭى يارنىڭ ئوتىغا ،
چىدىغىلى بولمايدۇ .

باھار شامىلى تاغدا ،
يەلپۈنتى چېچەكلەرنى .
قۇشلار سايرىشىپ ھەر يان ،
ئويناتتى يۈرەكلەرنى .

قاغا قوندى قامغاققا ،
قۇشقاچ قوندى يانتاققا .
مەن يارىمنى بىر سۆيسەم ،
شېكەر تامدى تامغاققا .


ئىشىكىڭدىن قوم ئالدىم ،
تار كوچاڭدىن نەم توپا .
ئاشنا تۇتساڭ سىناپ تۇت ،
سىناقسىز يار بىۋاپا .


ئاقچى قوغۇن يېگەنمۇ ؟
كۆكچى قوغۇن يېگەنمۇ ؟
يۈرەككە ئوت سېلىپ قويۇپ ،
دەرتتە ئۆلسۇن دېگەنمۇ ؟

مىلتىق ئالدىم قولۇمغا ،
قارا قۇشقاچ ئاتقىلى .
مەن شۇنداق تۇغۇلغانمۇ ،
سېنىڭ دەردىڭنى تارتقىلى .

مەن قىينالسام دەردىڭدە ،
سەن ئۆزەڭچە كۈلەمسەن ؟
ئىشقىڭ بىلەن جان بەرسەم ،
پاك قەلبىمنى بىلەمسەن .

ئېيتىپ بەرگۈچى : ئۆمەرئاخۇن
رەتلىگۈچى : چىنارخان
تەھرىرى : مەتسېلىم مەتقاسىم





ئۆمۈر مەنزىلىدە ... ساۋ جيەنبىن سىزغان



# 新玉文艺 يېڭى قاشتېشى

# NEW JADE LITER ATURE

一九九九年 (双 月 刊)
编辑:《新玉文艺》编辑部
出版:和田行署文化处
和田日报社印刷厂印
发行:和田地区邮电局
订阅:全国各地邮电局
印张:787×1092,1/16,6.125张
国内外统一刊号:
ISSN 1002—929 X CN 65 — 1088/1
代号:58 — 26

1999 - يىل (قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال)
تۈزگۈچى: «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
نەشر قىلغۇچى: خوتەن مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسى
«خوتەن گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
خوتەن ۋىلايەتلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى تارقىتىدۇ
مەملىكەت بويىچە ھەرقايسى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
فورماتى 1092 × 787 م م، 16 / 1، 6.125 تاۋاق
مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى:
ISSN 1002 — 929 X CN 65 — 1088 / 1
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 26 — 58

定价:2.00元,电话:2023792 باھاسى: 2.00 يۈەن، تېلېفون نومۇرى: